


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سىكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرى 1



# تولۇن ئاي

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابلىكىم ھەسەن
قەلبىنۇر قادىر ئارسلان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىن تاللانما (1)

# تولۇن ئاي

ئاپتورى: مەمتىمىن ھوشۇر

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar @126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11.75
2009 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
2015 - يىلى 4 - ئاي 3 - بېسىلىشى
ISBN978 - 7 - 5371 - 8026 - 9
باھاسى: 30.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

## مۇندەرىجە

### ھېكايىلەر

سىناش ........ 1
نەي ئاۋازى ........ 7
ھاراق توغرىسىدا ھېكايە ........ 21
بوغا ........ 48
ئۈرۈق - تۇغقانلار ........ 54
ناخشا ........ 58
قاش بويىدىكى ۋەقە ........ 79
قارا قورساق سەركە ........ 116
باھار ........ 138
قارانچۇق ........ 141
ياخشى چۈش كۆرۈڭ ........ 155
تولۇن ئاي ........ 166
ئايخان ........ 171
كۆز يامغۇرى ........ 195

## ئوچېرك

ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس .......................... 241

## ئەسلىمە

ئاخىرقى سۆھبەت .................................... 289

## پوۋېست

نوزۇگۇم .................................... 300



# سىناش

ئېسىڭدىمۇ ؟ بۇ ئۆتكەن باھار بولغان گەپ ئىدى . بىز قىزغاقلىرى ياپېپشىل ئوتلار بىلەن قاپلانغان ئۆستەڭ بويىدا تۇرۇپ پاراڭلاشتۇق . يېنىمىزدا يىراقلارغا قاراپ كەتكەن چوڭ يول سوزۇلۇپ ياتاتتى . شۇ يەردە مەن تارتىنىش بىلەن ساڭا ئۆز مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلدىم .

— نىمە ؟ ياق ، مەن سېنى سىنايمەن . ئوغۇللارنىڭ كېپىنەككە ئوخشاش گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ يۈرىدىغىنىنى كىم بىلمەيدۇ دەيسەن ؟ — دېدىڭ سەن .

ساڭا قەلبىمنى نىمدەپ چۈشەندۈرۈشۈم مۇمكىن ! ۋاقىت زىچ ئىدى . بىزنىڭ تراكتورلىرىمىز قوشنا يېزىلارنىڭ يەرلىرىنى ئاغدۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى .

— گۈلى ، سەن مېنى قانداق سىنايسەن ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— مەن سېنى مۇشۇ باھاردىن كېلەر يىل باھارغىچە سىنايمەن ، بۇ ئارىلىقتا بىز تۆت قېتىم كۆرۈشەيلى . كۆرۈشۈش ۋاقتى ۋە پەللىنى سەن بەلگىلە ، — دېدىڭ سەن .

— مەيلى ، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن . سەن مېنى سىناپ كۆر ، — دېدىم ـ دە ، ئالدىراپ چوڭ يولغا چىقتىم . ماتورنى ئوت ئالدۇرۇپ ، يېنىپ قارىغىنىمدا ، سەن ياغلىقىڭنى «خەير !» دېگەن مەنىدە سىلكىۋاتاتتىڭ . مېنىڭ تراكتورۇممۇ

«خوش ! خوش» دېگەندەك قىلىپ، تا ـ تاتلىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

× ×

باھار.

يەنە شۇ باھاردا، مەن قوشنا يېزىلارغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ قايتقان كۈنۈم سېنى يېزىمىز چېتىدىكى تاغ باغرىغا چاقىردىم. مەن بۇ ئېگىزلىكتىن تۇرۇپ سۆيۈملۈك يېزىمىزغا قاراشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. غۇر ـ غۇر باھار شامىلىغا يۈزلىنىپ يىراقلارغا كۆز تىككىنىڭدە، كۆكرەك قەپەسىنىڭ كېڭىيىپ، چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن. رەت ـ رەت سالا ئېتىزلاردا دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان بۇغدايلارغا، ئەزالارنىڭ باغلار ئارىسىدىن ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان يېڭى ئۆيلىرىگە، كۈمۈش يىپتەك سوزۇلۇپ، يىراقلارغا ئېقىپ كېتىپ بارغان سۇلارغا قاراپ كىشىنىڭ ئىختىيارسىز ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى كېلىدۇ...

ئۇ كۈنى سەن كەلمىدىڭ. كەلگىنىڭدە بىز يېڭى يېزىمىزنىڭ باھار مەنزىرىسىنى بىللە تاماشا قىلاتتۇق. مەن ساڭا غەلىبە قۇچۇپ يانغان ئەمگەك كۈنلىرىمنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن بولاتتىم. كېيىن، مەن سەندىن:

— گۈلى، كەلمىدىڭغۇ؟ — دەپ سورىغىنىمدا، سەن:

— قويغىنا، شۇنچە يىراق يەرگىمۇ چاقىرامسەن؟ — دېدىڭ.



× ×

ياز.

ئىككىنچى قېتىم مەن سېنى تازا ئورما كۈنلىرىدە ئېتىزغا چاقىردىم. گۈڭشي يازلىق يىغىمنى تېز تاماملاشقا چاقىرغان بولۇپ، ئېتىزلار قاينام تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. بۇ يىلقى ئوخشىغان ئاشلىقنى ۋە ئەزالارنىڭ بۇ شاد ـ خۇرام، جۇشقۇن كەيپىياتىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى قولىغا ئورغاق ئېلىپ، ئىختىيارسىز توپقا قوشۇلۇپ كېتەتتى... لېكىن، سەن كەلمىدىڭ. سېنىڭ كېلىپ، «قېنى، كىم ئۇزۇپ چىقىدۇ!» دەپ بەسلىشىپ، ناخشا بىلەن سول يېرىپ كېتىپ بارغان «تۆمۈر قىزلار» ئىچىدە بولۇشىڭنى ئارزۇ قىلغانىدىم. كەلگىنىڭدە بىز ئېتىز ناخشىلىرىنى بىللە ئېيتىشاتتۇق؛ كەلگىنىڭدە بىز ئەمگەك ماھارىتىمىزنى كۆرسىتىشەتتۇق؛ كەلگىنىڭدە بىز ئىشتىن يېنىپ، مۇزدەك بۇلاق سۇلىرىنى بىللە ئىچىشىپ، بۇ يىلقى مول ھوسۇل ھەققىدە پاراڭلىشىپ بىللە قايتىشاتتۇق.

— گۈلى، كەلمىدىڭغۇ؟ — دەپ سورىدىم كېيىن سەندىن.

— ۋاي، قويغىنا! شۇنچە پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا مېنى ئېتىزغا چاقىرغىنىڭ نېمىسى، يېزىمىزدا سالقىن باغلار تېپىلماسمىدى؟ — دەپ ئەيىبلەپ كەتتىڭ سەن.

× ×

كۈز.

بەرىكەتلىك كۈز پەسلى. يېزىمىز كۈزلۈك يىغىم ـ

تېرىم ئىشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ ، ئۇمۇمىي دەم ئېلىش قىلغان كۈنى ئىدى . بۇ كۈنلەردە تەبىئەت ئالتۇن رەڭ ئالغان بولۇپ ، كۆزلۈك تېرىش ـ ئاغدۇرۇشتىن كېيىن ئېتىزلار يەنە باشقىچە تۈس ئالغانىدى . لېكىن ، مەن سېنى ئېتىزغا ئەمەس ، مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن تولغان ئارامبەخش باغقا چاقىردىم .

ئېتىزلارنى ئارىلاپ ، ئەترەتنىڭ ئالمىلىق چوڭ بېغىغا يېتىپ بېرىپ ھەيران بولدۇم : قوللىرىغا سېۋەت تۇتۇشقان ياشلار باغقا كىرىپ كېتىۋاتاتتى .

— ھوي ، نېمە گەپ ، بۈگۈن دەم ئېلىش ئەمەسمۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئالدىمغا ئۇچرىغان «تۆمۈر قىزلار»دىن .

— ھاۋا رايى پونكىتىدىن جىددىي خەۋەر كېلىپتۇ ، قاتتىق بوران بار ئىكەن . شۇڭا ، ئەترەت ياشلارنى ئالمىلارنى تېز ئۈزۈۋېتىشكە چاقىردى ، — دېيىشتى ئۇلار .

راستتىنلا ھاۋانىڭ كەينى قارا بۇلۇت بولۇپ ، تۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى ، مەن شاخ ـ شېخىنى كۆتۈرۈشەلمەي تۇرغان بولۇق ئالمىلارغا قارىدىم ـ دە ، دەرھال چاپىنىمنى يېشىپ ، ئالما ئۈزگۈچىلەرگە قېتىلىپ كەتتىم… بىرئازدىن كېيىن بوراننىڭ شەپىسى يېتىپ كەلدى . بىز ئالما ئۈزۈش ئىشىغا بوراندىنمۇ تېز تېگىش قىلدۇق . بوران تازا كۈچىيىپ ئەۋجىگە ئالغاندا ئالمىلار ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ بولغانىدى . تەبىئەت بىلەن بولغان بۇ كۈرەشتە مول ھوسۇل ساقلاپ قېلىندى . شۇ كۈنى مەن سېنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىڭگە زەن سالغۇدەك بولمىدىم . ئېھتىمال ، كەلگەن بولساڭ قىزلار توپى ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئالما ئۈزگەنسەن . كېيىن ، مەن سېنى ئۇچرىتىپ :



— گۈلى … ، — دەپ سۆز ئېچىشىم بىلەنلا سەن گېپىمنى تارتىۋېلىپ ، سۆزلەپ كەتتىڭ :

— خاپا بولما ، ئۇ كۈنى يەنە چىقالمىدىم . بوراننى كۆرگەنسەن ؟ مەن جابدۇنۇپ ، ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا بوران توپا ـ تۇماننى ئۇچۇرتۇپ كەلدى ، — دېدىڭ سەن .

× ×

قىش .

ئاخىرقى قېتىم مەن سېنى قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق بىر كۈنى چاقىردىم . تەبىئەت ئاپئاق تون يېپىنغان بولۇپ ، سوغۇقنىڭ كۈچىدىن مۇزلار چارسىلداپ يېرىلاتتى . دەرەخلەر ئاپئاق قىرو گۈللىرىدىن ئېغىرلىشىپ ، شاخلىرىنى ئېگىشكەنىدى ، قىش ھاۋاسى دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىگىمۇ ئاجايىپ نەقىشلەرنى چېكىپ ئۈلگۈرگەنىدى . يېزا مەكتىپىنىڭ مەيدانىدا شوخ باللار بىر ـ بىرىگە قار ئېتىشىپ ئوينايتتى . مەڭزلىرى ئانارdەك قىزارغان قىزلار تۆۋەندىكى تۇمانلىشىپ تۇرغان بۇلاقلاردىن سۇ ئەكېلەتتى . ئۇلارنىڭ كۈلكىسى سوغۇق ھاۋادا جاراڭلاپ ، يىراق ـ يىراقلارغا كېتەتتى . «مانا ، تەبىئەتتە قىش ، كۆڭۈللەردە بولسا باھار !» دېدىم مەن ئىختىيارسىز .

سەن يەنە كېلەلمىدىڭ . كەلگىنىڭدە بىز قىش پەيزىنى بىللە سۈرۈپ دالىدا سەيلە قىلاتتۇق . ئاپئاق قار ئۈستىدە ئىزلىرىمىز قالغان بولاتتى . قىشنىڭ سوغۇقى مەڭزلىرىمىزنى چىمدىپ ئۆتەتتى . مەن قولۇمدىكى شىۋىق بىلەن قار ئۈستىگە «گۈلى ، سېنى سۆيىمەن !» دەپ يازاتتىم… ئەپسۇس ، سەن

كەلمىدىڭ . بەلكىم شۇ كۈنكى سوغۇقتا تالاغا چىقىشقىمۇ ئېرىنگەنسەن .

× ×

يەنە بىر يېڭى باھار يېتىپ كەلدى . دۆڭلۈكلەر باھار گۈللىرى بىلەن قاپلاندى . بۈگۈن مەن سېنىڭ قېشىڭغا بېرىشىم كېرەك . سەن ماڭا ئۆز سىنىقىڭنىڭ نەتىجىسىنى ئېيتماقچى…
لېكىن ، گۈلى ، سەن مېنى كۈتمە ، بىلسەڭ ، مەنمۇ سېنى سىنىدىم . مەن ھەر قېتىم سېنىڭ سەۋرىدەك بويۇڭ ، ئايدەك جامالىڭنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە ، بۇ گۈزەللىك ئوتلۇق تۇرمۇش قاينىمى ئىچىگە چۈشسە يەنە قانچىلىك ئېچىلار-ھە ؟ ! دەپ ئويلايتتىم . لېكىن ، مەن سېنى بىر قېتىممۇ ھەقىقىي تۇرمۇش يالقۇنى ئىچىدە كۆرمىدىم .
گۈلى ، مەن ھەر دائىم سېنىڭدىن :
— گۈلى ، سەن نېمىنىڭ گۈلى ؟ — دەپ سورىغىنىمدا ، سەن :
— مەن پەسىللەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئوخشاش ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈزەل تاغ گۈلى ، — دەپ جاۋاب بېرەتتىڭ .
ئەمدى بىلدىمكى ، سەن قارلىق چوققىلاردا مەڭگۈ ئېچىلىپ تۇرىدىغان مەغرۇر تاغ گۈلى ئەمەس ، دېرىزىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كۈننىڭ خىرە شولىسىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمىگەن ئۆينىڭ قاچا گۈلى ئىكەنسەن .

1961 - يىل ، غۇلجا



## نەي ئاۋازى

سىز : «قىز بالىمۇ نەي چالامدۇ ؟ » دەرسىز . نەي چېلىپ پادا بېقىۋاتقان قىزنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن .
گۈڭشې مېنى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن خەۋەر يېزىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى ئەترەتكە ئەۋەتكەنىدى . بۇ ئەترەت ئىلى دەرياسى بويىدىكى كۆركەم بىر يېزىغا جايلاشقان بولۇپ ، گۈڭشېمىزنىڭ ئىلغار ئەترەتلىرىدىن ئىدى . پېشقەدەم ئەترەت باشلىقى مەرۇپكام ئىككىمىز ئېتىزلارنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ ، دەريا يېنىدىن چىقىپ قالدۇق . شۇ چاغدا دەريا تەرەپتىن كەلگەن يېقىملىق نەي ئاۋازى دىققىتىمنى تارتتى .
— كىم چېلىۋاتىدۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن توختاپ .
— بىزنىڭ پادىچى قىزىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى مەرۇپكام .
— پادىچى قىز ؟ !
«پادىچى» دېگەندە مەن نان خالتىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ ، قولىدا پادا تايىقى تۇتقان ، پۇچاقلىرىنى ئېگىز تۈرۈۋېلىپ ، يالاڭ ئاياغ كېتىپ بارغان ئوغۇل بالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم . لېكىن ، ھازىر كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ ھەيران بولدۇم . تۆۋەندە ئىلى دەرياسى يېيىلىپ ئېقىۋاتاتتى ، سۇ بويىدىكى يېشىل ئوتلاقتا بىر توپ سېيىر ئوتلاپ يۈرەتتى . بىر قىز دەرياغا قاراپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ئاياغ يول ئۈستىدە تۇرۇپ

زوق بىلەن نەي چېلىۋاتاتتى .

مەرۇپكام بىلەن ئىككىمىز ئېتىز قىرىدىكى چۆپلۈك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتۇق .

— سىز بۇ قىزىمىز توغرىسىدا ئاڭلىمىغانمۇ ؟ — دەپ سورىدى مەرۇپكام تېگىرقاپ قالغىنىمغا قاراپ كۈلۈپ .

— ياق ، ئاڭلىماپتىكەنمەن ، نەي چېلىپ ، پادا باقىدىغان قىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ، — دەپ ئىقرار بولدۇم مەن .

— بۇ ئەرلەردەك جىگىرى بار قىز ، — دېدى ئۇ ، — ئۇ مۇشۇ يېزىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ، كېيىن سەككىزىنچى سىنىپقىچە ئوقۇپ ، يەنە يېزىغا قايتىپ كەلدى . مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ، ئۆزىگە ئىش بېرىشنى دېگەندە ، مەن ئۇنىڭغا : «قىزىم ، سەن يەنە ئوقۇمامسەن ؟ » دەپ سورىدىم . ئۇ : «مەرۇپ تاغا ، ھازىر ئوقۇشنىڭ مەززىسى قالمىدى ، بولدى ، مەن ئەمدى ئىشلەيمەن » دەپ چورتلا ئېيتتى (بۇ بەش - ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپ). ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن بالىلارنىڭ ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەنىدى . كېيىن ، ئۇ بىزگە ئەزالارنىڭ سۈت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەترەتكە بىرقانچە سېغىن كالا سېتىۋېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى . بىز قېتىلدۇق . شۇ يىلى نەسىللىك سىيىردىن ئۈچنى سېتىۋېلىپ ، ئۇلارنى سېغىش ئىشىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە تاپشۇردۇق ، لېكىن ئۇ كالىلارنى سېغىشنىلا ئەمەس ، ئۇلارغا يەم بېرىش ، پادىغا ئاچىقىشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى . شۇنىڭدىن بېرى مانا بەش يىل بولدى . كالىلار ھازىر چوڭ - كىچىك بولۇپ ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتتى . ھازىر بۇ كالىلارغا بىرقانچە كىشى قارايدۇ ، لېكىن ئۇلارنى پادىغا ئاچىقىش ئىشىنى ئۇ ھازىرغىچە ئۆزى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ .



— چوڭ بولۇپ قالغان قىزغا بۇ ئىش تازا قاملاشماس ، — دەپ سۆز قىستۇردۇم مەن .

— ئۇ بۇ يىل يىگىرمە ياشقا كىردى ، — دېدى مەرۇپكام بارماقلىرى بىلەن ھېسابلاپ، — مەن ئۇنىڭغا : «گۆھەر ، پادا بېقىشنى ئەمدى بولدى قىلساڭ بولارمىكىن ، سېنى ئالىدىغان يىگىت پادىچىكەن ، دەپ ياراتماي يۈرمىسۇن» دېسەم ، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ : «مەيلى ، پادىچى قىزغا لايىق چىقمىسا ماڭا چىقمىسۇن » دېدى . بۇ شەيتان قىزنىڭ سۆزىدە مەنە بار . بۇنداق پادىچى قىزنى ئەر ئالمايدىغان ئىش نەدە بولسۇن ، يېزىمىزدىكى ھەممە يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا .

دەريا تەرەپتىن ئۇرغان سالقىن شامال نەي ئاۋازىنى بىردە كۈچەيتىپ ، بىردە قاياقلارغىدۇر ئېلىپ قاچاتتى . مەرۇپكام قولىدىكى تاماكىسىنى بىرقانچە نۆۋەت قاتتىق - قاتتىق تارتتى-دە ، قۇلىقىنى دەريا تەرەپكە تۇتۇپ ، نەي ئاۋازىغا دىققەت قىلدى ۋە ماڭا :

— گۆھەر ھازىر كالىلارنى يىغىۋاتىدۇ ، — دېدى .

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىدىم ، راست دېگەندەك نەي ئاۋازىغا ئەگىشىپ ، ئەتراپقا تارقىلىپ كەتكەن كالىلار ئاستا - ئاستا قىزغا قاراپ كېلىشمەكتە ئىدى .

— قىزىق گەپ ، نەي چالسا كالىلار يىغىلامدۇ ؟ — دەپ سورىدىم تېخىمۇ ھەيران بولۇپ .

— ھە ، ئۇ كالىلىرىنى شۇنداق ئۆگەتكەن ، — دېدى مەرۇپكام خاتىرجەم ھالدا ، — بۇ پادىچىلىقنىڭ سىرى . بۇ قىزنىڭ دادىسىمۇ تەجرىبىلىك مالچى ئىدى . ئۇ مال باققان چاغلاردا بۇ بىر تال قىزىنى ئوغۇلچە ياساپ ، ئەگەشتۈرۈپ

يۇرەتتى. گۆھەر نەي چېلىشنى كىچىكىدە دادىسىدىن ئۆگەنگەن. ئۇ يازلىق يىغىم ئىشلىرى ئالدىراش بولغان بەزى چاغلاردا كالىلىرىنى دەريا بويىغا ھەيدەپ كېلىپ، نېيىنى بىر خىل ئاھاڭدا چالىدۇ، قارىسىڭىز ئۇنىڭ كالىلىرى ئۈزۈپ، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزى ئېتىز ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. كەچكە يېقىن، قىرغاقتا تۇرۇپ نېيىنى يەنە بىر خىل ئاھاڭغا چالىدۇ، قارىسىڭىز ئۇنىڭ پادا ئىتى كالىلارنى باشلاپ يەنە ئۈزۈپ بۇ تەرەپكە ئۆتىدۇ...

«كارامەت ئىشكەن!» دەپ ئويلىدىم مەن. شۇ چاغدا ئىتنىڭ «ھاۋ - ھاۋ» قىلغان ئاۋازى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى، مەرۇپكاممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئالدىمىزدىن يوغان ئاق ئىت بىزگە قاراپ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ئارقىدىن بىر قىزنىڭ: «‹ئاقۋاي› قايت!» دەپ ۋارقىرىغان ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، ئىت قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ دەرھال ئارقىغا چېكىندى. مەن دەريا تەرەپتىن ھۇرۇنلۇق بىلەن قەدەم ئېلىپ چىقىۋاتقان كالىلارنى كۆردۈم. تويۇپ قورساقلىرى دومبايغان، سېمىزلىكتىن تۈكلىرى پارقىراپ كەتكەن بۇ چوڭ سىيىرلارنىڭ كەينىدىن ئۇستىگە ئاق كوپتا، قارا يوپكا، پۇتىغا يېنىك باشماق كىيىپ، چاچلىرىنى بېشىغا تۈرمەللەپ، نېپىز ياغلىق بىلەن مەھكەم چىگىۋالغان بىر قىز كېلىۋاتاتتى. قىزنىڭ كىيىملىرى ئاددىي ۋە پاكىز بولۇپ، بۇ ئاددىيلىق ۋە پاكىزلىق ئۇنىڭ تولغان چىرايىنى تېخىمۇ ئېچىپ تۇراتتى، قىز بىزگە يېقىنلاشقاندا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.

— ھارما، قىزىم! — دېدى مەرۇپكام ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ، — ئىتىڭ بىزنى تونۇماس بولۇپ قالدىمۇ، نېمە؟



چىشلىۋالغىنى تاشلا قالدى.

— مەرۇپ تاغا، سېنىڭمۇ تونۇيدۇ، بۇ مۇخبىر ئاكىمىزنى نەدىن تونۇسۇن؟ — دېدى قىز ماڭا قاراپ سەدەپتەك ئاپئاق، تەكشى چىشلىرىنى ئېچىپ كۈلۈپ، — قەدىمىڭىز قانداقلارچە بىزنىڭ بۇ چەت يېزىمىزغا يېتىپ قالدى؟

— سىز مېنى تونۇمسىز؟ — دېدىم مەن.

— نېمىشقا تونۇماي، سىز بۇلتۇر گۇڭشېدا بىزنى سۈرەتكە تارتقان ئەمەسمىدىڭىز؟!

ھە! ئېسىمگە كەلدى. بۇلتۇر ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى گۇڭشې رەھبەرلىرى بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشكەنىدى. شۇ چاغدا بۇ قىزمۇ بار ئىكەن - دە.

قىز قولىدىكى قامچىسىنى «قارس» قىلىپ سىلكىدى - دە، ئارقىدا قالغان بىر - ئىككى كالىنى قوغلاپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قارىغىنىمدا ئۇمۇ بىز تەرەپكە قارىغانىكەن، كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك بىر جۈپ قارا كۆزى كۈلۈپ تۇراتتى.

قايتىپ كېلىپ، ئالبۇمۇمدىن بۇلتۇر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى كوللېكتىپ چۈشكەن سۈرەتنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى خىلمۇخىل كىشىلەر ئارىسىدىن ھېلىقى كۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزنى ئوڭايلا تاپتىم. سۈرەتكە قاراپ بۇ قىزنىڭ دەريانىڭ ياپيېشىل قىرغاقلىرىدا يۈرۈپ، نەي چېلىپ پادا باقىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. سۈرەتتە ئۇ ئىككىنچى قاتارنىڭ ئەڭ چېتىدە، بىر قولىنى سەل ئارقىغا قىلىپ، كۆكرىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئۇزۇن بىر تال چېچىنى ئالدىغا تاشلاپ، خۇددى سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىشقا تەمشىلىۋاتقان

ئارتىسلاردەك تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. بەللىك ئاددىي پۇرمە كۆڭلەك ئۇنىڭ كېلىشكەن قامەتتىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقانىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن پادىچى قىزنى شۇ ئاددىي پۇرمە كۆڭلەك بىلەن سەھنىدە كۆردۈم.

ئەترەتنىڭ تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ئەزالارغا ئويۇن كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ سەھنىسى — ئاشۇ كەڭ ئېتىز بولۇپ، بەشلا كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ تەشۋىقاتچىلارنىڭ ئارقىسىدا بىپايان بۇغداي دېڭىزى دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر سازى ئاشۇ نەي ئىكەن. لېكىن، بۇ بىر نەي ئاۋازى بىلەن بەش كىشى ئېتىز بېشىدىكى ئەللىكتىن ئوشۇق ئادەمگە خىلمۇخىل نومۇرلارنى كۆرسىتىۋاتاتتى. «بۇ خىسلەتكە باي نەي ئىكەن» دەپ ئويلىدىم. ئۈچىنچى ئەترەتكە كەلگەندىن بېرىقى مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، گويا بۇ يېزىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا ئاشۇ ئاجايىپ نەينىڭ ئاۋازى سىڭىپ كەتكەندەك ئىدى. تاڭ سەھەردىلا بۇ نەي ئاۋازى يېزىغا يىراقتىن ئاڭلىنىدىكەن. قارىسىڭىز يېڭى سېغىلغان سۈتلەر بېسىلغان ھارۋىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، نەي چېلىپ مەھەللىگە كىرىپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆرىسىز. نەي ئاۋازى بىلەن تەڭ ئەزالار تەرەپ-تەرەپتىن چىقىشىپ، ئۇنىڭدىن سۈت ئالىدىكەن. ئاندىن بۇ سۈتلەر نەي ئاۋازى بىلەن بىللە بالىلار باغچىسى، ئېتىز بېشىدىكى ئاشخانىلارغىچە يەتكۈزۈلىدىكەن. ئاندىن يەنە بۇ نەي ئاۋازى سىيىرلارنى ئېتىزلار ئارىلىتىپ، دەريا بويىغا ئېلىپ ماڭىدىكەن. سىيىرلار دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئاراللارغا ئۆتكۈزۈۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ نەي



ئاۋازى يەنە ئىش مەيدانلىرىدا ياڭرايدىكەن. پاھ! نېمىدېگەن يېقىملىق، نېمىدېگەن جاراڭلىق، نېمىدېگەن مۆجىزىلىك نەي ئاۋازى - ھە؟

مەن مەرۇپكامغا ئويلىغانلىرىمنى ئېيتتىم، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا، بۇ نەي ھەقىقەتەنمۇ قالتىس، ئۇنىڭ ئاۋازى راستىنلا خاسىيەتلىك. بىز مۇشۇ سىيىرلارنى سېتىۋېلىپ ئىككىنچى يىلى، — دەپ ھېكايە قىلدى مەرۇپكام، — بىر قىسىم كىشىلەر: «ئەترەتنىڭ قوشۇمچە كەسىپنى تۇتۇشىنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ جار سالدى ۋە سىيىرلارنى سويۇپ يەۋېتىش شامىلىنى چىقاردى. بىز بۇنىڭغا قوشۇلمىدۇق. لېكىن، بىزنىڭ بىر تەجرىبىسىز ياش ئەترەت باشلىقىمىزمۇ تەۋرىنىپ، سىيىرلارنى سويۇش تەرەپدار بولدى. ئاخىر بىز بۇ مەسىلىنى ئەزالار چوڭ يىغىنىغا سالدۇق. ئەزالار غۇلغۇلا قىلدى. يىغىندا بىزنىڭ پادىچى قىزىمىز گۆھەر سۆز ئېلىپ، ئەترەتنىڭ سېغىن كالىلارنى بېقىشىنىڭ ئەزالارنىڭ، بالىلارنىڭ سۈت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى پايدىسىنى، ئەترەتكە بولىدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئەزالارغا ئىنچىكە ھېسابلاپ كۆرسەتتى. نەتىجىدە مۇتلەق كۆپچىلىك ئەزالار ماللارنى سويۇشقا قېتىلمىدى. شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ئىككى بۇزۇق ئوغرىلىقچە كالىلار تۇرغان ئېغىلغا كىرىپ، كالىلارنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ. لېكىن، ئۇلار سىيىرنى ئەمدىلا ئېغىل قورۇسىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشىغا، ئارقىدىن كۈچلۈك نەي ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپتۇ. كالىلار نەي ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەن ئارقىغا تىرەجەپ، زادىلا ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ، ئوغرىلار

سىلجىتماق
- to move, shift

<ئۇرۇپ – سۆرەپمۇ> بىر قەدەم سىلجىتالماپتۇ – دە ، <ئامالسىز تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بوپتۇ .>

يەنە بىر قېتىمدا ، بىزنىڭ يېغىدىن سىتىۋېلىپ كەلگەن بىر نەسىللىك بۇقىمىز تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتتى . گۆھەر ئۇنى سېيىرلار بىلەن قېتىپ ئارالغا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىكەن . بۇقا شۇ يەردە كالىلاردىن ئايرىلىپ قاپتۇ . بىز دەريا ئەتراپىنى ئىزدەپ تاپالمىدۇق . گۆھەر : «بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىم . ئەسلىدە ، يېڭى مالنى ياخشى ئۆگىتىۋالغۇچە بىرئاز ۋاقىت قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك ئىدى» دەپ يىغلىغۇدەك بولدى . بۇ بۇقىنىڭ كېچىچە تېپىلمىسا ، يامان ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، تازا جىلە بولدى . بۇ چاغدا ، كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا بۇزۇلۇپ ، سىم – سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىدى . مەن گۆھەرنىڭ رايىغا بېقىپ ، ئۇنىڭغا ئۈچ – تۆت خەلق ئەسكىرى يىگىتلەرنى قوشۇپ بەردىم . «يىراققا بارماڭلار ، يېقىن ئەتراپلارنى يەنە بىر ئىزدەپ كۆرۈڭلار ، تېپىلمىسا ئەتە ئىزدەيمىز» دېدىم . يېرىم كېچە بولغاندا ، يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلدى ، قارىسام گۆھەر يوق . يىگىتلەر : «ئۇ بىزنى بىرقانچە تەرەپكە ئىزدەشكە بۆلۈۋېتىپ ، ئۆزى تاشيول بويلاپ يۇقىرىلاپ كەتكەن» دېيىشتى . مەن بۇ قىزدىن ناھايىتى ئەنسىرىدىم ، يامغۇر كۈچىيىپ كەتكەنىدى . ئۇ يۇقىرىلاپ كەتكەن بولسا نەگە بېرىشى مۇمكىن ؟ <بىز ئۇ بۇقىنى تاغ تەرەپتىكى فېرمىدىن سېتىۋالغانىدۇق>. ئۇ بۇقىنى كونا ئورنىغا كېتىپ قالدىمۇ ، قانداق ، دەپ شۇ فېرمىغا ئىزدەپ كەتكەندىمۇ ؟··· فېرما بىلەن يېزىمىزنىڭ ئارىلىقى ئاز يول ئەمەس . مۇنداق بىر يامغۇرلۇق قاراڭغۇ كېچىدە يالغۇز بىر



bareback

قىز ئۇ يەرگە راستىنلا كېتىپ قالغاندىمۇ ؟ دەپ ئەنسىرىشىم تېخىمۇ كۈچەيدى . بىر ئاتنى ياۋداقلا مىندىم – دە ، ئۇنى ئىزدەپ ماڭدىم ، فېرمىغا يېتىپ بېرىپ ، بۇ يەرگە بۇقىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ، بۇقىنى ئىزدەپمۇ ھېچكىمنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ ، قېتىپلا قالدىم . كۆڭلۈمگە باشقىدىن ئەنسىزچىلىك چۈشتى . بۇ قىزغا ئىچىمدە تازا خاپا بولدۇم . بىرەر مال يىتسە نېمە بوپتۇ ، ئەمدى بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئۇنىڭ ئۆزى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا ، قانداق بولغىنى ؟··· قايتىپ كېلىۋېتىپ ، خۇدا بۇيرۇسا ، ئۇنىڭ بىلەن سالامەت ئۇچرىشىدىغانلا بولسام ، ئۇنى سېغىن كالىلارغا قاراش ئىشىدىن ئېلىپ تاشلايمەن ، دەپ ئويلىدىم . يېزىغا يېقىنلاپ كەلگۈچە يامغۇر توختاپ ، تاڭمۇ سەل – پەل سۈزۈلۈپ قالدى . شۇ چاغدا ، ئالدىمدا قارا كۆرۈنەر كېتىپ بارغان ئىككى نەرسىنى كۆردۈم . «بۇ گۆھەرمىدۇ ، ئۇ بۇقىنى تېپىپ ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتامدۇ ، قانداق ؟ ھەي خۇدا ، شۇلار بولۇپ قالسىمىغۇ !» دېدىم – دە ، ئاتقا قامچا سالدىم . يېتىپ بېرىشقا تاقەت قىلالماي يەنە يىراقتىن ۋارقىرىدىم . شۇ چاغدا بىردىنلا نەي ئاۋازى ئاڭلاندى . «ھەي ! شەيتان قىز» دېدىم – دە ، كۈلۈۋەتتىم . كۆڭلۈمدىكى بارلىق خاپىلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدىم . ئۇنىڭ تونۇگۈن كەچ تامىقىنىمۇ يېمەي كەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى . يامغۇرلۇق كېچىدە ئاچ قورساق يۈرۈپ ئەترەتنىڭ مېلىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ئۆزى نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ؟··· يېتىپ كېلىپ قارىسام ، ئۇ پۈتىدىكى ئايىغىنى يېشىۋېلىپ ، ئالدىدا كېتىپ بارغان بۇقىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇپتۇ . ئۈستىبېشى پاتقاق ، ھۆل كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ . لېكىن ،



to carry on one's back

ئۇنىڭ چىرايىدىن قىلچە ھارغىنلىق كۆرمىدىم . ئۇ بۇقىنى تېپىپ ، غەلىبە بىلەن قايتقىنىغا خۇشال بولۇپ ، ماڭا قاراپ شوخلۇق بىلەن نەي چېلىۋاتاتتى . مەن ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمىدىم ، لېكىن : «ئاپىرىن ! بىر يېزىدا مۇشۇنداق ئەزىمەتلەردىن يەنە ئونى ، يىگىرمىسى ، يۈزى بولسا ، ئىشلار قانچىلىك يۈرۈشۈپ كېتەر ئىدى ـ ھە ! ؟ » دەپ ئويلىدىم…

مەرۇپكامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ قىز توغرىسىدا تېخىمۇ ئويلاندىم ، ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدا ئۆسۈپ باراتتى . ئەجەب ـ ھە ، بۇ قىزدىكى شۇنچىلىك غەيرەت نەدىن كېلىۋاتىدىكىن ؟…

بۇ يېزىدا يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ، مۇشۇ قىز توغرىسىدىمۇ بىر نەرسە يېزىشنى ئويلىغانىدىم . ‹لېكىن ، گۇڭشېدىن ماڭا قايتىش توغرىسىدا تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى›. چۈشكىچە يەنە ئەترەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن يازغان ماتېرىياللىرىمنى رەتلەش بىلەن بولۇپ يولغا چىقالمىدىم ، چۈشتىن كېيىن مەرۇپكام ماڭا :

— ئەمدى ماڭسىڭىز كەچ قالىسىز ، ئەتە مېڭىڭ ، — دېدى .

مەن كەچ قالساممۇ گۇڭشېغا بۈگۈن يېتىپ بېرىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتىم .

— ئەگەر بۈگۈن جەزمەن ماڭىمەن دېسىڭىز ، سىزنى بېلىقچىلىرىمىز دەريا بىلەن يەتكۈزۈپ قويسۇن ، سۇ بىلەن ماڭغاندا پەقەت ئىككى سائەتلىككلا يول ، — دېدى مەرۇپكام .

مەن ماقۇل بولدۇم . مەرۇپكام بىردەم ئويلاندى ـ دە :

— سىز دەريا بويىدىكى بىزنىڭ كالىلىرىمىز ئوتلايدىغان



ئورۇندا كۈتۈڭ ، مەن شۇ يەرگە قولۋاق ئەۋەتىمەن ، — دېدى .

مەن خۇشال بولدۇم ، بىرىنچىدىن ، گۇڭشېغا ۋاقتىدا يېتىپ بارىمەن ؛ ئىككىنچىدىن ، تەلىيىم بولسا ھېلىقى نەي ئاۋازىنى يەنە ئاڭلايمەن .

دەريا بويىغا كەلسەم ، كالىلار ئوتلاپ يۈرۈپتۇ . لېكىن ، نەي ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم . پادىچى قىز يېشىل چۆپ ئۈستىدە جەينەكلەپ يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقانىكەن . ئۇ مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— سىز قايتىدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ھە ، مېنى گۇڭشې چاقىرتىپتۇ ، مەن سىلەرنىڭ بىر قولۋاقنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم قولۋاق مۇشۇ يەرگە كەلمەكچىدى .

— ھە ، قولۋاق مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ ، ماڭا مەرۇپ تاغام ئېيتقان . سىز ئارقىلىق گۇڭشېغا ئېيتىدىغان سۆزلىرىم بار ئىدى ، شۇڭا مەنمۇ سىزنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان . ماڭا قاراڭ ، مۇنۇ كىتابتا ، — دەپ باياتىن مەن نېمە كىتابكىن دەپ قىزىقىپ تۇرغان كىتابنى ماڭا كۆرسەتتى قىز ، — سېغىن كالىلارنى زامانىۋى ئۇسۇلدا بېقىش ، زامانىۋى ئۇسۇلدا يەم ـ خەشەك تەييارلاش ، تۇك بىلەن سېغىش ئىشلىرى ئۈستىدە بەك قىزىق ، بەك كەڭ سۆزلەپتۇ . گۇڭشېمىز بۇ توغرىدا ئويلىشىۋاتقاندىمۇ ، قانداق ؟ گۇڭشېنىڭ مال بېقىش ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا قانداق پىلانلىرى بار ئىكىن ؟ بىزنىڭ ئەترەتنىڭ بۇ سىيىرلىرىنىڭ ھەممىسى نەسىللىك ، ياخشى سىيىرلار . ياخشى كۈتۈلسە ھەربىر سىيىردىن كۈنىگە يىگىرمە

كىلوگرامدىن ئاشۇرۇپ سۈت ئېلىش مۇمكىن. لېكىن، بىز مۇنداق بېقىپ، قولدا سېغىپ، بۇ سۈتنىڭ يېرىمىنىمۇ ئالالمايمىز. ئەرلەر بىلمەيسىلەر، قارىماققا كالا سېغىش ئوڭاي ئىشتەك كۆرۈنىدۇ. يېڭى ساغقاندا مېنىڭ بارماقلىرىم يېرىلىپ، بىلەكلىرىم ئىششىپ كەتكەن. ھازىر بۇ كالىلارنى ئۈچ - تۆت كىشى سېغىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيمىز. ئەگەر بۇ كالىلار ياخشى بېقىلسا، يەم - خەشەك ياخشىلانسا، سېغىش زامانىۋىلاشسا، ئويلاپ بېقىڭا، ئۇ چاغدا ئەمگەك ئۈنۈمى قانچىلىك يۇقىرى بولىدۇ؟ ئەمگەك قانچىلىك يېنىكلىشىدۇ؟ ئۇ چاغدا ماللارنىڭ نەسلىنى تېخىمۇ ياخشىلىساق، سانىنى كۆپەيتسەك، ئەزالارغا، باللارغا تېخىمۇ كۆپ سۈت بەرسەك، دۆلەتكە، بازارلارغا ئەكىرىپ سېتىپ بەرسەك، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش، ئەترەتكە قانچىلىك چوڭ ئىقتىسادىي كىرىم؟…

قىز توختىماي سۆزلەيتتى. مەن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارىدىم. ئۇنىڭ بىلەك ۋە بويۇنلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان بولۇپ، بەدىنى چىڭ ۋە مەھكەم ئىدى. قىپقىزىل مەڭزى ۋە ئوماق چىرايىغا قاراپ ھېچكىم ئۇنى يىگىرمە ياش دەپ ئويلىمايتتى، ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا ئۇلاشقان قىزلاردەك ئىدى. ئەمما، بۇ ياش قىزنىڭ قەلبىدىن ھازىر زامانىۋى يېڭى يېزا قۇرۇشنىڭ ئاجايىپ تەسەۋۋۇرى، سېغىن كالىلارنى بېقىش، ئۇلاردىن سۈت ئېلىشنىڭ مۇكەممەل پىلانى تىزىلىپ چىقىۋاتاتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئاددىي بىر پادىچى قىزغا ئەمەس، زامانىمىز يېتىشتۈرگەن يېڭى بىر ئەۋلادقا، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان كۈچلۈك بىر يالقۇنغا ئوخشىشىپ قېلىۋاتاتتى.



بىر بېلىقچى بوۋاي قولۋاق بىلەن كېلىپ، قىرغاقتا توختىدى. قىز بىلەن خوشلىشىپ بوۋايغا سالام بەردىم - دە، قولۋاققا چىقتىم، قولۋاق دولقۇنلارغا قاراپ يېنىك قوزغالدى. شۇ چاغدا پادىچى قىزنىڭ ئاپتاپتا قارايغان قوللىرىدا مۆجىزىلىك نەي يەنە پەيدا بولدى - دە، قىز ئۇنى لەۋلىرىگە ئېلىپ بېرىشى بىلەن دەريا ئۈستىدە يېقىملىق نەي ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

— ئوغلۇم، قانچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى پالاق ئۇرۇۋاتقان بوۋاي مەندىن تۇيۇقسىز.

— بۇ يىل يىگىرمە تۆتكە كىردىم، بوۋا، — دېدىم.

— سەن ئۆيلەنگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي يەنە.

— ياق، ماڭا تېخى ئەتىگەن، — دېدىم - دە، نېمىشقىدۇر قىزىرىپ كەتتىم.

— ھە، باشقىچە ئويلاپ قالما، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ، — بىز كونا ئادەملەر، يەنىلا بۇرۇنقى زاماننىڭ گېپىنى قىلىمىز. بىزنىڭ زامانىمىزدا كىچىكلا چېتىپ قويۇشۇۋېرىدىغان، ھازىر زامان نېمىدېگەن ياخشى. ياشلار تولۇپ، ۋايىغا يېتىپ، ئۆزلىرى خالىشىپ توي قىلىشىدۇ. توي قىلىشقا ئالدىرىمىغان ياخشى، بۇ ئۆمۈر سودىسى. تۇرمۇشتا ئۆزۈڭنىڭ جۈپتىڭنى ياخشى تاللىمىساڭ، بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالىسەن. سەن بىزنىڭ بۇ قىزىمىزنى مال ئايىغىدا يۈرىدىغان بىر پادىچىكەن، دەپ مۇنداقلا ئويلاپ قالما، ئۇنىڭ ئىچىمۇ گۆھەر، ئۆزىمۇ گۆھەردەك ساپ قىز. يېزىمىزدا ئۇنى ماختىمايدىغىنى يوق. سېنى گۇڭشې رادىئوسىغا بىر نەرسىلەرنى يازىدۇ، دەيدۇ، نېمىشقا مۇشۇنداق ياخشى قىزلار توغرىسىدا يازمايسىلەر؟

— مەن ئۇ قىز توغرىسىدا چوقۇم يازىمەن ، بوۋا ، — دېدىم بوۋايغا . ئىچىمدە بولسا «يېزىشقىمۇ ، سۆيۈشكىمۇ ئەرزىيدىغان قىزكەن ، — دەپ ئويلىدىم ، — لېكىن بۇ ئاجايىپ قىز نېمە دەركىن ؟… پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئومۇمنىڭ ئىشىغا بېرىلگەن ، شۇ ئىش ئۈچۈن يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان بىر قىزدا مۇھەببەتكە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقىت بارمىدۇ ؟… »

قولۋاق بارغانسېرى قىرغاقتىن يىراقلاپ كەتمەكتە ئىدى . بارا ـ بارا ئوتلاپ يۈرگەن سىيىرلارمۇ ، نەي چېلىۋاتقان قىزمۇ ، ئاخىردا شۇ يېشىل قىرغاقمۇ غۇۋالىشىپ كۆزدىن ئۆچتى . لېكىن ، قۇلىقىم تۇۋىدە نەي ئاۋازى يەنە جاراڭلاپ تۇراتتى . شۇنىڭدىن بېرى ماڭا بۇ نەي ئاۋازى تونۇش بولۇپ قالدى ، شۇنىڭدىن بېرى مەن بۇ نەي ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدۇم ، قاچانكى ئىش بىلەن يىراق يەرلەردە يۈرگىنىمدە ، ئۇ نەي ئاۋازىنى سېغىنىدىغان بولدۇم…

1979 ـ يىل ، غۇلجا



# هاراق توغرىسىدا ھېكايە

هاراقكەشلىكىمنىڭغۇ بىلىسىلەر ، هاراقنى تاشلىۋەتكەنلىكىمدىن تېخى خەۋىرىڭلار يوقتۇ ؟ هاراق تاشلىغىنىمغا خۇدا بۇيرۇسا بۈگۈن تولۇق بىر كۈن بولدى . مۇنداق چوڭ ئىشنى سىلەر تۇرماق ، تېخى مەھەللىدىكىلەرمۇ ئاڭلىغۇدەك بولمىدى . ئاڭلىسىمۇ ئىشەنمەيدۇ دەڭلار ، ئاخشاملا مەھەللىنىڭ كوچىلىرىدىن تارازىسى تەڭشەلمىگەن لەگلەكتەك يەڭدەپ دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمنى بۈگۈن هاراق تاشلاپتۇ ، دېسە ، هەرقانداق ئادەم ئىشەنمەيدۇ ـ دە ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئىلگىرى ئىككى قېتىم هاراق تاشلايمەن ، دەپ گېپىم گەپ بولماي قالغان يېرىمۇ بار . بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كەلسەم ، ھېكايىنى ناھايىتى يىراقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ .

بىزنىڭ يېزىنى كۆرۈۋېدىڭلارمىكىن ، ئەمما مەھەللە بالىسى مۇنداق چىرايلىق كەلمەيدۇ ـ دە ! كۈنگەي يانتۇلۇققا جايلاشقان بۇ مەھەللىنىڭ ئۈستى بىنەم ، ئاستى سۇلۇق يەر . بۇغداي مايسىلىرى تاختا بولۇپ يەلپۈنۈشكە باشلىغان چاغلاردا تۆپىلىكتە تۇرۇپ قارىسىڭىز ، بۇ مەھەللە دولقۇنلاپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بىر ئارالغا ئوخشىشىپ قالىدۇ . بۇ ئارالغا ئالما ، ئۆرۈك ، نەشپۈت ، شاپتۇل دەمسىز ، ئىشقىلىپ ، دۇنيادا بار مېۋىنىڭ هەرقاندىقىنى ئەكېلىپ تىكسىڭىز ، شاخلاپ مېۋە بېرىۋېرىدۇ… باهار كېلىشى بىلەن

ھويلا - ئاراملاردىكى مېۋىلەر چېچەكلەپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر قۇياشقا قاراپ چىراي ئېچىپ، ھەشقىپىچەك، جياڭدۇگۈللەر تەرمىلەرگە يامىشىپ قىڭغىر - قىيسىق دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ھەممە ئەيىبلىرىنى يېپىپ كېتىدۇ. يىراقلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان تاغ سۇلىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ، تېخى ئىنسانغا سىرى مەلۇم بولمىغان، پەقەت ئاشۇ سۇغا چىلىشىپ تۇرغان چىمەنلەرلا چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن ئۆز قوشاقلىرىنى ئېيتىشقا باشلايدۇ؛ بۇلبۇل، تورغاي، قارىغۇجا ۋە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان قۇشلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ بۇ نەغمىنى تېخىمۇ قىزىتىۋېتىدۇ.

يېزىمىزنىڭ شۇنداق گۈزەللىكىدىنمۇ، قانداق، بىلمىدىم، بۇ يەردىن سازەندە بىلەن ناخشىچىلار كۆپ چىقىدۇ. ئەمما، ھاراق ئىچىدىغانلارنىڭمۇ سانى ئاز ئەمەس. ئىچسە نېمە بوپتۇ؟! مەن شۇنداق قارايمەن. ھۆكۈمەتنىڭ قايسى قانۇنىغا «ھاراق ئىچمەڭلار» دەپ يېزىلىپتۇ، دەيسىلەر؟... تەبىئەتنىڭ قىش - زىمىستانى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كېلىدىغان باھار - يازلىرى بار، ئادەمنىڭ پىغانى ئۆرلەپ قالىدىغان، خۇشال بولىدىغان چاغلىرى بار. ئىنساننىڭ ئۆز ئۆمرىدە بىرەر رومكا ئاچچىق شارابنى يۇتۇشتىن خالىي بولمىقى ئاسانمۇ!؟

ئۆزۈمنىڭ قاچاندىن باشلاپ ھاراق ئىچكەنلىكىمنى ئېيتىدىغان بولسام، بۇمۇ بىر قىزىق گەپ. بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، مەھەللىمىزدە داۋۇت ھارۋىكەش دەپ بىر ئادەم بولىدىغان، ناخشىنىمۇ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ توۋلايتتى، ھاراقنىمۇ بولۇشىغا ئىچەتتى. ئۆزى ئات بىلەنلا ھەپىلىشىپ ئۆتكەچكىمىكىن، ساق ۋاقتىدا ئۇچراپ قالسىڭىز



«مانا، سىلەر بىلمەيسىلەر، بىر يىللىرى قولۇمدا بىر تورۇق ئات بولىدىغان...» دەپ ئاتنىڭلا گېپىنى قىلاتتى. بىر كۈنى داۋۇتكام:

ۋادەرىخا دەردى بىلەن
مەن ئادا بولدۇم نىتەي...

دەپ، «ۋادەرىخا»غا ۋارقىراپ كوچىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى. ناخشىغا ھەۋىسىم كېلىپ يۈگۈرۈپ چىقمايمەنمۇ، قارىسام داۋۇتكام غەرق مەست، تازا ئۆزىنى توختىتىپ دەسسەپ، دەرۋازىمىزنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىكەن. مېنى كۆرۈپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا توختاپ:

— ھاشىرمۇ سەن؟ — دېدى.

— ھە، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، داۋۇتكا، بۈگۈن پەيزى قىپسىز - دە، — دېدىم.

— داداڭ رەھمەتلىك لېۋىركام ئالامەت ئادەمتى - دە! — دېدى ئۇ تۈۋى بوشىشىپ كەتكەن تېرەكتەك ئىرغاڭلاپ تۇرۇپ، — ماڭا بىر يىلى بىر جىرەن ئايغىرنى ئېگەر - توقۇمى بىلەن مىندۇرۇپلا قويغان، كېيىن بىر ياماقمۇ ئالمىغان. قالتىس مەرد ئادەمتى، ئەمما ھاراقنىمۇ سۇدەك ئىچەتتى... سەنچۇ، ئىچمەيدىغانسەن؟

— خۇداغا شۈكرى، ھازىرغىچە ئاغزىمغا ئېلىپ باقمىدىم، داۋۇتكا.

— ھەي، دۇنيانىڭ بىر لەززىتىدىن مەھرۇمكەنسەن - دە! قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون سەككىز ـ ئون توققۇزلارغا كىرىپ قالغاندىمەن ، داۋۇتكا ، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا چوڭ بولدۇمغۇ…

— شۇنداق بولماي ، سەن تېخى بالا ـ دە ! مانا ئاۋۇ تۇگمەندىكى سايىتكامنى ئالساڭ ، دەسلەپتە ھاراق ئىچكەن چاغلىرىدا بويى قاۋاقنىڭ پوكىيىگە ئارانلا يېتەتتىكەن . ئۆمرى ئىچىپلا ئۆتۈپ كەتتى رەھمەتلىكنىڭ ، مەنمىغۇ بۇ ھاراقنى ئوتتۇزدىن ئۆتكەندە ئاندىن ئاغزىمغا ئالغان . ھازىر ئويلىسام ، ئوتتۇز يىل ھاراق ئىچمەي ئۆتكەن شۇ ئۆمرۈمگە ناھايىتى ئېچىنىمەن ، دېگىنە !…

داۋۇتكام شۇ گەپلەرنى قىلدى ـ دە :

دۇررى گۆھەرنى يىتتۇردۇم ،
تاپمىدىم ئەمدى نىتەي…

دەپ «ۋادەرىخا»سىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى . «ۋاھ ، ھاراق دېگەن شۇنداق ئېسىل نېمىمىكىنا ؟ توغرا ، توكۇرلارنى ئۇسسۇلغا سېلىپ ، كېكەچلەرنى ناخشا ئېيتقۇزۇۋېتىدىغان بۇ سۇيۇقلۇقتا بىر سىر بولسا كېرەك… » دەپ ئويلاپ قالدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، رەھمەتلىك دادامنىڭمۇ ھاراقنى سۇدەك ئىچىدىغانلىقىنى زادى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن .

باھارمۇ ، يازمۇ ، شەنبىمۇ ، يەكشەنبىمۇ ، ئېسىمدە يوق . ئىشقىلىپ ، يېشىللىققا چۆمگەن كائىناتنىڭ ئۈستىدە قۇياش خۇشخۇي پارلاپ تۇرغان ياخشى كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، يېزىنىڭ چوڭ بېغىدا ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتقانلار بىلەن ئۇلپەت بولۇپ قالدىم . سورۇندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېشى مەندىن چوڭ



كىشىلەر ئىدى . مەن دېمەتلىكلەردىنمۇ بىر ـ ئىككىسى بار ئىدى . ئىككى سازەندە دۇتار ـ تەمبۇرنى تەڭكەش قىلىپ ناخشىغا تەگكەندى ، ھاراقنى داۋۇت ھارۋىكەش قۇيۇۋاتاتتى . نېرىراقتا قوللىرىغا چىۋىق تۇتقان ئىككى بالا ئالما دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرغىنىچە تاماشا كۆرمەكتە ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا يوغان بىر ئالا سىيىر ئىشتىھا بىلەن ئوتلاۋاتاتتى . ساز توختىشى بىلەن داۋۇتكام ھاراق قۇيۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ماڭا بىر رومكا ھاراق سۇندى .

— ھاشىر ئىچمەيدىغۇ دەيمەن ، — دېدى ھېلىقى مەن دېمەتلىكلەردىن بىرى .

— ئەسلىدىغۇ ئىچمەيتتىم ، داۋۇتكامنىڭ قولىنى قايتۇرماي ، — دەپ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ رومكىنى ئالدىم ـ دە ، — قېنى كەلمەمسىلەر ، — دەپ قويۇپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتىم .

نېمە بولغىنىنى بىلمەي قالدىم ، ئېغىزىمدىن كىرگەن بىر يالقۇن ئۇچەي ـ باغرىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى . يائاللا ! چىرايىم بىر قىسما بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، ئالما دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرغان ھېلىقى ئىككى بالىنىڭ ماڭا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . سورۇندىكىلەر «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ «ئوغۇل بالا» دېيىشتى .

بىر قۇر ھاراق ئىچىلگەندىن كېيىن يەنە ساز باشلاندى . تاماشا كۆرۈپ تۇرغان بالىلارنىڭ چوڭراقىنى شەرەتلەپ چاقىرىپ ، قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ يېزا ماگىزىنىغا ھاراققا يۈگۈرتتۇم . ئىككىنچى ئايلىنىشتا كەلگەن بىر رومكا ھاراقنىمۇ بايىقىدەك ئازابتا يۇتتۇم ـ دە ، «ئاز بولسىمۇ كۆڭلۇم» دەپ بىر

بوتۇلكا ھاراقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قويدۇم. بىرنەچچەيلەن:
— ھوي، بۇ قانداق گەپ! — دېيىشتى. داۋۇتكام:
— قائىدە بىلىدۇ، ئاتا بالىسى - دە! — دەپ ماختاپ قويدى.
ئارقىدىنلا بىر - ئىككىسىنىڭ «خۇش كەتتى»سى كەلدى. «بولغۇلۇق بولدى» دەپ ئۇنىمۇ ئىچتىم. شۇنىڭ بىلەنلا جايلاشتىم. كۆڭلۈم ئايىنىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشقىلى تۇردى. ئىچىمدە: «ھاراق دېگەننىڭ ئانىسىغا مىڭ...» دېدىم - دە، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىزىپ، قولىقىنى تۇتۇپ ناخشىغا قوشۇلغىلى تۇرغاندا، ئاستا تۇپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتىم.
باغدىن چىقىپ نىمىشقىدۇر يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپتىمەن. مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۆپىلىككە چىققاندا، ھاراقنىڭ ئازابى ئۇنتۇلۇپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. بۇ يەردىن مەھەللە تەرەپكە قارىغاندا قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان باغلار، يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلار، قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ كەتكەن ئۆستەڭلەر ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى. «يائاللا، بۇرۇن يېزىمىزنىڭ شۇنچىۋالا گۈزەللىكىنى ئەجەبمۇ بىلمەپتىكەنمەن» دەپ قالدىم. نېرىراقتا بىر جۈپ تورغاي تىككىدە ئوقچۇپ چىقىپ، تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. «خۇدا ئىنسانلارغىمۇ شۇنداق بىر جۈپ قانات بەرسە، كىشى ئاشۇ غۇۋالىشىپ تۇرغان ئۇپۇقلارغىچە ئۇچۇپ بېرىپ باقسا، دۇنيانىڭ ئۇ تەرەپلىرىدە نېمە قىزىقچىلىقلار باركىن!؟...» دېگەن ئارزۇ كۆڭلۈمدىن كەچتى. ئۆتكۈر پۇراق چېچىپ تۇرغان يۇمشاق شىۋاق ئوت ئۇستىدە بېشىمنى ئالقىنىمغا قويۇپ سوزۇلۇپ يېتىپ، كۆپكۆك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارغا قارىغىنىمچە خىيالغا كەتتىم.



كۆز ئالدىمغا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىمدا قوغلىشىپ ئوينىغان قىزلار بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى... بىر چاغدا ئېسىمگە كەلسەم، ئاۋازىمنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتقىلى تۇرۇپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ: «بۈگۈن مەن نېمە بولدۇم؟ — دېدىم - دە، — ھە، ھېلىقى داۋۇتكام دېگەن دۇنيانىڭ لەززىتى مۇشۇكەن - دە» دەپ چۈشەندىم.

× ×

پالاكەتنىڭ بېشى ئەنە شۇنداق باشلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ مانا بۈگۈنگىچە تۇپتوغرا ئون يىل ئىچىپتىمەن. قانچە قېتىم مۇشتلىشىپ قاپاقلىرىمنى يارغىنىمنى، قانچە قېتىم ئۆيىنى تېپىپ كېلەلمەي تالادا تۈنىگەنلىرىمنى ئېيتمايلا قوياي، بولغۇلۇق شۇ بىچارە ئاپامغىلا بولدى. دۇنيالىقتا ئانا - بالا بىر ئۆيدە ياشايتتۇق، بېقىپ چوڭ قىلغاننى ئاز دەپ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆنلىرى «بالام ساق كېلەرمۇ، مەستمۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە ئۆتەتتى.
بايا سىلەرگە بۇرۇنمۇ ئىككى قېتىم ھاراق تاشلاپ ۋەدەمدە تۇرالمىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. بىرىنچى قېتىمقىسى ئۆمرۈمدە تۇنجى نۆۋەت يېڭى شىبلىت كىيگەن چېغىمدا بولغان ئىش ئىدى. ئەجەبمۇ شىبلىتتى - دە! كالا خۇرۇم، چوتكىنى ئۇرۇپلا قويسا ئەينەكتەك پارقىراپ كېتىدىغان ئاياغ ئىدى. ئۇ يىللاردا دېھقانىنىڭ مۇنداق ئاياغ كىيىمكى ئوڭايمۇ دەيسىلەر. ئاپام بىچارە: «بالام، ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، دوست باشقا قارايدۇ، دۈشمەن ئاياغقا، چىرايلىققىنە كىيىپ يۈر» دەپ،

تۇخۇم سېتىپ يىغقان پۇللىرىنى قېتىش - قۇراش قىلىپ ئېلىپ بەرگەنىدى .

تازا قۇربان ھېيت كۈنى ئىدى . يېڭى شىبلىتىمنى غاچىلدىتىپ كىيىپ ، قوشنىمىزنىڭ ۋېلىسىپىتىنى سوراپ مىنىپ ، ئاغىنىلەر بىلەن شەھەرگە ھېيت ئوينىغىلى كىردىم . شۇ قېتىمقى ھېيتنىڭ قىزىغىنىنى دېمەمسىلەر ، ھاۋامۇ تازا ئوبدان كۈن بولغانىدى . قارىساق ، شەھەرنىڭ ناغرىخانىلىرىدا ناغرا دېگەن قايناپ كېتىپتۇ ، ئالىيېشىل كىيىنگەن قىز - چوكانلار شەھەر كوچىلىرىغا پاتماي قاپتۇ . شەھەرلىكلەرنىڭ ئاشلىق تېرىماي ، يەنە شۇنداق قورسىقى توق ياشايدىغانلىقىغا زادى ئەقلىم يەتمەيدۇ... ھەي ، ھاراقكەشلىك دېگەن شۇ - دە ، شۇنچە تاماشا تالادا تۇرسا ، ئازراقتىن ئىچىپ قىزىۋالايلى ، دەپ ئۇدۇل بېرىپ بىر ئاشخانىغا چۆكۈپتۇق . قىزىغانسېرى «ماۋۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ، ماۋۇ پالانچىنىڭ كۆڭلى» دەپ ، ئاغىنىلەر بىر-بىرلەپ قويۇپ يەنە ھاراق ئەكەلگىنى تۇردى . شۇنداق قىلىپ ، سەككىز ئادەم ئون بوتۇلكىنى ئوڭدا قىپتۇق ، كېيىن ئەمەت نەدە قالدى ، سەمەت نەدە كەتتى ، بىلمىدىم ، بىر چاغدا ئېسىمگە كەلسەم ، ۋېلىسىپىتىمنى يېتىلەپ شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ قاپتىمەن . قارىغاندا خېلىدىن بېرى مۇشۇ پەدىدە مېڭىپ يۈرگەن ئوخشايمەن ، قاتتىق شىبلىت ئايىغىمنىڭ نەرىنىدۇر قىستاپ ئاغرىتقىلى تۇرۇپتۇ . پۇت - قولۇمدا جان يوق ، يېنىم يەر تارتىپلا تۇرىدۇ . چوڭ يولدىن ئايرىلىپ ، يوغان بىر تۈپ پور سۆگەت سايە تاشلاپ تۇرغان سۇ بويىغا باردىم - دە ، ۋېلىسىپىتنى يېنىمغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ، گۈپپىلا چۈشتۈم...

سۆگەتنىڭ سايىسىدە يېتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن . تۇۋا !



چوڭلارنىڭ «خەق نېمە دېمەيدۇ ، چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ» دېگىنى راست گەپكەن ، چۈشۈمدە ئۇخلاۋاتقۇدەكمەن ، بىرى ھەدەپ مېنى تۈرتۈپ ئويغىتىۋاتقۇدەك . كۆزۈمنى ئاچسام يېنىمدا بىر ساھىبجامال قىز ئولتۇرۇپتۇ . شامالدا ئۇنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى يىپەكتەك يۇمشاق تەۋرىنىپ تۇرغۇدەك . ئۇ : «ھاشىرجان ، تۇرۇڭ ، تۇرۇڭ ، ئۇخلاۋېرەمسىز ، قايتمايمىزمۇ ؟» دەۋاتقۇدەك . مەن بۇ قىز بىلەن ئۇزاقتىن بېرى تونۇشكەنمەن ، دېگۈدەكمەن . ساھىبجامالغا پۇتۇمدىكى يېڭى شىبلىتىمنى كۆرسەتكۈم كېلىپ كەتتىمۇ ، «قاراڭا ، مۇنۇ يارامسىز ئاياغنىڭ پۇتۇمنى قىستاپ ئارامىمنى قويماۋاتقىنىنى» دەپتىمەن . قىز : «يېڭى ئاياغكەن ئەمەسمۇ ، كېيىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ» دەپتۇدەك . نېمىشقىدۇر ئاياغنى يېشىپ قىزغا تەڭلەپ : «سىز بۇ شىبلىتىمنى ئېلىپ ئالدىمدا مېڭىپ تۇرۇڭ ، مەن ۋېلىسىپىت بىلەن ئارقىڭىزدىن يېتىمەن» دەپتىمەن ، ساھىبجامال كۆزدىن غايىب بوپتۇ . يەنە بىر تۇرۇپ بۇ قىزنى مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ بىرىكەن ، دېگۈدەكمەن ، ئىككىمىز مەكتەپنىڭ مەيدانىدا قوغلىشىپ يۈرگۈدەكمىز...

شۇنداق قىلىپ ، قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن ، بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام ، مەستلىكىم يېشىلىپ يېپيېنىكلا بولۇپ قاپتىمەن ، كۈنمۇ ئولتۇراي دەپ قاپتۇ . شۇنداق قارىسام ، پۇتۇمدىكى شىبلىت يوق . چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم . ۋېلىسىپىت يېنىمدا شۇ پېتىچە يېتىپتۇ ، باشقا كىيىم - كېچەكلىرىممۇ جايىدا ، يانچۇقۇمدىكى ھاراقتىن ئاشقان

پارچە- پۇرات پۇللىرىمۇ تۇرۇپتۇ، نىرىدىكى چوڭ يولدا ھېيت ئويناپ قايتقان دېھقانلار ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېتىشىۋېتىپتۇ. «پاھ، پەقەت پۇتۇمدىكى شىبلىتقىلا كەلگەن ئەجەب ئوغرىكىنا بۇ؟ چوقۇم ھېلىقى مەست ئاغىنىلەرنىڭ قىلغان ئىشى…» دېدىم - دە، ۋېلىسىپىتكە پايپاق بىلەنلا «شاققىدە» مىنىپ، مەھەللىگە قاراپ ئۇچقاندەك كەتتىم. ئىتتىك ماڭغانلىقىمدىن پۇتۇمدىكى قارا پايپاق باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئاياغ كىيىمىدەك كۆرۈنۈپ كەتتىمۇ، بىلمىدىم. يولدىكىلەرمۇ ماڭا ئانچە ئەجەبلىنىپ قاراپ كەتكۇدەك بولمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە مەھەللىگە يېتىپ چىقتىم.

ئەتىسى پاشىنىسى مايماق كەتكەن كونا باجىڭگىرىمنى سۆرەپ، شەھەرگە ئويۇنغىلى كىرگەن ئۇلپەتلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىر - بىرلەپ بېرىپ، شىبلىتىمنى سۈرۈشتۈرۈپ ھېچكىمدىن دېرىكىنى ئالالمىدىم. ئاغىنىلەرنىڭ بىر - ئىككىسى تېخى شەھەردىن يېتىپ چىقالماپتۇ. ماڭا ئوخشاش چاپان - چارىلىرىنى نەگە قويغىنىنى بىلمەيدىغانلاردىنمۇ بىر - ئىككىسى بار ئىكەن. ھېلىقى شىبلىت شۇ يىتكەنچە يىتكەن بولدى. مانا شۇ چاغدا بىرىنچى قېتىم: «ئاغىنىلەر، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ھاراققا زورلىغۇچى بولماڭلار. ھاراق دېگەننى ئىككىنچى ئاغزىمغا ئالىدىغان بولسام…» دەپ قەسەم ئىچىۋەتكەنىدىم. نەدىكىنى، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتمەيلا بىر ئولتۇرۇشتا ساز تىڭشاپ ئولتۇرۇپ ئېسىمدە يوق ساقىيغا: «ھارىقىڭدىن ماڭىمۇ بىر رومكا قۇيە» دەپ يەنە ئىچىپ ساپتىمەن.



× ×

ئىككىنچى قېتىم ھاراق تاشلىشىمغا سەۋەب بولغان ئىشنى ئېيتسام، بۇمۇ بىر قىزىق ۋەقە. بىر يىلى يېزىمىزنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى قارىياغاچلىقتا چوڭ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلدى. قەدىمكى يوغان دەرەخلەر كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرىنى توسۇپ تۇرىدىغان بۇ قارىياغاچلىقنىڭ ئاستى ياپيېشىل چۆپلۈك ئىدى. كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئوچۇقچىلىقلاردا بولسا، ئاچ كۆك چىغىرتماقگۈللەر، ساپسېرىق مامكاپلار ئېچىلىپ كېتەتتى. قارىياغاچلىقنىڭ يېنىدىكى سايدا تاغدىن كەلگەن ئۇلۇغ سۇ يېيىلىپ ئاقاتتى. ساي تەرەپتىن ئۇرغان غۇر - غۇر شامال سۇنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، بوغۇق گۈركىرەپ ئاققان ئاۋازىنى ئەكېلەتتى…

مۇشۇنداق كۆركەم، خىلۋەت جايغا يىغىلغان بۈگۈنكى سازەندىلەرنىڭ سەرخىللىقىنى دېمەيسىز! ھاراق - شاراب ئىچىلىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ كەيپى تازا كۆتۈرۈلگەندە، «خەپشۇك، ھەي خەپشۇك» دەپ دىققەتكە چاقىرغان ئاۋاز چىقتى. ئارقىدىنلا تەمبۇرچى تەمبۇرنى لەرزان چېكىپ، مۇقامنى باشلىۋەتتى:

ئۆلۈمدىن بىخەۋەر بولما، بولۇر ناگاھ ساڭا پەيدا،
ياقاڭدىن ئالسا قويماس، ئەيلىسەڭ يۈز ئاھۇ ۋا ۋەيلا.
ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا شاھۇ گاداي بارچە باراۋەردۇر،
ئۇ شۇنداق مۇستاپا ئۆتتى، يەنە ئۆلمەس كىشى قايدا…

سورۇننى ئېغىر جىمجىتلىق باستى . هاراقنىڭ كەيپى ، مۇقامنىڭ تەسىرى بىلەن مەنمۇ بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ، چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم . «يائاللا ، ئۆلۈپمۇ كېتىمىز - هە ! هېلىقى داۋۇتكام ئېيتقان هاراق بىلەن بولىدىغان مۇشۇ لەززەتتىن باشقا هاياتنىڭ يەنە نېمە خۇۋلۇقىنى كۆردۇم ؛ ئۆيلىنىدىغان ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ ، ‹دادا ! › دەپ يۈگۈرۈپ چىقىدىغان ئوماق باللارنى ئەركىلىتىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدىغۇ ؟ !… ئۇنىڭ ئۈستىگە بىچارە ئاپامنىڭ ئاغرىقچان بولۇپ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقىنىنى ئېيتايمۇ… »

غەنىيمەتتۇر هاياتىڭ نەچچە كۈن هەق يادىدا ئۆتسە ،
ۋە گەرنە ئول تىرىكلىكتىن نەخۇشتۇر ئۆلگىنىڭ ئەلا…

ئارقىدىنلا كۆز ئالدىمغا يەنە مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىمدا قوغلىشىپ ئوينىغان قىزلار كېلىشكە باشلىدى . ئويلىسام ، شۇمۇ ئەجەب ياخشى چاغلار ئىكەن . هازىر ئۇ قىزلارنىڭ ئالدى چوڭ شەهەرلەردە ئوقۇۋاتىدۇ ، خىزمەت قىلىۋاتىدۇ . مەهەللىدە قالغانلىرىنىڭ بىر - ئىككىدىن بالىسى بار . يېزا مەكتىپىدە مەن پەقەت بەشىنچى - ئالتىنچى سىنىپقىچە ئوقۇپ قالدىم ، تۇرمۇش هەلەكچىلىكى مېنى ئۇن نەچچە يېشىمدىلا ئېتىزغا قوغلاپ چىققاندى…
مانا ، شۇنداق ئايىغى چىقماس خىياللار بىلەن بۇ ئولتۇرۇشتا كىم هاراق سۇنسا پوش دېمەي خېلىلا ئىچىپ قويۇپتىمەن ، بىر چاغدا ئالدىمىزغا تاۋاق - تاۋاقتا گۆشلۈك پولۇ تارتىلدى . پولۇغۇ «تاماقلارنىڭ شاهى» دېيىلىدىكەن ، باشقىلار قانداقكىن ، مېنىڭ



هاراقتىن كېيىن پولۇ يېيەلمەيدىغان بىر ئوسال مىجەزىم بار . شۇ تاپتا بۇ ئاشنى كۆرۈپ كۆڭلۈم غىل - غىل بولغىلى تۇردى . «ئولتۇرۇشمۇ ئاياغلىشىپ قالدى . ‹غاچچىدە › ئۆيگە بېرىپ ، ئاپامغا ئاچچىق - چۈچۈك بىر نەرسە ئەتكۈزۈپ ئىچمەيمەنمۇ » دېگەن ئوي خىيالىمدىن كەچتى - دە ، ئاستالا قوپۇپ مەهەللىگە قاراپ كېتىپ قالدىم .
كۈندۈزى بولغاچقا ، مەستلىكىمنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئەپلەپ دەسسەپ ، ئۆيىمىزگە ئەگىلىپ كېتىدىغان دوقمۇشقا كەلدىم . تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان ئاپقۇردا بىر نەرسە تۇرۇپتۇ . ئاپقۇرنىڭ ئۈستىگە يېپىپىكى بىر قولياغلىق يېپىقلىق ، قولياغلىقنىڭ ئۈستى بىر تال چوكا بىلەن باستۇرۇپ قويۇلۇپتۇ . «ئەرۋاه ئېشىكەن - دە !» دەپ دەرهال پەملىدىم . ئەرۋاه ئېشى ئېتىش قايسى زامانلاردا ، كىملەردىن قالغان ئىش ئىكەنلىكىنى ، باشقا يەرلەردە بۇ ئادەتنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن . ئەمما بىزنىڭ يېزىدا قەدىمدىن قالغان بۇ ئادەت هازىرغىچە بار . ئادەتتە ، ئاغرىق - سىلاق بار ئۆيلەر ئەرۋاهلارغا ئاتاپ بىرەر چىنە سۈيۈق - سەلەڭ تاماقنى ئېتىپ ، ئۇنى تۇتۇلمىغان قاچىغا ئۇسۇپ ، ئۈستىگە يېڭى بىر قولياغلىقنى يېپىپ ، تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاچىقىپ قويىدۇ . بۇ تاماقنى كىملا بولسۇن رىزقى چۈشكەن بىرى ئېلىپ ئىچىپ ، ئەرۋاهلاردىن ئاغرىق - سىلاقنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلىپ قويسىلا بولىدىغان گەپ .
شۇ تاپتا مۇنۇ كۆز ئالدىمدىلا تۇرغان ئەرۋاه ئېشىنى بىرى يېڭىلا قويۇپ كەتكەن بولسا كېرەك ، «قاچىنىڭ ئىچىدىكى هەرقاچان سۈيۈقئاش ، ئۆيگە كىرىپ ئاپامنى ئاۋارە قىلغۇچە

مۇشۇنى ئەكىرىپ ئىچىپلا بولدى قىلمايمەنمۇ !» دېگەن يەرگە كەلدىم . قارىسام ، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى ، يىراق بىر يەردىن ئويناۋاتقان ئۇششاق باللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى كېلەتتى . ئۇدۇلدىكى ھويلىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا ياتقان كالا نېمىنىدۇر كۆشەپ ئۈگدەۋاتاتتى . ئىككى دەسسەپلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقتىم - دە ، ئاپقۇرنى «غاچچىدە» قولۇمغا ئېلىپ ، ئالدى - كەينىمگە قارىماي ئۆيگە كىرىپ كەتتىم .

يېڭى ياغلىقنى چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقۇمغا سېلىپ ، راسا ئىشتىھا بىلەن ئاش ئىچىۋاتسام ، ئاپام كىرىپ كەلدى .

— شالاپشىتىپ نېمە ئىچىۋاتىسەنۇي ، بالام ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ .

— ئەرۋاھ ئېشى ، مۇنۇ دوقمۇشقا بىرى ئاچىقىپ قويۇپتىكەن ، ساۋاب بولار ، دەپ ئەكىرىپ ئىچىۋاتىمەن ، — دېدىم بېشىمنىمۇ كۆتۈرمەي .

— ساۋاب بولغىنى قۇرۇسۇن . ھوي ، بۇ ھېلىلا مەن ئاچىقىپ قويغان ئاش ئەمەسمۇ !

يەۋاتقان ئېشىم ئۆپكەمگە كېتىپ ، قاقىلىپ كەتتىم .

— نېمە دەۋاتىسەنۇي ، راستما ؟ !

— بالام ، ئۆزۈڭ زادى ساقمۇ ، مەستمۇ ؟ بىر ئايدىن بېرى مىجەزىمنىڭ بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىسەن . مانا ، ئەتىگەن چىقىپ كەتكەن ئادەم ، ھازىرغىچە قارىسام يوق...

— خاپا بولمىغىن ، ئاپا ، سېنىڭ ئاچىقىپ قويغىنىڭنى نەدىن بىلەي... بولمىسا ھازىرلا بېرىپ ئازراق گۆش تېپىپ كېلەي ، يەنە بىر قاچا ئېتىپ ئاچىقىپ قويارسەن .

— بۇ ئاشنىچۇ ، ئەقىدە قىلىپ ، يەتتە ئۆيدىن ئۇن ، يەتتە



قاسساپتىن گۆش تىلەپ كېلىپ (ئەرۋاھ ئېشىنى ئېتىشنىڭ قائىدىسى شۇنداق ئوخشايدۇ ) ، مىڭبىر جاپادا ئاران ئېتىۋېدىم . توۋا ، ماۋۇ بالىنىڭ قىلغان ئىشىنى !...

ئاپام بىچارە سۇپىنىڭ بۇرجىكىگە «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى . شۇنداق قىلىپ ، ئاپامنىڭ ئەرۋاھ ئېشىنى ئۆزۈم ئىچىۋاپتىمەن . بۇ گۇناھمۇ ، ساۋابمۇ ؟ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ، يامانلىقنىڭمۇ ؟ بىلمىدىم . لېكىن بۇ ئىش شۇ كۈنىلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى . زېرىكىپ تۇرغان خەققە بۇنچىلىك گەپ تېپىلغۇسىز دەڭلار ، كىملا ئاڭلىسا قورسىقىنى تۇتۇپ كۈلەتتى . بەزىلەر گەپنى شاخلىتىپ : «ياق ، سىلەر ئۇقمايسىلەر ، ھاشىر يېڭى ئاپقۇر بىلەن يېڭى قولياغلىق خەققە كېتەتتىمۇ ، دەپ چىدىماي ، ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ چىقىپ ، ئاشنى ياندۇرۇپ كىرىپتىكەن» دېسە ، بەزىلەر : «ھاشىر شۇ كۈندىن باشلاپ كىم ئەرۋاھ ئېشى ئاچىقىدىكىن ، دەپ تۆت كوچىلارنى پىرقىراپ يۈرىدىغان بوپتۇ» دەيتتى . مېنى كۆرسە بەزىلەر يۈزۈمگىلا : «قانداقراق مىجەزىڭلار ‹ئەرۋاھ ئېشى ؟ ›» دەپ چاقچاق قىلىدىغان بولدى .

× ×

مانا شۇ ۋەقەدىن كېيىن «ھەممىسى مۇشۇ مەستچىلىكنىڭ كاساپىتىغۇ !» دەپ ، هاراق ئىچمەسلىككە يەنە بىر قېتىم قەسەم قىلغانىدىم . شۇ ئىشلارنىڭ ئۆتكىنىگە بەش يىلدەك بولۇپ قاپتۇ ، بۇ بەش يىلدا قانچە شاماللار چىقىپ ، قانچە سۇلار ئېقىپ ئۆتتى . باغلارنىڭ چېچىكى بەش قېتىم ئېچىلىپ ، بەش قېتىم تۆكۈلدى .

ئىككىنچى قېتىمقى قەسىمىنىڭ قاچان ، قانداق بۇزۇلغانلىقى ئۆزۈمنىڭمۇ ئېسىدە يوق . دۇنيانىڭ باشقا لەززەتلىرىگە قولۇم يەتمىسىمۇ ، هاراقتىن بولىدىغان «لەززەت»نى قوغلىشىپ يۈرۈۋەردىم . هازىر بۇرۇنقىدەك قاتتىق ئىچمەيمەن ، هاراق دېگەنمۇ پۇلغا كېلىدۇ ، دەڭلار ! ئىلگىرىكى بار ـ يوقنى تەڭ تارتىشىدىغان ئۇلپەتلىرىمنىڭ تولىسى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ كەتتى . ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ ئىچىۋەرسەڭ ، خوتۇنلىرىنىڭمۇ تىلىغا قالىسەن . ئۆزۈم تاپسام ئىچىپ ، بولمىسا قانائەت قىلىپ يۈرىدىغان بولدۇم . بىراق ، ئاز ئىچسەممۇ ، جىق ئىچسەممۇ خەقنىڭ ئاغزىدا ئېتىم «هاراقكەش» ، هېلىقى «ئەرۋاھ ئېشى» ۋەقەسىدىن كېيىن لەقىمىم هاشىر «ئەرۋاھ» بولدى .

ئاپام بىچارە يىلدىن ـ يىلغا ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئۆلتۈرسا ـ قوپسا : «بالام ، مەندىن كېيىن قالساڭ قانداق قىلارسەن ، ئاغرىپ قالساڭ كىم هالىڭدىن خەۋەر ئالار ، كىم ئاش ـ تامىقىڭنى ئېتىپ ، كىرىڭنى يۇيار ؟ كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۆيلىنىۋالساڭ بولاتتى» دېگەن غەمدە قالدى . مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە ، ئېتىزدىن كەلسەملا ئىچ پۇشۇقىمنى هاراق بىلەن چىقىرىپ ، بىرەر قىز بىلەن تونۇشۇشقا چولاممۇ تەگمەپتۇ . يە ئەرگە تېگىدىغان قىزلار مېنى ئىزدىمەپتۇ . مانا ئەمدى يېشىممۇ بىر يەرگە تاقاپ قالدى . مەن ئالىدىغان قىز نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىلەر... ئانام قىزلىق ئۆيلەرنىڭ قانچىسىنىڭ ئىشىكىگە دوقۇرۇپ ، سالپىيىپ يېنىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى : «هاشىرغۇ يامان ئەمەس يىگىت ، لېكىن قىزىمىزنى باشقا يەرگە ئۇناشتۇرۇپ قويۇپتىكەنمىز ، خاپا بولماڭلار» دەپ چىرايلىقچە جاۋاب قىلاتتى . بەزى قوپاللىرى : «ئۇنداق هاراقكەش



«ئەرۋاھ»قا بېرىدىغان قىزىمىز يوق» دەپ ئوچۇقلا دەيتتى . بولمىسا ، قايسى يىگىتتىن قالغۇچىلىكىم بار ، دەيسىلەر ؟ تۆت ئەزايىم ساق ، ئېتىزنىڭ هەرقانداق ئىشى مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، بىرلا ئەيىبىم هاراق ئىچىمەن .

بىر كۈنى ئاپام يەنە «ئۆيلىنىۋالساڭ بولاتتى» دەپ گەپ ئېچىپ :

— ئۆزۈڭنىڭ خەۋىرىدە بار . مەنغۇ بىرقانچە يەرگە بېرىپ باقتىم . هازىرقى زاماننىڭ قائىدىسىدە ئاۋۋال قىز ـ يىگىت ئۆزلىرى پۈتۈشىدىغان گەپ ئىكەن . ئۆزۈڭنىڭ بىرەر نىشان قىلغان يېرىڭ يوقمۇ ، بالام ؟ — دەپ قالدى .

— نېمە دېدىڭ ؟ ! — دېدىم ئۇخلاپ ئويغانغاندەك بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ .

— ئۆزۈڭنىڭ بىرەر تونۇشقان قىزلىرىڭ يوقمىدى ؟ دەيمەن .

شۇ چاغدا ، قارىقۇمچاق ، قارا كۆز ، بەستلىك بىر قىز كۆز ئالدىمغا كەلدى . بۇ قىزنى مەن بىر يىل ئىلگىرى يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن يەرمەنكىدە ئۇچرىتىۋىدىم . يەرمەنكىگە نۇرغۇن ئورۇننىڭ ماگىزىنچىلىرى مال ئەكەلگەنىدى . شەهەردىن چىققان سودىگەرلەر چېدىر تىكىپ ، ماللىرىنى يېيىۋەتكەنىدى . يەرمەنكە باشلانغان كۈنى تۆت ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ ئادەملىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ، يەرمەنكە ناهايىتىمۇ قىزىپ كەتتى . مەيداندىكى ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن يىڭنە تاشلىساڭ يەرگە چۈشمەيتتى . توۋا ! دەيمەن ، شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئىچىدە نېمىشقا شۇ قىزغىلا كۆزۈم چۈشتىكىن ؟... قىزمۇ پات ـ پات ماڭا يەر تېگىدىن قاراپ

قوياتتى . ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن مەن بىر تونۇشلۇق ، ئىسسىقلىق ھېس قىلاتتىم . ئۇ كۈندە قارايغان ، ساغلام ، ھەرقانداق يوغان بۇغداي بېغىنى ئارىغا سانجىپ ، دەس كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ئالالايدىغان ، تازا يېتىلگەن دېھقان قىزى ئىدى . نېمىشقىدۇر بىز ئايلىنىپ - ئايلىنىپ يەنە دوقۇرۇشۇپ قالاتتۇق . مەنغۇ كىتابنى ئانچە كۆپ ئوقۇمىغان ، مۇھەببەت توغرىسىدىكى كىتابلارغا مۇشۇنداق سۆزلەشمەي ، كۆز بېقىشىپلا بىر - بىرىگە كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدىغان ئىشلارمۇ يېزىلغانمىكىن ؟… راستىنى ئېيتقاندا ، مۇھەببەت دېگەن قانداق بولىدۇ ، ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ؛ ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ كېتىپ بارغان ئاشۇ قىز كىتابلاردا يېزىلغان گۈزەللەر قاتارىغا ئۆتەمدۇ ، ئۆتمەمدۇ ؟ بۇنىمۇ بىلەيمەن . ئەمما شۇ كۈنكى يەرمەنكىدە مەن ھۆسنىدە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان قىزنى ئۇچراتمىدىم . نەزىرىمدە مال جاھازلىرىدىكى جىمى رەختلەرنىڭ قىممىتى ئاشۇ دېھقان قىزنىڭ ئۇستىدىكى ئاددىي چىت كۆڭلەكنىڭ پۇرۇچىغا ئەرزىمەيتتى ؛ زىبۇزىننەت سودىگەرلىرىنىڭ بارلىق ماللىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چاقنىشىدا خىرەلىشىپ كېتەتتى… ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلىشىشكە مۇيەسسەر بولدۇم . قىزنىڭ ئىسمى گۈلبەھرەم ئىكەن ، ئۆيى يېڭى مەھەللىدىكەن .

ئاپامغا بۇ گەپلەرنى قىلىپ بېرىۋىدىم ، ئۇ خۇددى «مىڭ بىر كېچە »دىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى .

— ئۇنداقتا ، بالام ، شۇ قىزنى ئاۋۋال ئۆزۈڭ بىر ئىزدەپ تېپىپ سۆزلىشىپ باقساڭ بولغۇدەك ، كېلىشىپ قالساڭلار ئاندىن ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتەيلى ، — دېدى ئاپام .



× ×

«يېڭى مەھەللە» دېگىنىمىز ، بىزنىڭ مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى غولدىن چىقىدىغان سۇ بويىغا جايلاشقان يېزا ئىدى . بۇ يەر تېخى مۇشۇ يېقىنقى يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى مەھەللە بولۇپ ئاۋاتلاشقانىدى . ئاپامنىڭ گېپى بىلەن يېڭى مەھەللىنىڭ ئەتراپىنى بىر ھەپتىگىچە ئەگىپ يۈرۈپ ، بىر كۈنى گۈلبەھرەمنى ئېتىز يولىدا ئۇچرىتىپ قالدىم . تازا چېڭقىچۇش ۋاقتى بولغاچقا ، ئېتىزلىقتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . قىز ئورغاقنى بىلىكىگە سېلىپ ، توپىلىق يولدا يالاڭ ئاياغ كېلىۋاتاتتى . مېنى كۆرۈپ «چىپپىدە» توختاپ ، «ۋىللىدە» قىزاردى .

— گۈلبەھرەم ، ئىشتىن قايتىپسىز - ھە ؟ سىزنى ئۇچرىتىپ قالىمەنمىكىن ، دەپ نەچچە كۈندىن بېرى مەن مۇشۇ ئەتراپتا ئاۋارە…

— بىر گېپىڭىز بارمىدى ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ .

— ئەمدى … — دەپ سۆزنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم .

— تازىمۇ يول ئۇستىدە تۇرۇپ قالدۇق - ھە ! — دېدى قىز ئالدى - كەينىگە قاراپ قويۇپ .

— يۈرۈڭ بولمىسا ، ئاۋۇ قارىياغاچنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ كېتەيلى ، — دېدىم .

قىز يوغان قارىياغاچنىڭ دالدىسىدا ، پۇتىنى ئالدىدىكى ئېرىققا چىلاپ ئولتۇرۇپ ماڭا قۇلاق سالدى . دەسلەپتە گېپىم زادى قولاشمىدى . «خەپ ، بىرەر - ئىككى رومكا قېقىۋالغان

بولسام ـ ھە !» دەپ قالدىم . يېقىندىن بېرى كۆڭنىڭ ئىسسىپ كېتىپ بارغانلىقىنى ، ھېلىقى چاغدىكى يەرمەنكىنى... يەنە نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ كەتتىم . ئاخىرىدا :

— خۇدايىم بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئەركەك ، چىشى قىلىپ ياراتقانىكەن . مانا ، كاككۇك بىلەن بۇلبۇللارمۇ قۇش چېغىدا ئاشىقنى سېغىنىپ سايرايدۇ... قاراڭ ، ئاۋۇ كېپىنەكلەرمۇ جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئۇچۇشۇپ يۈرۈپتۇ... ئىشەنسىڭىز سىزنى يەرمەنكىدە كۆرگەندىن بېرى كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق . ئىككىمىز بىر ياستۇققا باش قويۇپ ، بىر موردىن تۈتۈن چىقارساق ، دەيمەن . قانداق قارايسىز ؟ — دېدىم .

— پاھ ، گەپكە ئەجەب ئۇستىكەنسىز ! مەن تېخى سىزنى مۇنچىلىك گەپ قىلالمامسىكىن ، دەپتىكەنمەن .

قىز شۇنداق دېدى ـ دە تېخىمۇ قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى .

— زادى توپتوغرىسىنىلا ئېيتسىڭىز ، ئۇناشتۇرۇپ قويغان باشقا يېرىڭىز بارمۇ ؟

— ئۇناشتۇرۇپ قويغانغۇ يېرىم يوق . بىراق ، سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشەنگىلى بولامدۇ ؟

— قانداق دەيسىز ؟

— يەرمەنكە بولغىنى بىر يىل بولدى ، ئۇخلاپ چۈشىگەندەك ئەمدى ئېسىڭىزگە كەلگەن ئوخشايمەن . بەش ـ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ماڭا پۈتىڭىزدىكى شىبلىتىڭىزنى يېشىپ بەرگەنتىڭىز ، ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلماي يۈرىسىز...

— نېمە... نېمە دېدىڭىز ؟ !

— مۇشۇنداق ئەمەسمۇ ، ئۇنتۇپ قالىسىز . ئۇ چاغدا مەن تېخى ئەمدىلا ئون ئالتىدىن ئاشقان كىچىك قىز ئىدىم ، سىز تازا



قۇرامىڭىزغا يەتكەن يىگىتتىڭىز . شەھەرگە ھېيت ئوينىغىلى كىرىپ ، بىللە چۈشكەن دوستلىرىمنى يوقىتىپ قويۇپ ، «ئەمدى يالغۇز قانداق چىقىپ كېتەرمەن» دەپ خىيال بىلەن كېلىۋاتسام ، ئارقامدىن ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ سىز كېلىپ قالدىڭىز . «قانداق ، سىڭلىم ، نەگە بارىسىز ؟... بولدى ، بىر مەھەللىلىك ئىكەنمىز ، مەن ئالغاچ كېتەي» دېدىڭىز ، يەنە نېمىلەرنى دېدىڭىزكىن ، ئېسىمدە يوق . ئەيتاۋۇر ، جىق گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭىز . قارىسام سىز ئوبدانلا مەست . «بولدى ، سىز مېڭىۋېرىڭ ، مەن دوستلىرىمغا قارايمەن» دەپ ئايرىلىپ قالدىم... سىز ۋېلىسىپىتىڭىزنى يېتىلەپ كەتتىڭىز ، يولنىڭ بويىدا يەنە تونۇشلاردىن بىرەرى كېلىپ قالامدىكىن ، دەپ خېلى ئولتۇردۇم ، «ئاپلا ، ھېلىقى بالا بىلەن مېڭىۋەرسەممۇ بوپتىكەن» دەپ پۇشايمانمۇ قىلىشقا باشلىدىم . كۈن كەچ كىرىپ كەتكىلى تۇردى . «بولمىدى» دەپ ، باشقا يېزىلارنىڭ ھارۋىلىرىغا يانداشىپ ئازراقلا مېڭىپ قارىسام ، سىز بىر يەردە يولنىڭ نېرىسىدىكى دەرەخ ئاستىدا ۋېلىسىپىتىڭىزنى يېنىڭىزغا قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپسىز ، كېچىكلىكتە قورقماي بېرىپ سىزنى ئويغىتىپتىمەن . «يۈرۈڭە ، چىقىپ كەتسىڭىز ۋېلىسىپىتىڭىزنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇۋالاي» دېسەم ، پۈتىڭىزدىكى شىبلىتىڭىزنى يېشىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ ، «ماۋۇ ئاياغنى ئېلىپ ئالدىمدا مېڭىپ تۇرۇڭ ، مەن ھازىرلا ئارقىڭىزدىن يېتىمەن» دېدىڭىز . ئاياغنى سومكامغا سېلىپ ، ماڭە ـ ماڭە ، مانا كېلە ، ئەنە كېلە بىلەن ئارقامغا قاراپ يېرىم يولغا كېلىپ قالدىم . ئاڭغىچە بەختىمگە بىر ھارۋا ئۇچراپ قالدى ، شۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ، كۈن ئولتۇرغىچە مەھەللىگە ئارانلا

چىقىۋالدىم . ھېلىقى ئايىغىڭىزنى قەغەزگە ئوراپ ، ئېغىلنىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ ، ئىككى يىل ساقلاپتىمەن . قارىسام ، ئىزدەپ كېلەمۇ دېمىدىڭىز . يېڭى مەھەللىگە كۆچىدىغان چېغىمىزدا ئاچچىقىمدا سايغا ئاچىقىپ پىرقىرىتىپ سۇغا تاشلىۋەتتىم .

— مۇنداق دەڭ . راست شۇنداق بىر ئىشمۇ بولۇۋىدى . ئەجەب ياخشى ئاياغ ئىدى ـ دە ، تۇۋا ، ماۋۇ ئىشنى ، ئاياغنى سىزگە بەرگىنىم زادى ئېسىمدە يوقكەن جۇمۇڭ ، ھەي مەستچىلىك دەڭا... ئۇنداقتا ، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار بۇرۇن بىزنىڭ مەھەللىدىكەن ـ دە ؟

— مېنى بۇرۇن ئۇ مەھەللىدە كۆرمىگەنمىدىڭىز ؟

— زادى ئېسىمدە يوق . قىز بالا دېگەن شەيتاندەك تېز چوڭ بولۇپ ئۆزگىرىپلا كېتىدىكەن... ھە راست ، كىمنىڭ قىزىسىز ؟

— داۋۇت مەزىنىنىڭ ، تونۇيسىز ، بۇرۇن داۋۇت ھارۋىكەش ، دەيتتى .

بېشىمغا بىرنى ئۇرۇپ ، ئورنۇمدىن قوپۇپ كەتتىم .

— تونۇيمەن ، تونۇيمەن . ھېلىقى ئىچەرمەن ، ناخشىچى داۋۇتكام... قانداق بولۇپ مەزىن بولۇپ قالدى ؟

گۈلبەھرەممۇ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— دادام ئۇزۇن يىل بولدى ئىچمەيدۇ . يېڭى مەھەللىگە كەلگەندە «داۋۇتنىڭ ئاۋازى ياخشى» دەپ جامائەت ئۇنى يېڭى مەسچىتكە مەزىن قىلىپ قويغان... ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك ، بايا قىلغان گەپلىرىڭىز راست بولسا ، ئۆيگە ئادەم كىرگۈزۈڭ ، ئاتا ـ ئانام نېمە دېسە مەن شۇ . ئاپامغۇ مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدۇ . ھەممە گەپ دادامدا .



— بولدى ، بولدى ، ئۇقتۇم . سىزنىڭلا باشقا پىكرىڭىز بولمىسا ، داۋۇتكام دېگەن ئۆزۈمنىڭ دادامنىڭ ئورنىدىكى ئادەم ، خۇدايىم بۇيرۇسا ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدۇ . خەير !...

شۇنداق دېدىم ـ دە ، ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ يولغا قاراپ ماڭدىم .

— توختاڭە ، يەنە بىر گېپىم ، — دەپ قالدى گۈلبەھرەم ، — ھېلىقى شىبلىتنى سۇغا تاشلىۋەتتىم ، دېسەم راستىمكىن ، دەپ قالماڭ ، تويىڭىزدا ئۆزىڭىزگە سوۋغا قىلىمەن...

تەقدىرنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بارلىقىغا شۇ كۈنى ئىشەندىم . دەرۋازىمىزنىڭ ئالدىدىن «ۋادەرىخا»نى توۋلاپ ئۆتكەن داۋۇت ھارۋىكەش ، قاچاندۇر بىر چاغدا يىتكەن شىبلىت ، يەرمەنكىدە ئۇچراشقان قىز — بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قانداق قىلىپ بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ قالدى ؟ قانداق چېتىلسا چېتىلمامدۇ ، دەيسىلەر ، مېنىڭ مۇنداق چىگىچ مەسىلىلەرنى ئويلاپ يۈرۈشكە نەدە ۋاقتىم . يېڭى مەھەللىدىن چىقىپ ، ئېتىز ئارىلاپ ئۆيگە كەلگۈچە باللاردەك يۈگۈرۈپ ، ئېگىز ئۆسكەن ئوتلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ ئۆتتۈم ، ئېچىلغان ئېگىزلاردا موللاق ئاتتىم . شۇ كۈنى ھاراق ئىچمەيمۇ مەست بولدۇم...

بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن قىز تەرەپكە ئىككى ئادەمنى ئەلچىلىككە ماڭدۇردۇق . ئەلچىلەرنىمۇ تازا تېپىپ تاللىغان ئوخشايمىز ، بىرى ، بىزنىڭ قوشنىمىز ئەمەت «پاراڭ» ، يەنە بىرى ، مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئىدى . ئەمەت «پاراڭ» قىز تەرەپكە گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ ، مېنىڭ كۆپ ياخشى تەرەپلىرىمنى سۆزلىگەن ئوخشايدۇ . شۇ ئارىدا مەزىن ئاخۇنۇم :

«ئۆھۆ! — دەپ ئەمەت پاراڭنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — ئەمدى داۋۇتئاخۇن، سىلى بىلەن بىز بەش ۋاخ ناماز، مەسچىت قوۋمى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ئادەم، ئوغلىمىزنىڭ بىر ئەيىبى بار، ئۇنىمۇ دەپ قويمىساق، كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بىزدىن رەنجىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن. ئۇ بولسىمۇ، بەلكى ئوغلىمىزنى تونۇيدىغانلا، ھاشىر ‹ئەرۋاھ› دەپ لەقىمىمۇ بار. ھاراقنى سەل - پەل ئوشۇق ئىچىپ قويىدۇ» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلبەھرەمنىڭ دادىسى ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ: «بولدى، بولدى، ھاراقكەشكە بېرىدىغان قىزىم يوق» دەپلا گەپنى ئۈزۈپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممە ئۈمىدىم كۆپۈكتەك يوققا چىقتى. «ئەگەر داۋۇت ھارۋىكەشمۇ مېنى كۈيئوغۇل قىلىشنى لايىق كۆرمىگەن بولسا ئىشىم تۈگەپتۇ» دېدىم - دە، ناھىيىگە كېتىدىغان چوڭ يول ئۈستىدىكى جىياڭسۇلۇقلار ئاچقان قاۋاققا كىرىپ تازا ئىچتىم. قاۋاقتىن چىقسام، كۈن تېخى يورۇق ئىكەن. خىيالىمغا نېمە كەلدى، يېڭى مەھەللىگە قاراپ مېڭىپتىمەن. مەھەللىنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ بېرىپ، يېڭىلا ئورۇپ يىغىۋالغان بېدىلىكتە قاچقانچۇق ئويناۋاتقان بالىلاردىن «داۋۇت مەزىنىنىڭ ئۆيى قايسى؟» دەپ سورىدىم. چەتتىكى بىر قورۇنى كۆرسىتىپ قويدى. قورۇق تاملىرى يېڭىدىن سوقۇلغان بۇ قورۇنىڭ ئالدىغا ئەمدىلا كېلىۋىدىم، داۋۇتكامنىڭ ئۆزى غورۇنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئالدىمغا چىقىپ قالدى. توغرا، ھېلىقى بىزنىڭ مەھەللىدىكى داۋۇت ھارۋىكەشنىڭ ئۆزى شۇ، كۆرۈپلا تونۇدۇم. ساقالنى مەيدىگىچە قويۇۋەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ.



— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، داۋۇتكا! — دەپ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئالدىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ تۇرۇپلا قالدى ئۇ.

— مېنى تونۇمىدىڭما؟ يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ھاشىر بولىمەن.

— قايسى ھاشىر، كىمنىڭ بالىسىسەن؟

— ساڭا بىر جىرەن ئايغىرنى ئېگەر - توقۇمى بىلەنلا مىندۇرۇپ قويۇپ، بىر ياماقمۇ ئالمىغان لېۋىرنىڭ بالىسى ھاشىر بولىمەن.

— شۇ، كۆزۈمگە ئىسسىقلا كۆرۈندۈڭ، ئۆزۈڭ كەيپمۇ سەن، قانداق؟ يۈر - يۈر، ئۆيگە كىرەيلى.

— بولدى، ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن، ساڭا دەيدىغان ئىككى ئېغىزلا گېپىم بار. قىزىڭ گۈلبەھرەمنى ئۆزۈمگە لايىق كۆرۈپ، ئۆيۈڭگە ئەلچى ئەۋەتسەم، «ئۇنداق ھاراقكەشكە بېرىدىغان قىزىم يوق» دەپسەن، ئون يىلنىڭ ئالدىدا دەرۋازىمىزنىڭ ئالدىدىن غەرق مەست ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ مەندىن: «ھاراق ئىچمەيدىغانسەن؟» دەپ سورىغىنىڭ ئېسىڭدە باردۇ؟ مەن «ياق» دېسەم، «ھەي، دۇنيانىڭ بىر لەززىتىدىن مەھرۇمكەنسەن - دە!» دېگىنىڭمۇ ئېسىڭدىدۇ؟… مەھەللىنىڭ چوڭ بېغىدا بىزگە ھاراق قۇيۇپ بەرگىنىڭچۇ؟ شۇ چاغدا ئون سەككىز ياشلاردا ئىدىم، ئۆمرۈمدىكى تۇنجى رومكا ھاراقنى سېنىڭ قولۇڭدىن ئېلىپ ئىچتىم. شۇنىڭدىن بېرى مانا ئون يىل بوپتۇ. دۇنيانىڭ سەن دېگەن لەززىتى نەدىكىن، دەپ قوغلىشىپ مۇشۇ يەرگە كەپتىمەن. بۇگۈنگە كەلگەندە سەن ساقالنى بەلگىچە

قويۇۋېلىپ ھەممىدىن ياخشى ئادەم، مەنزە شۇنچە يامان بولۇپ قاپتىمەنما؟ !...

يەنە نېمىلەرنى دەۋەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، داۋۇتكام تۇرغان يېرىدە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. مەن دەيدىغاننى دەپ، قورسىقىمنى بوشاتقاندەك بولۇپ مەھەللىگە قايتىپ كەلدىم.

شۇ كۈنى كېچىچە جۆيلۈپ بىئارام بولغان ئوخشايمەن. سەھەردە كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمدا ئاپام يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ:

— بالام، ئۆزۈڭنى ئۇنچىلىك يوقىتىپ قويما. ھازىر چېپىڭنى بېرىۋېتىپلا، داۋۇتنىڭ ئۆيىگە ئۆزۈم بىر بېرىپ باقاي، ياخشى گەپ قىلسام بەلكىم ئېرىپ قالار، — دېدى.

— بولدى، ئاخشام مەن بېرىپ دەيدىغاننى دەپ، گەپنى ئۈزۈۋېتىپ كەلدىم. ئۇنداق ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان ساۋاتسىز قىزنى ئەرگە بەرمىسە، سىغىپ ئىچسۇن! — دېدىم ـ دە، ئورنۇمدىن قوپۇپ كىيىندىم. ئاغزىمدا شۇنداق دېگىنىم بىلەن يۈرىكىم ئازابلىنىپ تۇراتتى. ئاپام خۇددى كۆڭلۈمنى چۈشىنىۋاتقاندەك:

— بالام، ئۇنداق دېمە، ساۋاتسىز بولغان بىلەن ئۆي ئىشى بىلەن قول ئىشىغا ئوقۇغانلاردىن چېۋەر قىز، دەپ ئاڭلىدىم. يۈزى تۆۋەن بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ شۇ كۈنگە كەپتۇ ... — دېدى.

يۈزۈمنى يۇيۇپ چايغا ئولتۇراي دەپ تۇراتتىم، تالادا بىرى ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغاندەك قىلدى. يۈگۈرۈپ چىقسام، دەرۋازا ئالدىدا داۋۇتكام ئاتلىق تۇرۇپتۇ.

— بالام، ئاخشام تازا ئاچچىقىڭ كەلگەن ئوخشايدۇ ـ



ھە؟ — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، — قىلغان گەپلىرىڭنى ئويلاپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. بولدى، ئاپاڭغا ئېيت، قىزىمنى راستىنىلا كېلىن قىلغۇسى بولسا، تاپقىنىنى ئېلىپ بارسۇن، ئوشۇق ھېچنېمەڭنىڭ كېرىكى يوق، تۆت ئادەمنى چاقىرىپ، ئۆزۈملا نىكاھ قىلىپ قويىمەن.

پەلەكنىڭ قانداقسىگە چۆرگىلەۋاتقانلىقىنى، بۈگۈن كۈننىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدىم. داۋۇتكام شۇنداق دەپلا ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىدى ـ دە، يەنە ماڭا قاراپ:

— ئاستىمدىكى مۇنۇ ئات قانداقراقكەن؟ — دەپ سورىدى.

— قالتىس ئاتتەك قىلىدۇ، داۋۇتكا، سەن ئەزەلدىن يامان ئات تۇتمايسەنغۇ! — دېدىم يۇلقۇنۇپ تۇرغان كۆرەڭ قاشقىغا قاراپ. داۋۇتكام:

— ھاراقنى تاشلىساڭ مۇشۇ ئاتنى ئېگەر ـ توقۇمى بىلەنلا مىندۈرۈپ قويىمەن. قېنى ئويلىشىپ باقارسەن ـ ھە! — دەپ چاقچاقلاشقاندەك كۈلدى ـ دە، ئېتىنى ئۇچقاندەك يورغىلىتىپ كەتتى.

كۆرەڭ قاشقا بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. ئەتىگەنلىك قۇياش مەھەللە باغلىرىنى، ئېتىزلارنى قىزغۇچ نۇرغا كۆمگەنىدى. بۇ دۇنيانىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىنى، ئىنسانلارنىڭ باغرىنىڭ ئىللىقلىقىنى شۇ خاسىيەتلىك سەھەردە تۇنجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلغاندەك بولدۇم. كۆڭلۈمدىن باشقىچە بىر ياشاش قارارى كەچتى...

1987 ـ يىل، غۇلجا

# بوغا

deer

مۇختەر مومىسىنى ئېشەك هارۋا بىلەن يېزىغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتتى. ئۇ چوڭ يولغا چىقىپلا ئېشەكنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە زىرائەتلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان كەڭ ئېتىزلىقلار سوزۇلۇپ ياتاتتى. چوڭ يول بويلاپ كەلگەن ماشىنىلار هارۋىنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇزدەك شامال كۆتۈرۈلۈپ، مۇختەرنىڭ يۈزىگە «گۇررىدە» ئۇرۇلاتتى، مۇختەر يولنىڭ چېتى بىلەن بىر خىل لىڭشىپ كېتىپ بارغان هارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىگە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى.

يېزىدىكى بالىلار قىزىق ئىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى چوكا مۇزنىمۇ بىلمەيدىكەن، «چوكا مۇز دېگەن ياغاچ سېپى بار، تاتلىق مۇز، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇلارغا مۇختەر، — يېسەڭ ئادەمنى شۇنداق هۇزۇرلاندۇرىدۇ، ئېيتمايلا قوي!»

راستىنى ئېيتقاندا، مۇختەر ئۆزىمۇ تويغۇدەك چوكا مۇز يەپ باقمىغانىدى. دادىسى ئۇنىڭغا بەزىدە بەش — ئون پۇڭ بېرىپ قالاتتى. بۇ پۇلغا ئېلىپ يېگەن بىر - ئىككى تال چوكامۇز مۇختەرنىڭ ئاغزىدىلا قالاتتى. ئەگەر بىر سوم پۇل بولغاندا، ئۇنىڭ هەممىسىگە چوكامۇز ئېلىپ يەپ باقسا قانداق بولىدىكىن؟



مۇختەر ئۇزاقتىن بېرى بىر سوم پۇل تېپىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. لېكىن، ئۇ يوللارغا شۇنچىلىك قاراپ ماڭسىمۇ بۇ پۇل ئۇچرىمايتتى. بىر سوم — ئۇنىڭغا يىگىرمە تال چوكامۇز سېتىۋالغىلى بولىدۇ، يىگىرمە چوكامۇزنىڭ ياغىچىمۇ بىر سىقىم بولار، بىر سومغا كەمپۈت ئالسىچۇ؟...

هارۋا يولدىكى بىر كاتاڭغا چۈشۈپ قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى، مۇختەر ئۇخلاپ ئويغانغاندەك بولۇپ ئۆزىنى خىيالدىن يىغدى. ئالدى تەرەپتىن سوغۇق شامال ئۇرۇشقا باشلىغانىدى، ئۇ ئېشەككە بىر تاياق ئۇردى - دە، هارۋىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ ئولتۇردى. هارۋىنىڭ چاقى ئاستىدىكى يولغا تىكىلىپ قارىغىنىدا يول خۇددى ئۆزلۈكىدىن غۇيۇلداپ ئارقىغا كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، تۇيۇقسىز مۇختەرنىڭ كۆزى هازىرلا ئۆزىنىڭ هارۋىسى بېسىپ ئۆتكەن يول ئۈستىدە ياتقان بوغىغا چۈشتى، «هوپ - چۈشە!»

مۇختەر ئېشەكنى توختىتىپ، هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بېرىپ، بوغىنى قولىغا ئالدى. بۇ تېخى يېڭى ئېشەك بوغىسى ئىدى. بۇ كىمنىڭ ئېشىكىنىڭ بوينىدىن چۈشۈپ قالغاندۇ؟... مۇختەرنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. شۇ تاپتا يولدا هېچكىم يوق ئىدى، يىراق ئېتىزلاردا ئىشلەپ يۈرگەن دېهقانلارنىڭ قارىسى كۆرۈنەتتى، مۇختەر ئالدىراپ هارۋىسىغا چىقتى - دە، بوغىنى هارۋىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر باغ چۆپنىڭ ئاستىغا تىقتى.

مۇختەر يولدا كېتىپ بېرىپ: «بۇ بوغىنى ساتسام قانچىگە ئالار، ئۆتكەندە دادام: ‹ئېشەك بوغىسى ئۈچ سوم› دېگەندەك قىلىۋىدى» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە مۇئەللىمىنىڭ: «ئوقۇغۇچىلار تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشى، ئىگىسىنى

تاپالمىسا، مەكتەپكە ئەكېلىپ بېرىشى كېرەك» دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئەسلىدى. ئۇلارنىڭ مەكتىپىدىكى چوڭ زالدا تېپىۋالغان نەرسىلەرنى قويۇپ قويىدىغان ئەينەكلىك جازا بار. ئۇنىڭ ئىچىگە قەلەم، ئاچقۇچ، پورتمال، خاتىرە دەپتەر، كىمدۇر بىرلىرىنىڭ توپ مەيدانىدا ئۇنتۇپ قالغان باشكىيىمى، ھەتتا قىممەت باھالىق سائەتكە ئوخشاش نەرسىلەرمۇ ئېسىپ قويۇلىدۇ، بىراق، بۇ دېگەن بوغا ـ دە! ئېشەكنىڭ بوغىسىنى ئۇ جازىنىڭ ئىچىگە ئېسىپ قويسا، ھەممە ئادەم كۈلەر…

مۇختەر بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە مومىسىنىڭ: «تېپىۋالغان نەرسىنى ‹كىمنىڭ! كىمنىڭ!› دەپ ئۈچ قېتىم ۋارقىراپ، ئىگىسى چىقمىسا ئاندىن ئالسا بولىدۇ» دېگەن سۆزى چۈشكەندى. ئۇ بوغىنى قولىغا ئېلىپ: «كىمنىڭ! كىمنىڭ!» دەپ توۋلىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاۋازى ئوچۇق چىقمىدى. ئۇ ئەتراپقا ئوبدان بىر قارىدى، يېقىن ئۆپچۆرىدە ئادەم يوق بولۇپ، ئېشەك قۇلىقىنى سالپايتىپ، ھېچنېمىدىن بىخەۋەر سوكۇلداپ كېتىپ باراتتى… مۇختەر غەيرەتكە كېلىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم «كىمنىڭ!» دەپ قاتتىق بىر ۋارقىرىدى ـ دە، ئاندىن كۆڭلى تىنىپ، بوغىنى يەنە ھېلىقى چۆپنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى. ئەمدى بوغا سۆزسىز مۇختەرنىڭ بولغانىدى.

يەنە يېرىم سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن، مۇختەر بازارغا يېتىپ كەلدى. بازار ئىچى قايناپ كەتكەنىدى، چوكامۇز ساتقۇچىلارنىڭ ئاق ساندۇقلىرى ماڭدامدا بىر ئۇچرايتتى، تۆپىسىگە شېكەر سەپكەن نان، كاۋاپ، ئالما ۋە باشقا ھەر خىل مېۋىلەر دەمسىز، ئىشقىلىپ، پۇللا بولسا بۇ يەردىن ھەممە



نېمىنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. بوغىنى نەدە ساتسا ئالىدىكىن؟…

مۇختەر ئېشىكىنى يولنىڭ چېتىدىكى دەرەخكە باغلاپ، چۆپنىڭ ئاستىدىكى بوغىنى ئېلىپ، ئادەملەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىردى.

— ماۋۇ بوغىنى ساتىمەن!

دەسلەپتە ئۇنىڭ ئاۋازى ئانچە چىقمىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلمىدى. ئۇ كۈچەپ ۋارقىرىدى:

— ماۋۇ بوغىنى كىم ئالىدۇ؟

چەتتە تۇرغان دۇكاندار بالىنى چاقىردى.

— ھەي بالا، بوغاڭنى ئەكەل!

شۇ چاغدا مۇختەر يول ئۈستىدىكى بۇ دۇكاننىڭ تاملىرىغا ئېسىلغان ھەر خىل ھارۋا جابدۇقلىرى ۋە چوڭ ـ كىچىك بوغىلارنى كۆردى. دۇكاندار مۇختەرنىڭ قولىدىن بوغىنى ئېلىپ، ئۇياق ـ بۇيېقىغا ئۆرۈپ قاراپ:

— ھە، ئازراق تۇتۇلغان بوغا ئىكەن. ئوغرىلاپ كەلمىگەنسەن؟ — دېدى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟!

— تېپىۋالغان ئوخشايسەن ـ ھە، گەپ قىل، قانچە پۇل؟

— ئۈچ سوم.

— ئاپار، ئاپار! يېڭى بوغىنى ئۈچ سومغا ساتالمايۋاتىمىز، بىر سومغا بەرسەڭ ئېلىپ تاشلاپ قوياي.

مۇختەر بوغىنى بىر سومغا بولسىمۇ ساتماقچىدى. لېكىن، ئىتتىك بېرىۋەتسەم ئوغرىلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالمىسۇن دەپ تارتىنىپ:

— بوپتۇ ، ئىككى سومغا ئېلىڭ ، — دېدى .

— بەرسەڭ بىر يېرىم سوم .

— بوپتۇ ، ئېلىڭ .

مۇختەر بىر يېرىم سومنى يانچۇقىغا سېلىپ ھېسابلىدى : بۇ پۇلغا ئوتتۇز مۇزچوكا كېلىدىكەن . بىراق ئوتتۇز مۇزچوكىنى ئارقا - ئارقىدىن يېسە ، ئادەم ئۆزىمۇ مۇزچوكىدەك قېتىپ قېلىشى مۇمكىن - دە !

مۇختەر يىگىرمە پۇڭغا تۆت مۇزچوكا ئېلىپ يېدى ، ئۇ ھېلىمۇ كۆپ ئالمىغىنىغا خۇشال بولدى . ئاخىرقى مۇزچوكىنى يېگەندە ئۇنىڭ سوغۇقى مۇختەرنىڭ مېڭىسىگە چىقىپ كەتكەنىدى . ئۇ يەنە يىگىرمە پۇڭغا ئىككى زىخ كاۋاپ ئېلىپ يېدى . كاۋاپتىن يەنە يېگۈسى بار ئىدى ، لېكىن بۇ چاپسان تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە ئىكەن ، دەپ ئويلىدى . ئۇ ئۇزاقراق چاقىدىغانغا يەنە ئون پۇڭغا شىمىشكە ئالدى . ئەمدى ئۇنىڭ يانچۇقىدا نەق بىر كوي پۇل قالغانىدى . مۇختەر پۇل سالغان يانچۇقىنى تېشىدىن تۇتۇپ - تۇتۇپ قويىدى - دە ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆيىگە يول ئالدى .

ھويلىغا كىرىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىغا دادىسى چىقتى .

— موماڭنى سالامەت ئاپىرىپ قويالىدىڭمۇ ، ئوغلۇم ؟ ھۇششەرە ، ئەسقاتتى ، دېگەن مانا شۇ ! توختا - توختا ! ئەكەل ، ئېشەكنى مەن ئۆزۈم چىقىرىۋېتەي .

مۇختەرنىڭ دادىسى ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى - دە ، تۇرۇپ قالدى .

— ھوي ، ئوغلۇم ، ئېشەكنىڭ بوغىسى قېنى ؟

مۇختەر چۆچۈپ ئېشەككە قارىدى ، راستتىنلا ئېشەكنىڭ



بوغىسى يوق تۇراتتى .

— چۈشۈرۈپ قويغان ئوخشىمامسەن ؟ ھەي ئىست ، تېخى يېڭىلا ئالغان بوغا ئىدى - دە !

مۇختەر يانچۇقىدىكى بىر سوم پۇلنى مىجىقلىغىنىچە ، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى...

1982 - يىل ، كۈنمىڭ

# ئۇرۇق - تۇغقانلار

گەپنى ئاز قىلغان ياخشى ، ئۇشۇق گەپنىڭ زادى نېمە پايدىسى ؟ !... ئىدارىدە يىغىن بولۇپ قالسىلا بۇ ھەقتە كادىرلارغا بىرەر - يېرىم سائەت تەربىيە بەرمەي قالمايمەن .

ئەتىگەندىلا بۆلۈم باشلىقى كىرىپ خىزمەتلەرنى دوكلات قىلغىلى تۇردى . دەرھال ئەسكەرتتىم .

— بولدى ، گەپنى ئاز قىلىڭ . كادىرلار ئىدارىسىنىڭ بىزگە ئادەم بېرىدىغان ئىشى نېمە بولۇپ كەتتى ؟

بۇ بۆلۈم باشلىقى تولىمۇ مىس - مىس ئادەم - دە ! بىر ئېغىز گەپ سورىسىڭىزمۇ ، خۇددى ئۇنىڭغا ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەپ ھارامدەك ، جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئاندىن جاۋاب بېرىدۇ . ھازىرمۇ ئۇ ئورۇندۇقنى «غارت» قىلىپ تارتىپ پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، سول يوتىسىنىڭ ئۈستىگە ئالغان پۇتىنى خۇددى بىرى توكقا ئۇلاپ قويغاندەك توختىماي لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئېزىلىپ گەپ باشلىدى :

— خو... ش... كادىرلار ئىدارىسىگە تۈنۈگۈن يەنە بارغانىدىم . ئۇقسام ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچكەن . خو - ش...

— سىزنىڭ مۇشۇ «خوش»ىڭىزغا خۇشۇم قالمىدى - دە !

— خو... ش ، خا جۇجاڭ بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن ،



بىلىسىز...

— بىلمەن ، بىلمەن ، ئۇ تەرەپلىرىنى دەپ كەلسىڭىز خا جۇجاڭ بىلەن سىزگە قارىغاندا مەن يېقىن . ئۇنىڭ ئايالى بىلەن مېنىڭ ئايالىم ئانا تەرەپ تۇغقان كېلىدۇ .

— خو... ش ، شۇنداق . خا جۇجاڭ بىلەن سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىز يېقىن...

— كۆڭلىمىز يېقىن ئەمەس ، بىز ئۇرۇق - تۇغقان . خا جۇجاڭنىڭ ئۆزىمۇ ئۆگەي دادامنىڭ ئۆگەي ھەدىسىنىڭ بالىسى بولىدۇ .

— خو... ش ، ئۇنداقتا سىلەر دۆڭمەسچىتنىڭ ئالدىدىكى سۈپۈرگىچى ھاشىمانىكامغا تۇغقان كېلىدىكەنسىلەر - دە ؟

— بولدى ، گەپنى ئاز قىلىڭ .

— ياق ، ئۇنداق دېگىنىم ، شۇ ھاشىم سۈپۈرگىچىنىمۇ خا جۇجاڭغا تۇغقان كېلىدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدىم .

— ھوي ، نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەمسىز ؟ سۈپۈرگىچى بىلەن جۇجاڭ قانداق ئۇرۇق - تۇغقان بولالايدۇ ؟ ئۇرۇق - تۇغقان بولغان تەقدىردىمۇ سىزنىڭ بۇ يەردە بۇ گەپنى دەپ يۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق - دە !... خا جۇجاڭنىڭ كېلىنى سوۋېتتىكى بىزنىڭ ئۆگەي ئاكىمىزنىڭ ئايالىنىڭ تۇغقىنى بولىدۇ... بولدى ، خىزمەت ئۈستىدە پاراڭلىشايلى ، ھە كادىرلار ئىدارىسىگە باردىڭىز ؟

— ھە ، خو... ش ، كادىرلار ئىدارىسىگە تۈنۈگۈن يەنە باردىم . ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچكەن...

— بۇ گەپلەرنى دەپ بولدىڭىز ، سادىغاڭ كېتەي !

— خو... ش ، خا جۇجاڭ سىزگە ئۇرۇق - تۇغقان ، ماڭا

كۆڭلى يېقىن بولغاچ، ئىشەنچلىكلا بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئارخىپىنى تالاپ كۆرسەتتى. ئوقۇش نەتىجىسى يامان ئەمەس كۆرۈندۇ، ئارخىپ ماتېرىيالىمۇ قەدىر ئەھۋال يېزىلىپتۇ...

— ئوقۇش، نەتىجە دېگەن مەكتەپتىكى ئىش، ئارخىپ دېگەننى يېزىۋېرىدۇ. نەتىجەم ياخشى، دەپ ھېچكىمگە گەپ بەرمەي، ۋاتىلداۋېرىدىغان بىرىنى ئەكېلىۋالىدىغان بولساق، ئىشىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ دەڭە!... بىزنىڭ بۇ يەر ئەتىدىن كەچكىچە خېرىدارلار بىلەن ۋاتىلدىشىدىغان ماگىزىن ئەمەس؛ مۇنبەرگە چىقىۋېلىپ گەپ بىلەن سائەت توشقۇزىدىغان مەكتەپ ئەمەس؛ بۇ دېگەن ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان يەر. بولتۇر بىز چېرتيوژ بۆلۈمىگە يۆتكەپ كەلگەن ھېلىقى قىزنى قاراڭ، ئەتىدىن كەچكىچە ۋاتىلداپ، جىمى ئادەمنى ئاغزىغا قارىتىپ كۈلدۈرۈپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. بولمىسا، ئاتا - ئانىسى تۈزۈكلا ئادەملەر، ئۇنىڭ دادىسى «س» ئىدارىنىڭ باشلىقى، بىزگە ئازراق تۇغقانمۇ كېلىدۇ. بۇ قىز زادى كىمنى دورىدىكىنتاڭ، بىلمىدىم! چېچىنى چۈشتىن بۇرۇن بىر خىل، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر خىل ياساپ، يۈز - كۆزىنى چاڭچىلىكەشتەك بوياپ يۈرگىنى يۈرگەن. بىز بۇ يەردە ئويۇن قويمايمىز - دە!؟...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، خا جۇجاڭنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن بۇ ئادىمى سۇ ئىشلىرىنى ئوقۇغانىكەن دەڭە.

— سۇچىلىقنى!؟ بەللى، بىز بۇ يەردە ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، توسما ياسىمايمىز - دە!... جۇجاڭنىڭ ھەممىدىن خەۋىرى تۇرۇپ بۇ نېمە قىلغىنى؟ قوبۇل قىلالمايمىزلا دەڭ.

— خو... ش، خا جۇجاڭنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئوقۇغۇچى



بىزنىڭ ۋالىينىڭ ئۆگەي ھەدىسىنىڭ نەۋرىسى ئىمىش...

— نېمە دېدىڭىز!؟

— خا جۇجاڭنىڭ ئۆزىگىمۇ ئازراق شىرەم تۇغقان كەلگۈدەك...

— ھەي، سىزنىڭ ئەزمىلىكىڭىزنى، گەپنى قىسقارتىپ، ئابايامىلا شۇنداق دېسىڭىز بولمىدىمۇ!!...

1987 - يىل، غۇلجا

# ناخشا

سىز كېچىلىرى كىملەرنىڭدۇر يىراقتىن ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز؟ ئايدىڭ كېچىدە ئۇيقۇسى كەلمەي ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتقان قىزغا مۇنداق ناخشىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئېھتىمال، بىز يىگىتلەر تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالماسمىز. بالا ۋاقتىمدا مەنمۇ بەزى كېچىلىرى ئويغىنىپ كېتىپ، يىراقتىن كېلىۋاتقان ناخشا ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتىم. ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان بىر چوڭ يول بار ئىدى. بەزىدە كېچىلەپ ماڭغان كارۋانلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بۇ ناخشا ئۆزىنىڭ يۈرەكنى ئەسىر قىلغۇچى يېقىملىقلىقى بىلەن مېنى يىراق - يىراقلارغا ئەكەتكەندەك بولاتتى. كېچىدىكى ئۇيقۇنىڭ شېرىن لەززىتىدىن كېچىپ، تاكى شۇ ناخشا يىراقلىشىپ، ئاڭلانماي قالغۇچە قۇلاق سالاتتىم.

رۇقىيە ئەنە شۇنداق قىز ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى دېگۈدەك دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ قويۇپ، كىمدۇر بىرىنىڭ يىراقتىن ئېيتقان ناخشىسىغا قۇلاق سالاتتى. بۇ ناخشىچى دائىم تۈن يېرىمىغا يېقىنلاشقاندا پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسى تاغ سۇلىرىدەك ھەيۋەتلىك گۈركىرىمەستىن، سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدەك كىشىنى ئەركىلىتىپ ئۆتەتتى.



كىم بىلىدۇ، كېچىدە ئېتىزلارنى، باغلىق كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرگەن بۇ ناخشىچى شۇ يەردە كىمدۇر بىرىگە ئاشىقتۇ ياكى ئۇنىڭ قەلبىدە پەقەت ناخشا بىلەنلا ئېيتقىلى بولىدىغان ئاجايىپ سىرلار يوشۇرۇنغاندۇ؟ ئېھ، كىشى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ناخشا ئېيتىشنى بىلسە، كۆڭۈلنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر خىياللارنى ناخشا بىلەن بىراقلا تۆكۈپ تاشلىسا!...

رۇقىيەنىڭ بۇ يېزىغا كەلگىنىگە بىر يىلدىن ئېشىپ قالغانىدى. ئۇ يېزا ماگىزىنىنىڭ يېمەك - ئىچمەك سېتىلىدىغان پوكىيىدە ئىشلەيتتى. بۇ تەرەپنىڭ ئىشى ھەممىدىن بېسىق ئىدى، كەمپۈت، پىرەنىك، جىگدە - قاقتىن تارتىپ، چاي - تۈز، تاماكا - ھاراقىچە ھەممە ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر مۇشۇ يەردە سېتىلاتتى. ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك كەلگەن بۇ قىز قول - قولىغا تەگمەي سودا قىلىۋېتىپ، قايسىبىر خېرىدار بىلەن گەپتە چېقىشاتتى، قاقاقلاپ كۈلەتتى؛ تارازا تەخسىسىگە مال ئېلىۋاتقاندا ئالدىغا چۈشۈۋالىدىغان ئۇزۇن چاچلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ تۇرۇپ، گەپنى مىجىماي ئۇزۇپلا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاچچىقىمۇ بار ئىدى. بەزى كۈنلىرى ئۇ كەچتە دۇكاندىن چىققىلى ئۇنىمىغان ھاراقكەشلەرنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ، مەست بولۇپ يېتىپ قالغانلىرىنى پۇتىدىن تۇتۇپ دارقىرىتىپ سۆرەپ تالاغا ئاچىقىپ قويۇپ، دۇكاننىڭ ئىشىكىگە تاراقلىتىپ قۇلۇپ سېلىپ كېتىپ قالاتتى.

رۇقىيەگە خېرىدارلارمۇ، دۇكاندىكىلەرمۇ ئۆگىنىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ قىز كۈتمىگەندە دۇكان مۇدىرىغا مەن باشقا ئورۇندىكى ماگىزىنلارغا يۆتكىلىپ كەتسەم بولامدىكىن، دەپ قالدى. بىر كۈنى، رۇقىيە يوق چاغدا دۇكاندىكىلەر ئۇنىڭ

توغرىسىدا سۆز ئېچىشتى . رەخت ساتىدىغان ئېگىز بويلۇق خىزمەتچى قولىدىكى گەزنى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن تىقىپ ، دۈمبىسىنىڭ قىچىشقان يېرىگە سۈركەپ تۇرۇپ :

— «ئۆيگە ئۆگەنگەن ئۆچكە جاڭگالغا كۆنمەپتۇ» دېگەن مانا شۇ . شەھەردە چوڭ بولغان قىز ھەرقاچان بىزنىڭ سەھرا يېرىگە ئۆگىنەلمەيۋاتامدىكىن ، — دېدى .

كىيىم ساتىدىغان سېمىز خىزمەتچى كاردون قەغەز بىلەن يۈزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ :

— بۇ قىزغا ھاراق - تاماكا سېتىش ئېغىر كېلىۋاتامدۇ - يە ، باشقىغا ئالماشتۇرساق قانداق ؟ — دېدى .

رۇقىيەنىڭ كەتمەكچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھەركىم ھەر خىل قىياس قىلىشتى . ھەممىسى كۆڭلىدە بۇ قىزنى قويۇپ بەرگۈسى يوق ئىدى . ئاخىردا ماگىزىنىنىڭ ئايال مۇدىرى ئويلىنىپ :

— ھەي ، سىلەر ئەر خەقلەر چۈشەنمەيسىلەر . بۇ قىزنىڭ يېزىمىزغا كەلگىنىگە بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى . بۇگۈنگىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالغۇدەك بىر يىگىت چىقمىدى . بولمىسا ئۇ تۇرۇپ قالاتتى ، — دەپ باشقىچە پىكىر قىلدى .

— رۇقىيەنى كۆزلەپ ماگىزىنىنىڭ ئالدىنى ئەگىپ يۈرىدىغان ياش بالىلار ئاز ئەمەسقۇ ؟ — دېدى بىرى .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى مۇدىر ، — لېكىن ، ئادەم دېگەن كۆرۈنگەنلا گۈلگە قونۇۋالىدىغان كېپىنەك ئەمەس - دە !...

كىمنىڭ پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ھازىرچە بىرنېمە دەپ بولمايتتى . ئەگەر نېمە ئۈچۈن كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىنچىكىلەپ سورايدىغان بولسا ، رۇقىيەنىڭ ئۆزىمۇ دۇدۇقلاپ ،



ئېنىقراق بىرنېمە دەپ بېرەلمىگەن بولاتتى... يىگىرمە ياشلاردىن ھالقىپ قالغان بىر قىزنىڭ ھاياتىدا كۆپ بويىچە تارازىنى تاراقلىتىپ مال جىڭلاپ ، شاراقلىتىپ چوت سوقۇشتىن باشقا نەرسە بولمىسا ، بۇ قانچىلىك ئېچىنىشلىق - ھە ! يېزىنىڭ ھاياتى بولسا ئاجايىپ كۆركەم ، گۈزەللىككە باي ئىدى . بۇ يەردە يىراقلاردىن كۈمۈشتەك تولغىنىپ ئېقىپ كېلىدىغان تاغ سۇلىرى ، زېمىننى بېزەپ تۇرىدىغان رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى ، كۆپكۆك ئاسمان ئاستىدا يېيىلىپ ياتقان بىپايان ئېتىز ۋە ئۇنىڭدا ئەمگەك قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ، باغلاردىن كېلىدىغان بۇلبۇل ناۋاسى ۋە يەنە تۈن يېرىمىدا ئاڭلىنىدىغان ناخشا ئاۋازىمۇ بار ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى قىزنى ھاياجانغا سالاتتى . ئۇ ھامان ئۆزىگە يەنە نېمىدۇر بىرنېمىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ ئويغا چۆكەتتى...

رۇقىيە دۇكان مۇدىرىنىڭ قورۇسىدىكى باغ تەرەپكە سېلىنغان بىر ئېغىز ئۆيدە تۇراتتى . ئۇيقۇغا چۆمگەن يېزا ئۈستىگە تولۇن ئاي ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكۈۋاتقان بىر كېچىسى ئۇ ھېلىقى ناخشىنى يېقىنلا بىر يەردىن ئاڭلىدى . قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، ئۈستىگە كوپتىسىنى يېپىنچاقلاپ تالاغا چىقتى - دە ، باغ تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى . ناخشا ئاۋازى خۇددى شۇ باغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى . مۇزدەك شەبنەم قىزنىڭ ئاياغلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى . ئۇ باغنىڭ ئارقا تېمىغا يېتىپ بېرىپ شورىدىن سىرتقا قارىدى . باغنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن يولنىڭ نېرىقى دوقمۇشىدا كىمدۇر بىرى ئېگىز سۇۋادان تېرەككە يۆلىنىپ

تۇراتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنىڭ ھەربىر سۆزى ، ناخشىچىنىڭ ھەربىر تىنىقى قىزغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ئاتلارنى قويۇۋەتتۇق ،
تاغدىكى قىياقلارغا .
يارنىڭ شولىسى چۈشتى ،
سۇ ئىچىگە بۇلاقلارغا .

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ ،
شاخ ـ شېخىدا مەي بولۇپ .
يار بىزدىن يامانلاپتۇ ،
بۇلۇت توسقان ئاي بولۇپ .
......

ئەتىسى رۇقىيە ھويلىدا ئويناۋاتقان بالىنى ئاستا چاقىرىۋېلىپ ، ئۇنىڭغا كەمپۈت سۇنۇپ تۇرۇپ سورىدى :

— مۇرات ، ماۋۇ يەرگە كەلگىنە ، ھەر كۈنى ئاخشىمى ناخشا ئېيتىدىغان كىم ، بىلەمسەن ؟

— ناخشا دەمسىز ؟ — دېدى بالا كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ ، — تالىپ بوۋاممۇ ناخشا ئېيتالايدۇ . مەنسۇر ئاكاممۇ ئېيتىدۇ ، مەنمۇ ئېيتالايمەن . خى... خى... خى... ! قادىر چوڭ دادامنى بىلەمسىز ؟ ئۇ مەست بولۇپ قالغاندا ئېيتىدۇ .

رۇقىيە بالىنىڭ سۆزىدىن ھېچنېمىنى ئۇقالمىدى .



× ×

بۇ يېزىدا مەنسۇر دېگەن بىر يىگىت بار ئىدى . ئۇ ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكى يوق ، بەستلىك ، كۈن نۇرى ئۆتتەك قىزىتىپ تۇرغان ئېتىزدا ئەتىدىن كەچكىچە گۈرسۈلدىتىپ كەتمەن چاپىدىغان قاۋۇل دېھقان ئىدى . ئەمما ، ئۇ تولىمۇ كەم سۆز ، ئادەملەرگە ئارىلاشمايدىغان ، قىزلار بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىپ قالسا ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىدىغان يىگىت ئىدى . ئۇنىڭ دادىسى مەنسۇر تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن ، شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمەيتتى . ئۇ كىچىكىدىن ئانىسى بىلەن يالغۇز ياشىدى . يېتىمچىلىك ، قاتتىق تۇرمۇش ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئەنە شۇنداق ئېغىر ، ئۇنچىقماس ، يېگانە يۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان غەلىتە مىجەزنى يېتىشتۈرگەنىدى . بۇنداق ئادەملەر ئوڭايلىقچە كۆزگە چېلىقمايدۇ . لېكىن ، ئۇ ئاجايىپ ناخشىچى ئىدى . گويا ئۇ بۇ يېزىدا مەنسۇر دېگەن بىر يىگىتنىڭمۇ ياشاۋاتقانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك ، ھەر كۈنى كەچلىكى ئېتىز يوللىرىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتەتتى . ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئويلىسا ، ئۇنىڭ ئېسىنى بىلگۈدەك بولغاندىن كېيىنكى كۈنلىرى ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ ، ئەترەتنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتى ئالدىدا نورمىغا ئۆچىرەت تۇرۇش بىلەن باشلانغانىدى . كېيىن ئۇ تۇلۇققا ئات مىنگۈدەك بولدى ، ئورما ئورۇدى ، سۆرەم سالدى ، سۇ تۇتتى ، خاماندا مەنگەنىنىڭ ئۈستىدە تىنىق ئاسمانغا قاراپ سوزۇلۇپ يېتىپ ، دېھقانلار ئېيتقان نۇرغۇن ناخشىلارنى تىڭشىدى . بۇ ھايات ، بۇ ناخشىلار ئۇنىڭ

روھىغا سىڭىپ كەتكەندەك ئىدى. دېھقانلاردىن ئۇ ئىشلەشنىمۇ جاپاغا بەرداشلىق بېرىشنىمۇ، ناخشا بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇتۇشنىمۇ... ھەممىنى ئۆگەندى. ئۇ ئۆز قەلبىدىكى بارلىق نەرسىنى — قايغۇسىنىمۇ، خۇشاللىقىنىمۇ، ھاياجىنىنىمۇ، ئىچ پۇشۇقىنىمۇ ئاشۇ ناخشا بىلەن ئىپادە قىلىپ يېنىكلىمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

مەنسۇرنىڭ يېشى ھازىر يىگىرمە بەشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆيلەنمىگەنىدى. گويا ئۇ ئۆيلىنىش خىيالىدىمۇ يوق ئادەمدەك يۈرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ يېزىنىڭ چېتىدىكى سايغا ئەپكەش كۆتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە چۈشۈپ كېتىپ بارغان قىزلارغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇ يەنە: مېنىڭ قىزلارغا قاراۋاتقانلىقىمنى بىرەرى كۆرۈپ تۇرغان بولمىسۇن يەنە، دېگەندەك قىلىپ ئەتراپقا قارايتتى-دە، ئىتتىك ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى.

بۈگۈن مەنسۇر بۇغدايغا سۇ باشلاپ قويۇپ، ئېتىز يېنىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يولدا سايداپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز بىرىنىڭ «ۋاي، مېنى تۇتۇۋېلىڭ! يىقىلىپ چۈشىدىغان بولدۇم، مېنى تۇتۇۋېلىڭ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەنسۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ يولنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ۋېلىسىپىتنى ئاستىلىتالماي ئەنسىز ۋارقىراپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆردى. ۋېلىسىپىت بارغانسېرى ئىتتىكلەپ كەلمەكتە ئىدى. مەنسۇر چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، قانداق قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ۋېلىسىپىتلىك ئادەمنى قانداق تۇتۇۋالسا بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ۋېلىسىپىت مەنسۇرغا يېقىنلاشقاندا قىز ئۆزىنى مەنسۇرنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋەتتى. ئۇ



دەل مەنسۇرغا ئېسىلىپلا قالغانىدى. يىگىت ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە تۇرغۇزۇپ قويدى ۋە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يېزا ماگىزىنىدا ئىشلەيدىغان قىز ئىكەنلىكىنى تونۇدى. قىزنىڭ تاتارغان چىرايىغا ئاستا-ئاستا قىزىللىق يۈگۈردى-دە، ئۇمۇ يىگىتكە قاراپ تۇرۇپ قېلىپ كۈلۈۋەتتى.

— ھا!... ھا!... ھا!... قاراڭ، ئەجەب ئىش بولدىغۇ-ھە؟ ۋېلىسىپىتنى يېڭىدىن ئۆگەنگەنتىم؛ قارىسام، دۆڭدىن غۇيۇلداپ چۈشۈپ كېتىپ بارمامدۇ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ۋارقىراۋەتتىم. ھا!... ھا!... ھا!... ھېلىمۇ ياخشى سىز بار ئىكەنسىز.

مەنسۇر كۈلۈپ قويۇپلا بۇرۇلغانىدى، قىز يەنە ئۇنى توختىتىۋالدى.

— توختاپ تۇرۇڭا، خاپا بولماي ماۋۇ ۋېلىسىپىتنى تۇتۇپ تۇرسىڭىز، مەن مىنىۋالاي. تۇۋا خۇدايىم، ئۆزۈم ئەپلەپ مىنەلمەيمەن، مىنىۋالسام چۈشەلمەيمەن. ھا!... ھا!... ھا!... سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

قىز يەردە ياتقان ۋېلىسىپىتنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. مەنسۇر ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردى-دە، قىز مىنىشى بىلەن ئاستا ئىتتىرىپ قويۇۋەتتى.

ۋېلىسىپىتنىڭ رولى ئۇياق-بۇياققا ئىرغاڭلىغاندەك بولۇپ ئاندىن راۋان مېڭىپ كەتتى.

— ھا!... ھا!... ھا!... رەھمەت سىزگە! — دەپ ۋارقىرىدى قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن يول بويىغا يېڭىلا كېلىپ قونغان بىر توپ كەپتەر «گۇررىدە» ئۇچۇپ كەتتى.

ۋېلىسىپىتلىك قىز بارغانسېرى يىراقلاپ، ئاخىر كۆزدىن ئۆچتى. مەنسۇر يول ياقىسىدىكى ئېرىق بويىدىن بىر تال كاككۇكگۈلىنى ئۈزۈۋېلىپ خىيالغا كەتتى. قىزنىڭ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ چۈشكەن ئاپئاق بىلەكلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئىدى. قىزنىڭ ئۇنىڭغا كېلىپ ئۇرۇلغان يۇمشاق كۆكرەكلىرىنىڭ هارارىتى هېلىمۇ ئۇنىڭدىن كەتمىگەندەك بىلىنەتتى. بۇ خۇددى تىنچ تۇرغان سۇ يۈزىنى كىمدۇر بىرى تۇيۇقسىز داۋالغۇتقۇۋەتكەندەك ئىش بولدى. مەنسۇرنىڭ يۈرىكىنىڭ هاياجاندىن دۈپۈلدىشى تېخىچە توختىمىغانىدى. لېكىن، مەنسۇردا بۇ قىزغا نىسبەتەن هېچقانداق خام خىيال يوق ئىدى. كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك ياسىنىپ، كىچىككىنە سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، يېزىنىڭ كوچىلىرىدىن مەپىگە قاتقان ئىچ ئاتتەك غادىيىپ ئۆتىدىغان بۇ شەهەرلىك قىز مەنسۇردەك بىر دېهقانغا نەزىرىنى سالسۇنمۇ؟!... مەنسۇر قولىدىكى گۈلنى ئەلەم بىلەن پىرقىرىتىپ تاشلىدى ـ دە، كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ سۇ ياقىلاپ كەتتى. ئېتىزنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى كۆپتۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ قامەتلىك كۆرسىتەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ناخشا باشلىۋەتتى:

ئىشكىنى قىيا ئېچىپ،
ئېچىپ كەينىڭگە قېچىپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
يۈرىكىمگە ئوت چېچىپ.
......



× ×

مەنسۇر بىلەن رۇقىيەنىڭ ئۇچرىشىشى هېچقانداق مەقسەتسىز، ئەنە شۇنداق تاسادىپىيلا بولغانىدى. كىم بىلسۇن، شۇ كۈندىن باشلاپ مەهەللە ئىچىگە مەنسۇر بىلەن رۇقىيە ئېتىزدا مۇهەببەتلىشىپ يۈرگۈدەك، دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. بۇ گەپكە هېچكىمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. لېكىن بىلەمسىلەر، گەپ تاپىدىغانلار ئارىسىدا راست گەپكە قارىغاندا يالغان گەپ ئىتتىكرەك تارايدۇ. ئۇلار هېچبولمىغاندا بىر ـ بىرىگە: «توۋا، پالانچى دېگەن مۇنداق دېگەن بىر يالغان گەپنى توقۇپتۇ، قاراڭ!» دەپ بولسىمۇ يەتكۈزۈشىدۇ. هېلىقى يالغان گەپمۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ماگىزىننىڭ ئالدىغا ئېقىپ كەلدى.

يېزا ماگىزىنىنىڭ ئالدىنى بۇ يەرنىڭ ئاخبارات مەركىزىگە ئوخشاتسىڭىز بولىدۇ. ئىشتىن قولى بوشاپ قالغان ئادەملەر بۇ يەرگە يىغىلىشىپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشىدۇ؛ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر كۆتۈرۈپ كەلگەن يېڭىلىقلار يەنە بۇ يەردىن مەهەللە ئىچىگە تارايدۇ.

— هوي، ئاغىنىلەر، بىر قىزىق ئىشتىن خەۋىرىڭىزلار بارمۇ؟ — دەپ چىقىپ كەلدى قادىر «شوپاڭ» ماگىزىننىڭ ئالدىدا ساتارنىڭ قولىقىدەك قاتارلىشىپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ.

— نېمە ئىشكەن ئۇ؟ — سورىدى هەممەيلەن تەڭلا.

قادىر ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن هاراق ئىچىپ يۈرىدىغان ئادەم بولغاچقا «شوپاڭ» ئاتىلىپ قالغانىدى. ئۇ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، گېزىت قەغىزىگە قوپال قىلىپ بىر ئورام تاماكا يۆگىدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى تەقەززا

بولۇپ:

— ھوي، ھاراققا نان چىلاپ يەيدىغان «شوپاڭ»، گېپىڭنى قىلمامسەن؟ — دەپ ئۇنى ئالدىراتتى.

— ھە ...، — دېدى تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ قادىر، — ھېچقايسىڭلارنىڭ خەۋىرى يوقما؟ بىزنىڭ مۇنۇ ماگىزىنىدىكى شەھەرلىك قىزچاق بىلەن مەنسۇر يېقىندىن بېرى ئېتىزدا مۇھەببەتلىشىپ يۈرگۈدەك.

— يالغان! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — بۇ ئىشنى ئاخشام مەستچىلىكتە چۈشۈڭدە كۆرگەن ئوخشايسەن.

— نېمە دەۋاتىسىلەر، — دېدى قادىر كالپۇكىغا چاپلىشىپ قالغان تاماكا يۇقىلىرىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — تۈنۈگۈن ئۇلارنىڭ تېرەكلىك يولدا قۇچاقلىشىپ تۇرغانلىقىنى ئېتىزغا چىققان ئاياللارنىڭ ھەممىسى كۆرۈپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار «يائاللا!» دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ، ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قېلىشتى.

— ئاشۇ بىزنىڭ مۆرىمەس مەنسۇر بىلەنما!؟

— «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دېگەن گەپ راستكەن - دە؟!

بۇ گەپ ماگىزىننىڭ ئالدىغا ئولاشقانلار ئارىسىدا بەكمۇ قىزىقىش قوزغىدى. نېمىشقا دېسىڭىز، بۇ پاراڭ باشقىلار ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى مۇشۇ كۈنگىچە يېزىدىكى بىرەر يىگىتكىمۇ كۆز قىرىنى تاشلاپ قويمىغان «شەھەرلىك خېنىم» بىلەن يىگىرمە بەش ياشقىچە ئۆيلەنمىگەن مەنسۇر توغرىسىدا بولۇۋاتاتتى - دە!

ماگىزىن ئېچىلىش بىلەن سودا - سېتىق ئىشلىرى



بارلارمۇ، يوقلارمۇ ھەممىسى دېگۈدەك دۇكانغا بىر قېتىمدىن كىرىپ چىقىشتى. رۇقىيە ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق، ئۆزىنىڭ كۈلكىسىنى كۈلۈپ، سودىسىنى قىلىۋاتاتتى.

چۈشتىن كېيىن ئادەملەرنىڭ بۇ ۋەقە توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسىدە ئۆزگىرىش بولدى.

— بۇ ئىشقا نېمانچە ھەيران قالغۇلۇق؟ — دېيىشتى ئۇلار، — رۇقىيە مەنسۇرغا قىزىقىپ قالسىمۇ قالغاندۇ. بىزنىڭ ئۇ يىگىتىمىز كىمدىن قالاتتى؟

— ئۇنىڭ ناخشىسىلا ھەرقانداق قىزنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالىدۇ - دە!

شۇ چاغدا، ئارىدىن بىرى ھەيران بولۇپ:

— ئۇنداقتا كېرەمچۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— راست، كېرەم - ھە؟

كېرەم گۆشچى بانكىسىدا خىزمەت قىلىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇ يېزىدا ئالاھىدە ياسىنىپ يۈرىدىغانلاردىن بولغاچقا، باشقىلار ئۇنى كېرەم «سەتەڭ» دەپمۇ قوياتتى. ئۇ ئىلگىرى بىر دېھقان قىزىغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئايالىنى بىر بالىسى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھەيدىۋەتكىلى ئۇزاق بولغانىدى. كېرەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش مائاشلىق، «مەدەنىي» قىزلارغا ئۆيلىنىش نىيىتى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ رۇقىيە ماگىزىنغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ ئۇنى ئەگىپ يۈرەتتى. يېزىدا يەنە كېرىم رۇقىيەنى ئالغۇدەك، دېگەن پاراڭلارمۇ بار ئىدى.

رۇقىيە بىلەن مەنسۇر توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەك كېرەمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ئۇ ئولتۇرالماي قالدى. كېرەم ماگىزىنغا كىرىپ كەلگەندە رۇقىيە قولىدىكى تالونلارنى

ۋاراقلاپ ، ھەدەپ چوت سوقۇۋاتاتتى .

— ئۇھۇ ! — دەپ يۆتەلدى كېرەم پوكەيگە پوكىننى قويۇپ تۇرۇپ ، — ئاڭلىسام ، يېڭى گەپلەر بارغۇ ؟

— نېمە گەپكەن ئۇ ؟

— يولدىچۇ… سىز بىرى بىلەن يۈرۈپسىزغۇ ؟

— يۈرسەم يۈرگەندىمەن ، سىز مېنى باشقۇراتتىڭىزمۇ ، كىمكەن ئۇ ؟

— مەنسۇر «مۆرىمەس»چۇ ، ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ .

قىز چوتنى «شاق» قىلىپ نېرىگە ئىتتىرىپ قويدى ـ دە ، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى .

— ھا !… ھا !… ھا !… «ئوت تۈگەپ يۆگىمەچ قاپتۇ ، ئەر تۈگەپ غوجامەممەت…» دېگەندەك ، ماڭا چاپلىمىغان شۇ ئادىمىڭلار قاپتۇمۇ ؟ چىققىچە تولا ۋاتىلدىماي !

كېرەم ماگىزىندىن ھىجىيىپ چىقىپ كەتتى . قىزنىڭ ھازىرقى گېپىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقانىدى .

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ، كېرەم شەنبە كەچلىكىگە توغرىلاپ ئۆيدە ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇردى . بۇ ئولتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق مېھمىنى رۇقىيە ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى . كېرەم شۇ ئارقىلىق رۇقىيەنىڭ ئۆز ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا نامايان قىلماقچىدى . ئۇنىڭ مېھمانلىرى ئىچىدە يېزىلىق پوچتىخانا ، ماگىزىنلاردا ئىشلەيدىغان بىرنەچچە خىزمەتچىلەر ۋە يېزا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى قىزلىرىدىن باشقا ، يەنە ئولتۇرۇشنى قىزىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يوغان ئۈنئالغۇسىنى كۆتۈرۈپ شەھەردىن يېتىپ كەلگەن كېرەمنىڭ يېقىن بىر



ئاغىنىسىمۇ بار ئىدى . مېھمانلار تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، داستىخان يىغىلىپ ، تانسا قىلىش ئۈچۈن ئۈنئالغۇ قويۇلدى . كېرەم بۇ ئولتۇرۇشنىڭ داغدۇغىسىنى پۈتۈن مەھەللىگە يايماقچى بولغاندەك ئۆينىڭ باغ تەرەپكە قارىغان دېرىزىلىرىنى داغدام ئېچىۋەتتى .

نېپىز كالپۇكنىڭ ئۈستىگە قېرىنداشتا سىزىپ قويغاندەك ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان شەھەرلىك يىگىتنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۈنئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان ساز «غەربنىڭ ئەڭ زامانىۋى مۇزىكىلىرى»دىن بىرى ئىكەن .

— پاھ ، نېمىدېگەن ئېسىل ـ ھە ! — دەۋەتتى كېرەم قولىدىن قاس چىقىرىپ .

ئولتۇرغانلارمۇ «قالتىسكەن» دەپ قويۇشتى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۈنئالغۇدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كالىلارنىڭ مۆرىشى ، پاقىلارنىڭ كۇركىرىشى ۋە غازلارنىڭ غاقىلدىشىدىن ھاسىل بولغان غەلىتە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدەك ئاڭلاندى . شەھەرلىك يىگىتنىڭ بولسا ئۈنئالغۇ قويۇلۇشى بىلەنلا بەدەنلىرى مىدىرلاپ ، ئاياغلىرى تېپىرلىغىلى تۇرغانىدى .

— قېنى ، ئاغىنە ، ئۆزۈڭ بىر باشلاپ بەرگىنە ! — دېدى كېرەم ئاغىنىسىنى ئوتتۇرىغا ئىتتىرىپ .

بۇرۇتلۇق يىگىت ساغرىسىنى ئىككى تەرەپكە ئېتىپ ، بەللىرىنى خېمىردەك تولغاپ تانسىغا چۈشۈپ كەتتى . مېھمانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مۇنداق يېڭىچە ئۇسۇلنى كۆرۈشى تۇنجى قېتىم بولسا كېرەك ، ئۇلار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ، چەكچىيىپلا قارىشىپ قالدى . يەنە بىرنەچچىسى پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى . ھېلىقى يىگىت لاي چەيلەۋاتقان تونۇرچىدەك

ھەدەپ ئالدى ـ كەينگە ماڭاتتى . ئۇنڭغا جور بولۇپ ئوتتۇرىغا چۈشكۈدەك ھېچكىم بولمىدى . كېرەم بولسا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، رۇقىيەنىڭ بىقىنىغا كىرىۋېلىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى . بىر چاغدا رۇقىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ : «توختاڭلار !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى . «نېمە بولغاندۇ ؟» دەپ چۆچۈپ كەتكەن تانسچى يىگىت سەكرەپ بېرىپ ئۇنىئالغۇنى ئۆچۈرۈۋەتتى . دېرىزىدىن ئېتىلىپ كىرىۋاتقان ناخشا ئاۋازىنى ھەممە ئېنىق ئاڭلىدى .

ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلسەم ،
ئۇنۇمدىن تونۇرسەنمۇ ؟
چۈشۈڭگە كىرىپ قالسام ،
چۆچۈپ ئويغىنارسەنمۇ ؟
......

ناخشا دەل باغنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى . مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئورنىدىن تۇرۇپ ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئولاشتى . «خەپ ، ئەتىلا زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ كېتەر ، — دەيتتى كېرەم ئىچىدە ، — قېرىشقاندەك باغنىڭ ئارقىسىغىلا كېلىپ كاركىرىغىنىنى قارا !»

ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلسەم ،
ئۇنۇمنى تونۇغان يارىم .
جاپايىمنى تولا تارتىپ ،
ھالاۋەت كۆرمىگەن يارىم .



مەنسۇر بىر ناخشىدىن كېيىن يەنە بىر ناخشىنى ئۇلاپ ئېيتماقتا ئىدى . ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك ، كېرەمنىڭ شەھەرلىك ئاغىنىسىمۇ : «ۋاھ ! ۋاھ ! كىم ئېيتىۋاتىدۇ بۇ ناخشىنى ؟ ئاۋازى نېمىدېگەن ياخشى ، ناخشىچىنى مۇشۇ يەرگە چاقىرساق ، ناخشىسىنى ئۇنىئالغۇغا ئېلىۋالسام بوپتىكەن» دېگىلى تۇردى ، كېرەم ئاخىر بولالماي ، مەنسۇرنى ھەيدىۋېتىش ئۇچۇن تالاغا ماڭدى . ئۇ يەردە مەھەللىنىڭ بىرنەچچە ئاقساقاللىرى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەنسۇرنى : «ناخشا ئېيتىپ بەر ، ئوغلۇم» دەپ تۇتۇۋالغانىدى . كېرەم ئۆستەڭ بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇپ ، مەنسۇرنىڭ ناخشىسىنى بېرىلىپ تىڭشاۋاتقان چوڭلارنى كۆرۈپ ، بىرنېمە دەپ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماي قايتىپ كىردى .

شۇ كۈنى مەنسۇر ئاشىق بولغان يىگىتتەك ئوتلۇق ھېسسىيات بىلەن ناخشا ئېيتتى . بۇ ناخشىغا يەنە بۇلبۇللارنىڭ يىراقتىن ئاڭلانغان ئاۋازى قوشۇلۇپ ، ئاجايىپ بىر يېقىشلىق كۈينى ھاسىل قىلاتتى . بۇ ئۇلۇغ سەنئەت ئالدىدا ھەرقانداق ياسالما ، سۈنئىي نەرسىلەر شۇنچىلىك ئەرزىمەس ۋە چاكىنا تۇيۇلاتتى . شۇ كېچە رۇقىيە ناخشا ئېيتىۋاتقان دېھقان يىگىتنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدى .

......

كۈنلەر يېپىقا تىزىلغان مارجاندەك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى . كېيىنكى كۈنلەردە رۇقىيەنىڭ بۇ يىزا ماگىزىنىدىن يۆتكىلىپ كېتىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قايتا ئېغىزغا ئالغىنىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى . ئۇنىڭ مىجەزىدىمۇ ئۆزگىرىش بولماقتا ئىدى . ھازىر رۇقىيە دۇكانغا ئاددىيلا

كىيىنىپ كېلەتتى . ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلىدىغان كۈلكىلىرى ئازىيىپ ، خىيالچان بولۇپ قالغانىدى . بەزىدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا دۇكاندىمۇ ناخشا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولاتتى - دە ، ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى .

بىر كۈنى مەنسۇر ماگىزىنغا كىرىپ قالدى . رۇقىيەنىڭ مەنسۇرغا كۆزى چۈشۈشى بىلەن نېمىشقىدۇر يۈرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى . هاراق سېتىلىدىغان تەرەپتە بىرنەچچەيلەن پوكەينىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپلا ، ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىغا هاراق قۇيۇپ ئىچىۋاتاتتى . ئوبدانلا مەست بولۇپ قالغان قادىر «شوپاڭ» مەنسۇرنى كۆرۈپ ، ئاغزىنى ئېرىتىپ ئورنىدىن تۇردى .

— ئوهوي ! بىزنىڭ مەنسۇرنىڭ قەدىمى بۇگۈن ماگىزىنغا يېتىپ قاپتۇغۇ ، — دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ ، — هوي ، مەنسۇر ! «دېهقاننىڭ كۆڭلى بىر يەردىن ، بىر خوتۇندىن خۇش بولىدۇ» دېگەن گەپ بار ، تويۇڭنى قاچان ئوينايمىز ، ئۇكا !

هاراق ئىچىپ ئولتۇرغانلار «پاراققىدە» كۈلۈشۈۋەتتى . قادىر «شوپاڭ» كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا رۇقىيەگە قاراپ هىجىيىپ قويدى . قىز مەستلەرگە ئاچچىق بىر نەزەر تاشلىدى - دە ، سودىسىنى قىلىۋەردى . دەل شۇ چاغدا دۇكانغا كېرەم كىرىپ قالدى . ئۇ دۇكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي قىپقىزىل بولۇپ تۇرۇپ قالغان مەنسۇرغا بىر قارىدى - دە ، توختاپ قالدى .

— ئوهوي ، مەنسۇر ، بىرەر يۇتۇم قېقىۋالغۇڭ كەپتىكەن - دە ، — دېدى كېرەم مەسخىرە ئاهاڭدا ، — ئالدى بىلەن پۇلۇڭنى چىقىرىپ پوكەيگە يېقىنلاشساڭ بولىدۇ ، بولمىسا رۇقىيە هاراقنى قاراپ تۇرغانغا بەرمەيدۇ .



— مەن… مەن ماگىزىنغا هاراق ئىچكىلى كىرمىدىم ، — دېدى مەنسۇر . ئۇنىڭ غەزەپتىن بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى .

— ۋەي ! … ، — ئاۋازىنى سوزۇپ كۈلدى كېرەم ، — ئۇنداقتا ناخشا ئېيتقىلى كىرىپسەن - دە ! ها !… ها !… ها !…

— ناخشا دېگەن نەدىلا ئىچسە بولۇۋېرىدىغان هاراق ئەمەس ، بىلىپ قوي ، ئۇ ناخشا !

— مۇنداق دە ، ئۇنداق بولسا بىر سوم بېرەي ، ئاخشاملىقىقا بىزنىڭ باغنىڭ كەينىگە كېلىپ ئېيتىپ بەر !

— كېرەم ، نومۇس قىلىسىڭىزچۇ ، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ؟ — دېدى رۇقىيە ئەلەمدىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ .

— بۇ «مۆرىمەس»كە ئانچە يان بېسىپ كەتمەڭ !…

تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان مەنسۇر كاپ قىلىپ كېرەمنىڭ ياقىسىدىن ئالدى - دە ، ئۇنى كۈچ بىلەن ئالدىغا بىر تارتىپ قويۇۋەتتى . كېرەم سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ دۈم چۈشتى . ئۇنىڭ دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان پەرداز ئەينىكى مەيدە يانچۇقىدىن قاڭقىپ چۈشۈپ ، سىيرىلىپ بېرىپ ماگىزىننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى . مەنسۇر ئارقىسىغىمۇ قارىماي ماگىزىندىن چىقىپ كەتتى…

شۇ كۈنىلا مەهەللە ئىچىگە كېرەم بىلەن مەنسۇر رۇقىيەنى تالىشىپ ماگىزىندا مۇشتلىشىپتۇدەك ، دېگەن گەپ پۇر كەتتى . مەنسۇرمۇ شۇنىڭدىن كېيىن يېزا ماگىزىنغا ئاياغ باسمىدى ، ئۇنىڭ كېچىلىرى ئېيتىدىغان ئاجايىپ ناخشىلىرىمۇ ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالدى . رۇقىيە گويا قىممەتلىك بىر

نەرسىسنى يېتتۇرۇپ قويغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى . ئۇ ئۇيقۇسىز كېچىلىرى تۈن جىمجىتلىقىغا قۇلاق سېلىپ ، پەقەت چېكەتكىلەرنىڭ تىنىمسىز چىرىلدىشى ، قەيەرلەردىدۇر ئەنسىز ھاۋشىغان ئىتلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالاتتى ـ دە ، بۇلۇتلار ئارىسىدا بىر يوقىلىپ ، بىر پەيدا بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئايغا قارىغىنىچە خىيالغا كېتەتتى .

مۇھەببەت دېگەن زادى نېمە؟ رۇقىيەنىڭ كۆز ئالدىغا ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتى ، ئوغۇللار قەلەمتىراچ بىلەن ئويۇپ ، ھەر خىل خەتلەرنى يېزىۋەتكەن پارتىلار ، بورنىڭ ئاقۇچ چېڭى توزۇپ تۇرىدىغان دوسكا ئالدى كېلەتتى . بىر قېتىم ، سىنىپتا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ بىر ئوغۇلنىڭ «مېنى بىرنى سۆيۈپ قوي» دەپ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالغىنى ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ . ھېلىقى بالىنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتكەنىدى . لېكىن ، بۇ ئىش رۇقىيەگە تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى ـ دە ، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ، بىر يۇلقۇنۇپلا تالاغا قاچقانىدى… رۇقىيەنىڭ كىتابلاردا ئوقۇغان ، كىنولاردا كۆرگەن مۇھەببەت ۋەقەلىرىمۇ باشقىچە ئىدى . ئۇلاردا تەسۋىرلەنگەن يىگىتلەر ئۆزلىرى سۆيگەن قىزلارغا ئەڭ يارقىن سۆزلەرنى قىلاتتى . لېكىن ، مەنسۇرچۇ؟ رۇقىيە ئەجەب شۇ ئۇنچىقماس ، يېگانە يۈرىدىغان بىر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا ـ ھە؟ !…

رۇقىيە قانچە قىلىپمۇ مەنسۇرنى خىيالىدىن نېرى قىلىۋېتەلمىدى . قىزنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇ بىردە ماگىزىننىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي ئوتتەك قىزىرىپ تۇرۇپ قالغان ھالەتتە ، بىردە ئايدىڭ كېچىدە ئېگىز سۇۋادان تېرەككە



يۆلىنىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ھالەتتە كېلەتتى . رۇقىيە بىرىنچى قېتىم ۋېلىسىپىتلىق كېلىپ مەنسۇرغا قانداق ئۇرۇلغانلىقىنى زادى ئۇنتۇمايتتى . دەسلەپتە قورققىنىدىن ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەنىدى . كېيىن ، مەنسۇر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ تۇرغۇزۇپ قويغاندا ، ئاندىن كۆزىنى ئېچىپ ئالدىدا تۇرغان يىگىتنى كۆرۈپ قىزاردى . ئۇ چاغدا مەنسۇر شىمىنىڭ پۇچقىقىنى يوغان يوتىسىغىچە تۈرۈۋەتكەن بولۇپ ، كۆڭلىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ياقىسىدىن ئۇنىڭ كەڭ كۆكرەكلىرى ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ بۆرتۈپ چىققان بۇلجۇڭ گۆشلىرى كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى . توپىلىق يەرگە دەسسەپ تۇرغان يىگىت ئاشۇ چاغدا رۇقىيەگە گويا رىمنىڭ قەدىمىي چېلىشىش مەيدانلىرىدىكى پالۋانلارنىڭ تاش ھەيكىلىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەنىدى… ئاھ ، بۇ كېچە نېمانچە ئۇزۇن ، كىشىنى ئەركىلىتىپ ئۆتىدىغان ھېلىقى ناخشىلار ئەمدى نەگە كەتكەندۇ ؟…

ئارىدىن يەنە بىر ئايچە ئۆتتى . ئاي ئەتراپىنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇرغان بارات كېچىسى ئىدى ، بالىلار يوللارغا گۈلخان يېقىپ ، ئاتلىشىپ ئوينايتتى ، تۈنەك ئويناشقا ماڭغان قىزلار دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يىغىلىشماقتا ئىدى . شۇ چاغدا ، يېزىنىڭ قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان باغلىرى ئارىسىدىن ناخشا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى . ئېتىز تەرەپتىن ئۇرغان كېچىلىك شامال ناخشا ئاۋازىنى بىردە كۈچەيتىپ ، بىردە ئاللىقاياقلارغا ئەكېتەتتى . قەيەردىندۇر بىر ئىشەك غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، چوڭ يول ئۈستىدە رۇقىيە پەيدا بولدى . ئۇ ئالدىدىكى ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ، ئېتىز يولىغا چۈشكەندە ، تېرەكنىڭ دالدىسىدا تۇرغان كىرەم ئۇدۇللاپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى .

— توختاڭە ، نەگە ماڭدىڭىز ؟ مەن سىزنى ساقلاپ تۇرغىلى بىر ـ ئىككى سائەتچە بولدى .

— كېرەم ، مەن سىزگە ئېيتقانغۇ ؟ مېنى ئاۋارە قىلماڭ !

— توختاڭە ، بىر ئېغىزلا گېپىم بار .

كېرەم قىزنى بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى . مەھەللىنىڭ قىزىقچىلىق كۆرۈش ئۇچۇن تام ئارقىسىغا كېلىپ مارىشىپ تۇرغان ئۇششاق بالىلىرى قانچە قولاق سېلىپمۇ ئۇلارنىڭ زادى نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي قالدى . ئاي بۇلۇت ئارىسىغا شۇڭغۇپ ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بۇ ئىككى گەۋدە ئۇستىگە قاراڭغۇلۇق تاشلىغانىدى . ھېلىقى ناخشا ئاۋازى بولسا بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتاتتى . قىز كېرەمنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى ـ دە ، خۇددى بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن ئادەمدەك ناخشا ئاۋازى يىراقلىشىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى .

— ماڭا قارىڭە ، بارماڭ ، ئۇ سىزنىڭ لايىقىڭىزمىدى ؟ توختاڭە !...

كېرەمنىڭ يېلىنىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى تۈن بوشلۇقىدا جاۋابسىز قالدى . بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىققان ئاي يول ئۇستىدىكى قىزنى يورۇتتى . يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان قىزنىڭ بويىنىغا چۈشۈپ قالغان ياغلىقى شامالدا توختىماي لەپىلدەيتتى...

1983 ـ يىل ، گۈيياڭ



# قاش بويىدىكى ۋەقە

قاش دەرياسى بويىدىكى توقايلىقلارنى بىر كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۇزاققىچە ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ . سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرىدىن ھاسىل بولۇپ ، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ، تاغ قىساڭلىرىدىن ھەيۋەت بىلەن بۇژغۇنلاپ ئېقىپ چىقىپ كېلىۋاتقان قاش دەرياسى بۇ يەردىكى ياپيېشىل تۈزلەڭلىكلەرگە يېتىپ كەلگەندە ، يېيىلىپ ئېقىپ تارماق ئاراللارنى پەيدا قىلىدۇ . ئەنە شۇ تەبىئىي شەكىللەنگەن ئاراللاردا سىز بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسكەن جىغان ، زىرىق ، تاللارنى ، قەدىمىي تاغ تېرەكلىرىنى ، توقاي ئىچىدىكى قۇياش نۇرى بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقلاردا بولسا ، رەڭمۇرەڭ ياۋا گۈللەرنى ، كۆپكۆك چىمەنلەرنى كۆرىسىز . دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپ بۇ توقايلىقلارغا قارىغاندا ، كىشى ھاياجاندىن ئىختىيارسىز چوڭقۇر نەپەس ئالىدۇ . ئالدىڭىزدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا ، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئاراللاردا بولسا قەدىمىي توقايلىقلار ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا كۆكۈچ رەڭ ئېلىپ تاۋلىنىپ تۇرغان قارىغايلىق تاغلارغا تۇتىشىپ كەتكەن ئېدىرلار ، ھەممىنىڭ ئۇستىدە ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن چوققىلار... شۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن مەنزىرىنى كۆرگىنىڭىزدە ، ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ ئۇستا رەسسام ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايسىز .

ئاراللار ئوتتۇرىسىدىكى توقايلىقلارغا ئۆتۈپ ئارىلىغىنىڭىزدا، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇ يەردە بېلىقچىلار، پادىچى باللار، سەيلە ـ ساياھەتچىلەر ھەر تەرەپكە ئىز بېسىپ قالدۇرغان يالغۇز ئاياغ يوللارنى كۆرىسىز. بۇ يوللار بىلەن ماڭغىنىڭىزدا، ئورمان ئىچىدىكى چىرىگەن يوپۇرماقلاردىن كۆتۈرۈلگەن نەمخۇش ھاۋا دىمىغىڭىزنى غىدىقلايدۇ. يېشىل ئوتلار پۇچاقلىرىڭىزغا ئۇرۇلۇپ، جىغانلارنىڭ تىكەنلىرى چاپىنىڭىزنىڭ پەشلىرىنى سىجاپ ئۆتىدۇ. قەيەرلەردىدۇر بىر يەردە تاغ تېرەكلىرىنىڭ يىقىلغان شاخلىرى، مۇخ باسقان كۆتەكلەر ئالدىڭىزنى توسۇيدۇ. بۇ ئاياغ يوللار بىر مەنزىللەرگە يەتكەندە، تۇيۇقسىز غايىب بولىدۇ ـ دە، ئۆزىڭىزنىڭ يەنە ئايلىنىپ دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى كۆرىسىز. دەريانىڭ سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈككى، قىرغاقتىكى تاشلار سۇ ئاستىدا ئېنىق يالتىراپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سىز ئاجايىپ تاشلاردىن خاتىرە ئۈچۈن بىرنەچچە تال سۈزۈۋالماقچى بولۇپ يەڭلىرىڭىزنى تۈرۈپ قولىڭىزنى سۇغا تىقىسىڭىز، قارىماققا تېيىز يەردىكىدەك تۇرغان بۇ تاشلارنىڭ خېلىلا چوڭقۇردا — قول يەتمەس يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىسىز ـ دە، ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىسىز… بەزىدە ھېلىقى ئاياغ يوللار سىزنى ئورمان ئىچىدىكى دالا گۈللىرى قۇياش نۇرىدا رەڭمۇرەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان قانداقتۇر بىر ئوچۇقچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە سىز كىملەرنىڭدۇر قازان ئېسىپ گۈلخان ياققان ئىزلىرىنى، ئىسلاشقان چوڭ ـ چوڭ تاشلارنى كۆرىسىز. بۇ ئوچۇقچىلىقتىكى يېشىل ئوتلارغا ئۆزىڭىزنى تاشلاپ، كۆپكۆك ئاسمانغا قارىغىنىڭىزدا، كۆكتىكى ئاپئاق بۇلۇتلار گويا ئېگىز تاغ



تېرەكلىرىنىڭ ئۇچىدىلا يېنىك لەيلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەتراپىڭىزدىن بولسا، قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاپ سايراشلىرى، دەريانىڭ بوغۇق گۈرۈلدەپ ئاققان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. گويا ئۆزىڭىزنى شۇ ئۇلۇغ تەبىئەت بىلەن قوشۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك، تەبىئەت بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز…

× ×

ئۆتكەن يىلى يازلىق كانىكولدا بىز بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى مانا مۇشۇ گۈزەل قاش بويىغا كېلىپ مەلۇم ۋاقىت تۇردۇق. قاچاندۇر بىر چاغلاردا مەكتىپىمىز مۇشۇ قاش دەرياسى ئەتراپىدىن بىرئاز يەر سېتىۋالغان بولۇپ، ھازىر بىز شۇ يەرلەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قايتۇرماقچى، بۇنىڭ بەدىلىگە يېزا مەكتىپىمىزنىڭ يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن ياغاچ بەرمەكچى بولغانىدى. بىز شۇ ئىشلارنى بېجىرگەچ دەم ئالماقچى بولۇپ كەلگەنىدۇق. ئارىمىزدا ئۆمرى قىستا ـ قىستاڭ چوڭ شەھەرلەردىلا ئۆتۈپ، مۇنداق تەبىئىي، ھاۋالىق جايلارنى كۆرۈپ باقمىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار قاش دەرياسى بويىدىكى تۇتاش كەتكەن توقايلىقلارنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن، توقاي ئىچىگە چېدىر تىكىپ، بىر قانچە كۈن ئوبدان بىر ئويناپ پۇخادىن چىقايلى، دېگەن يەرگە كەلدۇق. يېزىلىق ھۆكۈمەت چېدىر، قازان ـ قومۇچ ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى تېپىپ بېرىدىغان بولدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ غېچىرلاپ تۇرىدىغان كارىۋاتلىرىدا

ئولتۇرۇپ قىزغىن مەسلىھەتكە چۈشۈپ كەتتۇق .

خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئەدىھەم ئاكا قەغەز - قەلىمىنى چىقىرىپ ، توقاي سەيلىسىگە كېتىدىغان خىراجەتلەرنى يازغىلى تۇردى . مالچىلاردىن سېتىۋېلىنىدىغان سويۇم مال ، نان - چاي ، كۆكتات ، ماي ، ھەر خىل ئىچىملىك ، زىرە - قارىمۇچ ، ھەتتا ئېغىز سۈرتىدىغان قەغەزگىچە ھەممە نەرسە تىزىملاندى .

— ئاشپەزنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز ؟ — دەپ سوراپ قالدى بىرەيلەن .

— بۇنىڭغا نېمە ئاشپەزلىك كېتەتتى ؟ — دېدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى ، — مالنى سويۇپ پارچىلاپ قازانغا تاشلايمىز ، ئاستىدىن گۇركىرىتىپ ئوتنى قالايمىز ، پىشتى دېگەن شۇ !

— بولمايدۇ ، بولمايدۇ ! — دەپ چۇرقىراشتۇق باشقىلىردىمىز ، — شورپا ئىچىپ ، سۆڭەك غاجىلاپلا ئولتۇراتتۇقمۇ ، ئانچە - مۇنچە سەي - پەي قورۇپ ، كاۋاپ - پاۋاپمۇ قىلىدىغان گەپدە !

— ئارىمىزدىن بىرەر ئاشپەز چىقىپ قالار ؟ — دەپ كۆپچىلىككە قارىدى ئەدىھەم ئاكا .

— چۆمۈچ تۇتىدىغان بىرلا ئادەم چىقسىغۇ قالغان ئىشلارغا قولمۇقول ياردەملىشەتتۇق ، — دېيىشتۇق .

— بولدى ، قازان بېشىنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار ، — دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان .

ئاغزى ئېچىلسىلا تاش قوراللار دەۋرى ، قەدىمي يۇنان ، مىسىر مەدەنىيەتلىرى ، چىڭگىزخانىنىڭ ئىستېلاسى دېگەندەك نەرسىلەر توغرىسىدا توختىماي سۆزلەپ كېتىدىغان بۇ ئاغىنىنىڭ



قازان - قومۇچىنىڭ ئىشلىرىدىنمۇ خەۋىرى بارلىقى خىيالىمىزغا كىرىپ باقمىغانىكەن .

— تاماقنى مىسىرچە ئېتەمسىلەر ، يۇنانچىمۇ ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قادىر .

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى ؟ ! — دېدى قۇربان ، — گۆشنىڭ ئۇستىخانلىقراق يەرلىرىنى چاناپ قازانغا تاشلىۋېتىمىز ، شورپا بولىدۇ . يۇمشاق يەرلىرى كاۋاپ··· راست ، قىيما كاۋاپ دېگەننى بىلەمسىلەر ؟

— كاۋاپنى كىم بىلمەيدۇ ؟ — دېدى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى .

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم قىيما كاۋاپ ، — دېدى قۇربان .

— ئۇنىمۇ كۆرگەن .

— كۆرۈشىنىغۇ ھەممە ئادەم كۆرگەن . لېكىن ئۇنى قانداق تەييارلايدىغانلىقىنى بىلسەڭ بولىدۇ - دە !··· مانا ، گۆشنى تازا ئۇششاق چاناپ قىيما قىلىپ ، ھە ، يەنە ئازراق تۇخۇم ، پىياز ئارىلاشتۇرۇپ ، دورا - دەرمانلىرىنى تەڭشەپ ، يۇمىلاقلاپ زىخقا ئۆتكۈزىدىغان گەپ . پاھ ، پىشقاندا بۇنى يۇمشاق نانىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يەيدىغان بولساڭلار ، بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان تاماق يوق··· دۇمبىجىگەر دېگەننىغۇ بىلىدىغانسىلەر ؟

— ئۇمۇ يەيدىغان نەرسىما ؟ — دەپ كۈلدى ھېلىقى ياش ئوقۇتقۇچى ، — مۇنداق تاماقنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن .

— سېنىڭ شەھەردە يۈرۈپ كۆرگىنىڭ راڭپىزا بىلەن سېرىقئاش ، — دېدى قۇربان ، — دۇمبىجىگەر دېگىنىمىز ، قوينىڭ قۇيرۇق مېيى بىلەن جىگىرىنى ئوبدان پىشۇرۇپ سۇزۇۋېلىپ ، نېپىز يالپاقلاپ كېسىپ ، ئىككى پارچە جىگەرنىڭ

ئارىسىغا بىر پارچە قۇيرۇق مايىنى قىستۇرۇپ يەيدىغان نەرسە. مۇنداق يېگەندە، مايمۇ كۆڭۈلگە تەگمەيدۇ، چايناغانسېرى لەززەتلىنىپ چايناشقۇڭ كېلىدۇ. تازا ئوغۇل بالىنىڭ يەيدىغان تامىقى - دە!… قوينىڭ ئۆپكە - قېرىن، توققۇزتونلۇقلىرىدىن شۇنداق سوغۇق سەيلەرنى كەلتۈرۈۋېتىمىزكى، ۋاقتى كەلگەندە كۆرىسىلەر…

ھەممىمىز بىردىنلا تاماقنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتۇق. كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، قاملاشتۇرىدىغان ئادەملا بولسا، قوي دېگەننىڭ ئاچچىق ئۈچىيى بىلەن تېرىسىدىن باشقا ھەممە يېرىدىن خىلمۇخىل تاماقلارنى تەييارلاشقا بولىدىغانلىقى ئايان بولدى. كىمدۇر بىرى قىزىپ كېتىپ، ئەتىلا قەيەردىن بولمىسۇن بىر تور تېپىپ كېلىپ، دەرياغا تور تاشلىماقچىمۇ بولدى.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، دەريا بېلىقى دېگەننىڭ لەززىتى باشقا گەپ - دە! — دېيىشتۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككىيلەن: «بېلىق دېگەننى زادى مايدا پىشۇرۇپ يېگەن ياخشىمۇ، ئوتقا قاقلاپمۇ؟» دەپ تالاش - تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى.

× ×

قېرىشقاندەك شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ ھاۋا ئۆزگىرىپ، شارىلداپ يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى.

— ئاپلا، بۇ نېمە گەپ؟! — دېيىشتۇق ھەسرەتلىنىپ، — توقاي سەيلىسى قىلىدىغان شېرىن خىياللىرىمىز



كۆپۈككە ئايلىنامدۇ نېمە!…

— خاتىرجەم ئۇخلايلى، — دېدى كىمدۇر بىرى، — تاغ يېرى دېگەن شۇ. قاراپ تۇرۇڭلار، ئەتىلا چاقناپ كۈن چىقىپ كەتمىسە.

ئەتىگىنى ئورنىمىزدىن تۇرساق، يامغۇر تېخىچە يېغىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانىسىدىن نېرى بارالماي سولىنىپ قالدۇق. ئىچى پۇشقان ئاغىنىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تالاغا چىقىپ ئاسمانغا قارايتتى. ئاسمان تۇتاش قوغۇشۇن رەڭگە كىرگەن بولۇپ، يامغۇر ئاق يېغىنغا ئايلىنىۋالغانىدى. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلاپ، توقايلار، قارىغايزارلىق تاغلار — ھېلىقى بىز كۆرگەن بارلىق گۈزەل مەنزىرىلەر تۇمان ئىچىدە غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي، ياتاققا يىغىلىپ قۇرۇق پاراڭغا چۈشتۇق.

— تاغ يېرى دېگەننىڭ ھاۋاسى شۇ، — دېدى ئەدىھەم ئاكا. ئارىمىزدا ياشتا ئەڭ چوڭ، ھازىر مەكتەپتە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئىستاژى ئەڭ كونا ئادەم شۇ ئىدى، — بىر يىلى، بۇ يەردىكى دېھقانچىلىق مەيدانىمىزغا يازلىق يىغىم ئىشىنى تۈگەتكىلى كەلگىنىمىزدە، بۇغداي ئورمىسى مەزگىلىدىلا مۇشۇنداق ھاۋا ئاينىپ، تۇيۇقسىز قار چۈشۈپ كەتكىنى ئېسىمدە… بىرەرىڭلار كورت قەغەزمۇ ئالغاچ كەلمىگەنمىتىڭلار؟

— بۇ يەردە شاھماتمۇ تېپىلماس ھەرقاچان؟

— ھوي راست، ئېسىمدىن چىقىپتۇ، — دېدى بىر

ئوقۇتقۇچى ، — سىلەرگە بىر نەرسە كۆرستەيمۇ ؟

— نىمىكەن ئۇ ؟ — دەپ ھەممىمىز ئۇنىڭغا قارىدۇق .

ئۇ كارىۋاتىنىڭ باش تەرىپىدىن بىر كونا لاتا سومكىنى تارتىپ چىقاردى . سومكا ئىچىدىن پومپىيىپ تۇرغان بىر سېرىق قەغەز خالتىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە ، ئىچىدىن يەنە گېزىت قەغىزىگە پۇختا ئورالغان بىر توپ ئورىگىنالنى ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى .

— ماڭا بۇنى تۇنۇگۇن بىر دېھقان ئەكېلىپ بەرگەنىدى ، — دەپ چۈشەندۇردى ئۇ ، — بۇ سومكىدىكى نەرسىلەرنى ئۇ مەكتىپىمىز بۇرۇن بۇ يەرا\دە ئىشلەتكەن بىر ئۆيىنىڭ تورۇسىدىن تېپىۋالغانىكەن . ھەرقاچان ، بۇ يەرگە كېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان ھېلىقى ئەپەندىلەرنىڭ بىر نەرسىسى بولسا كېرەك ، دەپ ساقلاپ قويۇپتىكەن .

ئورىگىناللارنى بىرىنچى بولۇپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قادىر قولىغا ئالدى ، بىرنەچچە بەتنى ئۆرۈپ ئوقۇپ :

— پاھ ، پاھ ، قالتىس شېئىرلارغۇ بۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ، — بۇ ئادەتتىكى بىر ھەۋەسكارنىڭ يازغان مەشىق شېئىرلىرى ئەمەس جۇمۇ . سۆزلىرى شۇنچىلىك ئاددىي ، پىششىق ، پىكرى چوڭقۇر . تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن شائىرنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتى ئەپچىل بىرلەشتۇرۇلگەن . ھەربىر مىسرادىن ھاياجانغا تولغان شائىرنىڭ تىنىقلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ ··· ئاڭلاڭلار ـ ھە ، مەن سىلەرگە مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇپ بېرەي .

ئۇ بىر شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ دېكلاماتسىيە قىلدى . ھەممىمىز ئىختىيارسىز سۈكۈتكە چۈشۈپ قۇلاق سالدۇق . كۆز ئالدىمىزدا گۈلگە پۈركەنگەن كەڭ دالا ، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان



قۇياش ، قىپقىزىل شەپەق نۇرىغا چۆمۈلۈپ يىراقتىن كېلىۋاتقان قىز گەۋدىلەندى . شۇنىڭ بىلەن ، ئورىگىنالنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆردۇق . ئورىگىناللارنىڭ قەغىزى سارغىيىپ قالغان بولسىمۇ ، خەتلىرى يەنە ئوچۇق تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭغا يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى تەبىئەت لىرىكىسى ، مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلار ئىكەن . بەزى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى ، تۈزىتىلگەن بەزى مىسرالارنىڭ يېنىغا قىيپاش قىلىپ يېڭى مىسرالارنىڭ يېزىپ قويۇلغىنىغا قارىغاندا ، بۇ ئاپتورنىڭ تېخى رەتلىمىگەن دەسلەپكى قولىيازمىلىرىدەك قىلاتتى . كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان ئەدىھەم ئاكا ئاخىرىدا ئورىگىناللارنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆردى ـ دە :

— بۇ تونۇش پوچېركىغۇ ؟··· توغرا ، خەمىتنىڭ پوچېركىسى ، خەمىتنىڭ ! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— خەمىت دېگىنىڭىز كىم ؟ —دەپ سورىدۇق بىز .

— بىر چاغلاردا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا خەمىت دەپ بىر ئوقۇتقۇچى بولىدىغان ، ئۇ مۇشۇنداق شېئىرلارنى يېزىشقا ئۇستا ئىدى .

— بۇ شائىر ھازىر نەدە ؟

— ئۇنىڭ يازغانلىرى قاش دەرياسىنىڭ بويىغا قانداق كېلىپ قالىدۇ ؟

— ئۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى سىلەر تازا بىلمەيسىلەر ، — دەپ چۈشەندۇردى ئەدىھەم ئاكا ، — ئۇ يىللاردا ھەربىر مەكتەپ ، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىدىغان . مەكتىپىمىزنىڭ مۇشۇ قاش دەرياسى ئەتراپىدىكى يېزىلار بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن

ئىدى . ھەر يىلى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ يىغىم-تېرىم ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتۇق . كېيىن ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇش ، يېرىم ئوقۇپ ، يېرىم ئىشلەش دېگەندەك چاقىرىقلار چىقتى . مۇشۇنداق سىياسەتلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ، مەكتەپ ئۆز ئالدىغا بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرماقچى بولۇپ ، بۇ ئەتراپتىن يەر سېتىۋالغانىدى . شۇ چاغدىكى مەكتەپ رەھبەرلىرى نەق مانا مۇشۇ قاش دەرياسى بويىدىكى توقايلىقلارنى كۆرۈپ ئىلھاملىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك . ھەتتا بۇ يەرگە ئوقۇتقۇچىلار ھەر يىلى كېلىپ دەم ئېلىپ كېتىدىغان بىر دەم ئېلىش ئورنىمۇ قۇرماقچى بولۇشقان .

— بۇ ئوبدان گەپ بوپتىكەن ، — دەپ سۆز قىستۇردى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى .

— ئوبدانلىقى قۇرۇسۇن ! — دېدى يەنە بىرەيلەن ، — يامغۇر مۇشۇنداقلا ياغىدىغان بولسا ، ئادەم بىر كۈندىلا زېرىكمەمدۇ ؟ !

— ئەنە شۇنداق ياخشى نىيەتلەر بىلەن ، — دېدى ئەدىھەم ئاكا يانچۇقىدىن موخوركا قەغىزىنى ئېلىپ يىرتىپ تۇرۇپ ، — دەسلەپتە بۇ يەرگە بىر كورپۇس ئۇستى چېدىرچە يېپىلغان ئۆيلەر سېلىنغانىدى . ئاز ئۆتمەيلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى . پىلانلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ سۇغا چىلاشتى . قاش دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ يەر تېرىماق تۇگۇل ، مەكتەپتە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ توختاپ قالدى . شۇ يىللارنى ئەسلىسەم ، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئىككى ئوقۇتقۇچى كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ . ئۇنىڭ بىرى مۇشۇ



قولىيازمىلارنىڭ ئىگىسى خەمىت ، يەنە بىرى ھامۇت . ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بىر سىنىپتا ئوقۇپ ، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن فاكۇلتېتنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېپقالغان . خەمىت ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچى ئىدى . شۇ چاغلاردا يېزىپ ئېلان قىلغان شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئابرۇيىمۇ بار ئىدى ، دەرسىنىمۇ ياخشى ئۆتەتتى . ئەمدى ھامۇتقا كەلسەك ، ئۇنىڭ قانداق يوللار بىلەن مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغانلىقىنى مەنمۇ چۈشەنمەيمەن . ئۇ بويلۇق كەلگەن ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى ، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقىمۇ ئۇستا ئىدى . مۇشۇنداق سالاپەتنىڭ ھە دېگەندە ئاياللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە دەسمايە بولالايدىغانلىقىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر . شۇڭا ، ئۇ ساۋاقداشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر قىزغا ئۆيلەنگەن ، ئۇنىڭدىن ئىككى بالىلىقمۇ بولغان . بىراق ، بىچارىنىڭ قورسىقىدا چىرايىغا تۇشلۇق ئۇماچ يوق ئىدى . ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكۈدەك ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن ، كېيىن ئۇنى مەكتەپ رەھبەرلىكى مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكەپ قويغان . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا كەلگەندە ، خەمىت بىلەن ھامۇت باشقا - باشقا قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشتى . خەمىت يازغان شېئىرلىرى ، شۇ چاغدىكى سىياسەتكە نارازى بولۇپ قىلىپ سالغان بەزى گەپ - سۆزلىرى تۈپەيلىدىن ، ئەڭ باشتا تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنىدى . ھامۇت بۇ ھەرىكەتتە ئاكتىپ بولۇپ شۇنچىلىك جانلىنىپ كەتتىكى ، ھاي - ھاي !… ئەگەر ياراتقان ئىگەم بىر كىشىگە توغرا يول بىلەن مېڭىپ ھايات كەچۈرىدىغان پەزىلەتنى ئاتا قىلمىسا ، ھېچبولمىغاندا ئەسكىلىك

قىلىپ بولسىمۇ جېنىنى باقىدىغان قارا نىيەتنى قوشۇپ بەرسە كېرەك ، هامۇت نەق شۇنداقلاردىن بولۇپ چىقتى . خەمىتكە ئەڭ قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغانمۇ هامۇت بولدى . ئۇ خەمىتنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ ، پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى شۇنچىلىك كۆپ مەزمۇنلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردىكى ، پاهھاي ، ئادەم پۈتلاشتا ئۇنىڭدىن ئۇستىسى بولماس !··· بۇ گەپنى قىلسام ، شۇ چاغدا مەكتەپ توپ مەيدانىدا ئېچىلغان نەچچە مىڭ كىشىلىك كۈرەش يىغىنى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ . سەھنىدە ئولتۇرغانلاردىن بىرى خەمىتنىڭ «جىنايەت»لىرىنى ئوقۇپ ، ئۇنى : «سەھنىگە چىقسۇن !» دەپ ۋارقىرىغاندا ، خەمىت كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا قىمىر قىلماي ئولتۇردى . هامۇت بىرنەچچەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كېلىپ ، ئۇنى سۆرەپ دېگۈدەك سەھنىگە ئاچىقىپ ، بېشىغا ئېگىز قەغەز قالپاق كىيدۈردى . خەمىت باشتا نومۇستىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى ، بىر يۇلقۇنۇپ قولىنى بوشىتىۋېلىپ ، بېشىدىكى قالپاقنى پۇرلەپ ئېلىپ يەرگە ئاتتى ـ دە ، بالاغا قالدى . بىرنەچچىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، ئۇنى بولۇشىغا دۇمبالاپ ، ئاندىن قولتۇقىدىن يۆلەپ زورىغا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇشتى . بۇ ئىككى ساۋاقداشنىڭ ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا بىرەر زىددىيىتى بارمۇ ياكى هامۇتنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئەسكىلىكىدىن شۇنداق بولۇۋاتامدۇ ، بىلمىدىم ، شۇ چاغدا خەمىتنى ئەڭ قاتتىق ئۇرغانمۇ هامۇت ئىدى··· ئۇ چاغلاردىغۇ كۈرەشكە تارتىلمىغان ئادەممۇ ئاز قالغان . ئۇنى دېسەڭلار ، ماڭىمۇ قالپاق كىيدۈرۈشكەن .

— نېمىشقا ؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدۇق بىز .

ئەدىھەم ئاكا قولىدىكى تاماكىسىنى ياندۇرۇپ بىر ـ ئىككى شورىدى ـ دە ، كۈلۈپ كەتتى :

— ئۇ كەمدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئەدىھەم ئاكا ، — نېمىشقا بولاتتى ، ماڭا ئارتقان جىنايەتلىرى «چەت ئەلدە ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بار··· يازدا كاستۇم ـ شىم ، قىشتا پەلتو كىيىپ ، گالىستۇك باغلاپ يۈرىدۇ···» دېگەندەك تۈكى يوق ئىشلار . ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ياش ئىدىم ـ دە ! بولۇۋاتقان ئىشلارغا بىر تۇرۇپ ئادەمنىڭ كۈلگۈسى ، بىر تۇرۇپ يىغلىغۇسى كېلىدۇ . ئوقۇش بىنالىرىنىڭ تاملىرى ھەر خىل چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلىنىپ ، قۇراق چۈشكەن ئەسكى يوتقاندەك بولۇپ قالغان . تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ بېشىدا ئېگىز قەغەز قالپاق ، يۈز ـ كۆزىمىزنى جىن ـ شەيتانلارغا ئوخشىسۇن ، دەپ ئالىيېشىل بويىۋەتكەن . قولىمىزدىكى ئەسكى داس ـ چېلەكلەرنى داراڭشىتىپ : مەن پالانچى بولىمەن ، جىنايىتىم ماۋۇ ، ماۋۇ··· دەپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تونۇشتۇرۇپ ، ئوقۇش بىنالىرىنىڭ ئالدىدىن خۇددى ئەسكى تاملىقتىن ئۆتكۈن ئۆتكەندەك مېڭىپ ئۆتىمىز . ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق خورلۇق بولماس دەيمەن !··· كېيىن ، ئىسيانچىلار ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ بىر ـ بىرى بىلەن ئەلەم كۈرىشى قىلىشقا چۈشۈپ كەتتى . بىزنى رېجىم ئاستىدا مەكتەپنىڭ قارا ئىشلىرىنى قىلىشقا سالدى . ئېسىمدە قېلىشىچە ، خەمىت بىزنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىگە قاراشلىق كۆكتات ئورىلىرىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەن ، مەكتەپ پارخانىسىدا ئوتمۇ قالىغان··· ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك ، شۇ قالايمىقانچىلىقلار بىلەن بولۇپ ، بۇ يەردىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاشقا ھېچكىمنىڭ چولىسى تەگمىدى .

لېكىن، يەرنى تېرىماي ئاق تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ ـ دە! سېتىۋالغان يەرلىرىمىزنى ئىلگىرىكىدەكلا بۇ ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ دېھقانلىرى تېرىپ پايدىلىنىۋەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە ھەر يىلى ئۇلار مەكتەپكە ئاز ـ تولا ئاشلىق، ماي ياردەم قىلىپ تۇراتتى. كېيىن ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ھېلىقى چېدىرچە يېپىلغان ئۆيلەر ئادەم ئولتۇرمىغاچقا، قار بېسىپ، يامغۇر ئۆتۈپ، ۋەيران بولۇشقا باشلىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن، يېزىلىق ھۆكۈمەت مەكتەپكە: «سالغان ئۆيۈڭلار ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. ئادەم قويۇپ باشقۇرمىساڭلار بىز ئىگە بولالمايمىز» دەپ ئىنكاس قىلغان بولسا كېرەك. خەير، شۇنداق قىلىپ، تېخى قۇرۇلمىغان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئۆرۈلگىلى تۇرغان ئۆيلىرىگە قاراشقا رېجىمدا ئىشلەۋاتقانلاردىن بىرەرىنى ئەۋەتىدىكەن، دېگەن گەپنىڭ قۇلىقىمىزغا چۈشكىنى ئېسىمدە. كېيىن قانداق بولدى بىلمىدىم، بۇ يەرگە دەسلەپتە خەمىت مۇئەللىمنى ئەۋەتىشكەنىدى. مانا ئەمدى سىلەر: ئايدالاغا سېلىنغان ئۆيلەرگە قاراشقا نېمىشقا باشقا كىشىنى ئەۋەتمەي خەمىت مۇئەللىمنى ئەۋەتكەن؟ دەپ سوئال قويساڭلار بولىدۇ.

ئەدىھەم ئاكا قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق بىر ـ ئىككى شوراپ، ئالدىدىكى كۇلدانغا مىجىپ ئۆچۈردى ـ دە، بىزگە تەكشى قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىلەرگە خەمىتنىڭ چىرايىنى قانداق سۈرەتلەپ بەرسەم بولار؟ ئىشقىلىپ، ئاق سېرىق كەلگەن، ئالدىغا سەل ئېگىشىپ ماڭىدىغان، ئورۇق يىگىت ئىدى، كۆزەينەك تاقاپ يۈرەتتى. شۇ چاغدا ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدا بولسا كېرەك، لېكىن كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، ئېغىر مىجەزىگە قاراپ، قىرىق



ياشلارغا بېرىپ قالغان ئادەممىكىن، دەپ پەرەز قىلاتتى. قىزىق يېرى، ئۆزىنىڭ شۇنچە ھېسسىياتچان بولۇشىغا، مۇھەببەت توغرىسىدا شۇنچە ياخشى شېئىرلارنى يازغىنىغا قارىماي، ئۆزى ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى تېخى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، شۇ ياشقا كىرىپمۇ ئۆيلەنمىگەن يىگىت ئىدى.

— مانا بۇ ھەقىقىي شائىر ئىكەن! — دېدى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟! — دەپ ھەيران بولدۇق بىز.

— ئۆيلىنىشنىڭ ئۆزى شائىر ئۈچۈن پۇت ـ قولنى چۈشەش، ھېسسىياتنى بوغۇش بىلەن باراۋەر. شائىر ئۆز تەقدىرىنى بىر ئايالنىڭ قولىغا تاپشۇرمىغاندىلا، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى چەكسىز ئاياللار دۇنياسى ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ.

— ئوھوي، ئەمدى بۇ نەنىڭ نەزەرىيىسى بولدى؟

— مانا، ئىشەنمىسەڭلار شائىرلارنىڭ پىرى بولغان نەۋايىنى ئېلىڭلار، ئۇ ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكەن. بىلال نازىممۇ بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ، غۇلجا مەدرىسىنىڭ پەشتىقى ئۈستىدە تۇرۇپ، شۇ ئايال تۇرغان ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە يىراقتىن نەزەر سېلىپ، نۇرغۇن ئىشق نەزمىلىرىنى يازغان. شائىر بىرىگە غايىۋى ئاشىق بولغان، لېكىن ئارمانىغا يېتەلمىگەن چاغدىلا مۇھەببەت توغرىسىدا ئەڭ تەسىرلىك نەرسىلەرنى يېزىپ چىقالايدۇ. ئۆيلىنىپ، بىر ۋات ـ ۋات خوتۇننى ئۆيگە ئەكىرىدىكمۇ، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ!

— شۇنداق، — دەپ ئەدەبىيات مۇئەللىمىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان، — گۇلنى بەرگىدە

كۆرگەن تۇزۇك، ئۇزۇپلا قولۇڭغا ئالدىڭمۇ، بىردەمدىلا جەلپكارلىقىنى يوقىتىدۇ...

ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئاڭلاپ ئەدىھەم ئاكىمۇ كۇلۇپ كەتتى - دە:

— خەمىت سىلەر دېگەندەك ھەقىقىي شائىرلىق مۇقامىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆيلەنمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكۈدەك بىرەر قىز چىقمىدىمۇ؟ ياكى بولمىسا شۇ ياشقا كەلگۈچە ئۇنىڭ ئۆزى بىرەر قىزنىڭ يۈرىكىدە ئوت پەيدا قىلالمىدىمۇ؟ بۇ تەرەپلىرىنى مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن... بايا سۆزلەپ نەگە كېلىشۈدىما؟ — دېدى.

— دېھقانچىلىق مەيدانىغا نېمىشقا باشقا ئادەمنى ئەمەس، خەمىتنى ئەۋەتكەن؟ دېگەنىدىڭىز.

— ھە، توغرا... ئەلۋەتتە مۇنداق ئاسمىنى كەڭ يەرگە مەسىلىسى بار، كۆرگەنلا كىشىنى ئەركىن قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ - دە! شۇ چاغدىكى مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ خەمىتنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلىشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، ئۇ ياش، ساغلام ئىدى، ئەسلىدە ئۇ يېزىدىن كەلگەچكە، دېھقانچىلىقنىڭ ئانچە- مۇنچە ئېپىنى بىلەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ بويتاق بولغاچقا، يىراققا بارالمايمەن، دەپ تارتىنىشىدىغان ئادىمى يوق ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن بولسا، ئۇنىڭ تارىخىمۇ باشقىلارغا قارىغاندا ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئارخىپىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ۋاراقلىساڭلار، قانچىلىك گەپ بار دەيسىلەر؟ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش



قىلىنغان... ئەزمىلىك قىلىپ گېپىمنى بەك سوزۇۋەتتىممۇ، قانداق؟ — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — بىكار ئولتۇرغۇچە بىر پاراڭ، بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ھاياتىغا تاقىلىدىغان خېلى ئۇزۇن بىر ۋەقە، ئاراڭلاردا ھېكايە يازىدىغانلار بولسا، ماتېرىيال بولۇپ قالار. زېرىكىپ قالدىڭلارمۇ - يە.

— ياق، سۆزلەۋېرىڭ، — دېيىشتۇق بىز.

— سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، خەمىت بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنى قانداقراق ھېس قىلغاندۇ؟

— يالغۇزچىلىقتا تازا زېرىككەندۇ؟ — دېدىم مەن.

— خەمىت ئەسلىدىمۇ باشقىلارغا ئانچە ئارىلاشمايدىغان، يالغۇز يۈرۈپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت ئىدى، — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — شۇنداق بولسىمۇ، دەسلەپتە ئۇنىڭغا مەكتەپتىن ئايرىلىش ئېغىر كېلىپ، ئۆزىنى خۇددى يىراق بىر يەرگە پالىنىۋاتقاندەك ھېس قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن خۇشال بولغىنى ئېنىق. ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار، بۇ مەنزىرىسى گۈزەل، كەڭ بىر جاھان. بۇ يەردە مەكتەپتىكىدەك ھەر كۈنى شوئار توۋلاپ، چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى چاپلاپ، كىشىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدىغان ياكى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىپ، دەككە - دۈككىدە ئولتۇرىدىغان ئىشلار يوق. ئۇ بەخىرامان خىيالىنى سۈرۈپ، ئەركىن نەپەس ئېلىپ، خېلىلا ئارام تېپىپ قالغان، سولغۇن چىرايىغا قانمۇ يۈگۈرگەن. مەكتەپ سېتىۋالغان يەرلەرنى تېرىۋاتقان كەنتنىڭ دېھقانلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، ھېلىقى چېدىرچە ئۆيلەرنىڭ بۇزۇلغان - تۆكۈلگەن يەرلىرىنى رېمونت قىلدۇرغان. ئۇلار بىلەن بىللە يەر تېرىغان،

سۇ تۇتقان، ئورما ئورۇغان، مانا شۇ چاغدا، ئۇنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر ۋەقە بولغان.

— نېمە ۋەقە ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدۇق بىرنەچچىمىز تەڭلا.

— مۇھەببەت! — دېدى ئەدىھەم ئاكا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ يەردە خەمىت تۇنجى قېتىم چىن يۈرىكىدىن بىر دېھقان قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. قىزنىڭ ئىسمى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مايسەم ئىدى. خەمىت ئۇ قىز بىلەن دەسلەپتە نەدە ئۇچرىشىپ قالغان، ئېتىزدىمۇ، خاماندىمۇ ياكى ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن ئېتىز ئىچىدىكى خىلۋەت ئاياغ يوللارنىڭ بىرىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ تونۇشۇش جەريانى قانداق بولغان؟ بۇ تەرەپلىرىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. سىلەر ياشلار بۇنى چۈشىنىسىلەر، ھايات دېگەندە ئاشۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ھەممىمىزنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىمىزنى سۈرۈشتۈرسە، ئۆيلەنگەن ئادىمىمىز باشقا، كۆيۈپ - پىشقان، ئېلىشماقچى - تېگىشمەكچى بولغان ئادىمىمىز باشقا بولۇپ چىقىدۇ؛ ياكى بولمىسا خېلى يىللارغىچە كىمگە قىزىقىپ، كىمنى تاللاشنى بىلمەي تېڭىرقاپ يۈرىمىز، ئويلىمىغان يەردىن ناتونۇش بىرى پەيدا بولىدۇ - دە، ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق باغلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالىمىز... خەمىت ئۇ قىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، مۇھەببەتنىڭ سىرلىق كۈچى بىلەن باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالغان. سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، دەككە - دۈككىچىلىكتە ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالغان يىگىت ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى يېڭىباشتىن تونۇغاندەك بولۇپ،



قەلبىدە ئاجايىپ شېئىرىي تۇيغۇلار قايتا ئويغانغان. ئۇ چېدىرچە ئۆيلەرنى ئاپئاق ئاقارتىپ، ئۆينىڭ ئالدىدىكى رەتسىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنى تەكشى قىرقىپ چىققان، ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەن ئاياغ يوللارغا شېغىل تاشلارنى يېيىتقان، ئىشىك ئالدىدىكى چىملىقنىڭ ئىچىگە يەنە رەندىلەنمىگەن تاختايلاردىن قوپال قىلىپ بولسىمۇ، يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ئۇزۇن ئورۇندۇق، ئۇستەللەرنى ياساپ ئورناتقان. مايسەم ئۇنىڭغا يېزىدىن ھەر خىل گۈللەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تېپىپ ئەكېلىپ بەرگەن. بۇ ئىككىسى ئۆينىڭ ئەتراپىغا گۈللەرنى تېرىغان. بۇ گۈللەر رەڭمۇرەڭ ئېچىلىپ، ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئاجايىپ يېقىملىق تۈسكە كىرگۈزگەن. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىمۇ گۈللەر بىلەن تەڭ چېچەك ئاچقان...

— شۇنداق بولىدۇ، — دەپ ئەدىھەم ئاكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر، — شائىر بار يەردە چوقۇم گۈل بولىدۇ، قىز بولىدۇ، مۇھەببەت بولىدۇ. ئەگەر دۇنيادا گۈل، قىز، مۇھەببەت، شائىر دېگەنلەر بولمىغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ ھېچبىر قىزىقىمۇ بولمىغان بولاتتىمىكىن، دەيمەن.

— ئۇ چىرايلىق قىز بولسا كېرەك؟ — دەپ سورىدى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى.

— كېيىن مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا رېجىمدا ئىشلەيدىغانلاردىن يەنە بىرقانچەيلەننى ئەۋەتتى، — دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى ئەدىھەم ئاكا، — شۇلارنىڭ قاتارىدا بۇ يەرگە مەنمۇ كەلدىم. مەكتەپنىڭ سېتىۋالغان يەرلىرىنى تېرىپ دېھقانچىلىق قىلدۇق. خەمىت مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ھېلىقى قىزنى ئانچە - مۇنچە ئۇچرىتىپ قالاتتۇق. نېمە دېسەم بولىدۇ،

قارىماققا ئاددىيلا بىر قىز . بىز ھازىر شەھەردە كوچىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بىر سائەت ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىگە گىرىم قىلىدىغان قىزلارنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالدۇق . مايسەم قارىقۇمچاق كەلگەن ، ھېچقانداق پەردازسىز ، ساغلام يېزا قىزلىرىدىن ئىدى . كۈلگەندە ، مەڭزىدە ئىككى زىنىخ پەيدا بولۇپ ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ، ناھايىتىمۇ يېقىملىق بولۇپ كېتەتتى... قاراڭلار ، بۇ يەرنىڭ ئۆزىمۇ قەيەرگە قەدەم باسساڭ رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى تاۋلىنىپ تۇرىدىغان ، ھەرقانداق بىر ياشنىڭ قەلبىدە ئوتلۇق ھېسسىيات ئويغىتالايدىغان ئاجايىپ بىر ۋادا ــ دە !... بەزىدە بىز مايسەم بىلەن خەمىتنىڭ توقايلىقلار ئىچىدە قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ ، يازنىڭ قىسقا تۈنلىرىنى تاڭغا ئۇلىشەتكەنلىرىنى كۆرەتتۇق . قىزنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسىدىن ئۈركۈگەن ياۋا ئۆردەكلەر پالاقشىپ قانات قېقىپ ، ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى . بەزىدە ئۇلار تاغ تېرىكىنىڭ غولىغا يۆلىنىپ ، يىراق بىر يەردىن ، ئورمانلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئايغا قاراپ ئۈنسىز قېتىپ تۇرۇپ قېلىشاتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇلارغا دەريانىڭ شارقىرىشى ، بېشى ئۈستىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى ، ھەتتا يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىمۇ توختاپ قالغاندەك بىلىنىپ ، بىر ــ بىرىگە پەقەت يۈرەكلىرىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرغان ساداسىلا ئاڭلىناتتى . ئۇلارغا قارىغان كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ھەۋىسى كېلەتتى... مېنىڭچە ، سىلەر ھازىر كۆرۈۋاتقان قىز ــ يىگىتلەرنىڭ كىنوخانىلارنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلىرىدىكى ، ئىس ــ تۈتەك ، غەلىتە مۇزىكىلارنىڭ ۋاڭ ــ چۇڭغا تولغان كاتتا رېستورانلاردىكى مۇھەببەتلىشىشلىرى قارىماققا قالتىستەك كۆرۈنسىمۇ ، يۇلتۇزلار



كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان ، ئاي ھەممىگە گۇۋاھ بولۇپ بېشىڭىزدا نۇر تۆكۈۋاتقان ، نەمخۇش ساپ ھاۋا دىمىغىڭىزغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان تەبىئەتنىڭ ئۆز قوينىدىكى ئاشۇنداق مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئالدىدا ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ... خەمىت مانا بۇ ئورىگىناللاردىكى مۇھەببەت شېئىرلىرىنى قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ ، ئەنە شۇ چاغلاردا يازغان بولسا كېرەك .

ئەدىھەم ئاكا سۆزدىن توختاپ ، يەنە بىر ئۇرام تاماكا يۆگەشكە قەغەز يىرتتى . بىز ئەدىھەم ئاكىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاچ ، ھېلىقى ئورىگىناللارنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق .

— مەن بۇ ھېكايىڭىزنىڭ ئاخىرىنى پەرەز قىلىپ بولدۇم ، — دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان .

— قانداق ؟ — دەپ ئۇنىڭغا قارىدى ئەدىھەم ئاكا .

— ئەمدى خەمىت بىلەن قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقۇم ئۈچىنچى شەخس پەيدا بولىدۇ .

— ياھ ، ئۈچىنچى بىر شەخسنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز ؟

— بايا ئۆزىڭىز بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ھاياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان بىر ۋەقە ، دېمىدىڭىزمۇ ؟... مېنىڭچە ، ئۈچىنچى بىر شەخس پەيدا بولىدۇ . ئۇ — قىزنى تالىشىپ ئاخىر خەمىتتىن تارتىۋالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ۋىسالىغا يېتەلمىگەن بۇ شائىر ئاچچىق ھەسرەت بىلەن مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ .

— قۇربانىنىڭ پەرىزى توغرا ، — دېدى قادىر مۇئەللىم ، — بايا سىز يەنە : بۇ بىرەر ھېكايىگە ماتېرىيال بولغۇدەك ۋەقە ، دېگەنىدىڭىز . بىرەر ھېكايىگە ماتېرىيال

بولغۇدەك ۋەقە بولۇشى ئۈچۈن، چوقۇم قىز ـ يىگىتنىڭ ئارىسىغا ئۈچىنچى بىر شەخس قىستۇرۇلۇشى كېرەك. بولمىسا قىزىقى بولمايدۇ. مانا، تاھىر ـ زۆھرە، لەيلى ـ مەجنۇن، پەرھاد ـ شېرىن دېگەندەك تارىختا ئۆتكەن مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئېلىڭ، ھەممىسى شۇنداق.

— سىلەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقراق ئادەم پەيدا بولار؟ — دېدى ئەدىھەم ئاكا يېڭى تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنىڭ ئىسىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ.

— مېنىڭچە، — دېدى قادىر مۇئەللىم، — ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن بىر دېھقان يىگىت پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۆز يېزىسىدىكى چىرايلىق بىر قىزنى قانداقتۇر چەتتىن كېلىپ قالغان كۆزەينەكلىك بىر ئەپەندىنىڭ قولغا كەلتۈرۈۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. ئاخىرىدا قىزنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ... ئەگەر خەمىت مەقسىتىگە يېتەلىگەن بولسا، مۇنچىۋالا كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ نېمە كەپتۇ؟... قولۇڭلاردىكى ئورىگىناللارغا قاراڭلار، خەمىتنىڭ يازغانلىرىدىن ئۆز بەختىنى ئىزدەپ تاپالمىغان ئادەمنىڭ ھەسرىتى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، كىشىگە شادلىق بېغىشلايدىغان مىسرالار ناھايىتىمۇ ئاز.

بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ئۈچىنچى بىر ئادەم پەيدا بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلغىنىڭلار توغرا، — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — لېكىن ئۇ ئادەم سىلەر ئېيتقاندەك بۇ قاش دەرياسى ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن ئەمەس، يەنە بىزنىڭ مەكتەپتىن چىقتى.

— مەكتەپتىن!؟



— ھە، بىزنىڭ مەكتەپتىن.

— كىم ئۇ؟

— ئۇ — مەن سىلەرگە باشتا گېپىنى قىلىپ بەرگەن، خەمىتنىڭ ساۋاقدىشى ھەم رەقىبى ھامۇت.

— ھامۇت بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالىدۇ؟

— ھامۇتنىڭ نېمە سەۋەبلەر بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنى بىزمۇ بىلمىدۇق، — دېدى ئەدىھەم ئاكا، — ئىشقىلىپ، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇمۇ ئارىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاڭلىساق، ئەسلىدە ئۇ بىر پومېشچىكنىڭ ئوغلى بولۇپ، سىنىپىي تەركىبىنى يوشۇرۇپ يۈرگەنىكەن. ئەمدى بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟ دەپ بىزمۇ ھەيران قالدۇق. ئۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى ئويلىسا، ھازىرمۇ ئادەمنىڭ بېشى تۆرەپ قالىدۇ. خەمىتنى تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلغان كۈنلەردە، ھامۇتنىڭ دائىم خەمىت يازغان بىر تۇتام شېئىرلارنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇيدىغىنى ئېسىمدە. ئاڭلىساق، بىزگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك گۈزەل مىسرالاردەك بىلىنەتتى. لېكىن، ھامۇتتەكلەرنىڭ نەزىرىدە دەل مۇشۇ گۈزەللىكنىڭ ئۆزى ئەكسىيەتچىلىك ئىدى. ھامۇت شېئىرلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى تەھلىل قىلىشقا ئۆتەتتى. ئەيتاۋۇر مىسرالارنىڭ بىر يېرىنى يۇلۇۋېلىپ، يەنە بىر يېرىگە ئاپىرىپ قوراشتۇرۇپ، ئوڭنى دوم قىلىپ، ئاخىرىدا: «مانا بۇ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئەسەر بولماي نېمە؟» دەپ شۇنداق غەلىتە يەكۈنلەرنى چىقىراتتىكى، ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى... بىر قېتىم ئۇ:

قوشۇماڭ تۇرمە زىنھار ،
جۇت كەتسە كېلۇر باھار…

دېگەن ئىككى مىسراغا تازىمۇ چىڭ ئېسىلىۋالدى . بۇ مىسرالارنى ھامۇت خەمىتنىڭ قايسى شېئىرىدىن يۇلۇۋالدى ، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يەنە نېمە گەپلەر بار ئىدى . بۇنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە كىم بىلىدۇ دەيسىلەر . «مانا ، مانا ، قاراڭلار ، — دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى ھامۇت شۇ چاغدا ، — مانا بۇ مىسرالاردا ئاپتورنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى ئاپئاشكارا تۇرمامدۇ ؟ !… ئۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختىيار زامانىمىزنى جۇتقا ئوخشاتقان ، ئۆزىنىڭ قولىدىن كەتكەن باھارنى يەنە قايتىپ كېلىدۇ ، دەپ جار سالغان »… ھامۇتنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە ، خەمىتنىڭ بوۋىسىمۇ ياكى بوۋىسىنىڭ بوۋىسىمۇ ، ئەيتاۋۇر بىرنېمىسى ناھايىتى ھاللىق ئۆتكەن ئادەممىش . ئۇ نۇرغۇن كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى شوراش بەدىلىگە بېيىغانىكەن… ھامۇت ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرەتتى . خەمىتنىڭ بوۋىسى قايسى زاماندا ئۆتكەن ئادەم ؟ ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى قانداق شورىغان ؟ ھەربىر ئادەمنى تۇرۇسقا بىر ـ بىرلەپ ئېسىپ ، تاپىنىدىن تېشىپ شورىغانمۇ ياكى باشقىچە بىر سېھىرگەرلىكلەرنى قىلغانمۇ ؟… بۇ تەرەپلىرىنى تازا ئىنچىكىلەپ سوراپ كەلسە ، ھامۇتنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەس دەيمەن . ئەمما ، بىز خەمىتنىڭ يېزىدىكى بىر نامرات ئائىلىدىن كەلگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتۇق . ئەمدى كېلىپ ، ھامۇتنىڭ ئۆزى پومېشچىكنىڭ بالىسى چىقىپ قالغىنى قانداق بولدى ؟… ئۇ كەملەردە ھودۇققىنىدىن : «ياشىسۇن » دەپ



شوئار توۋلايمەن دەپ ، «يوقالسۇن » دەپ شوئار توۋلاپ سېلىپ ، گەپنى ئوڭلاپ قىلىمەن دەپ ، تەتۈر قىلىپ قويۇپ بالاغا قالغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ھامۇتمۇ بېشى قېيىپ ئۆزىنىڭ ئائىلە تارىخىنى خەمىتكە چاپلىغانمۇ ؟ ئىشقىلىپ ، بۇ ئىشلارنى ئويلاپ باش ـ ئاخىرىغا چىقارغىلى بولمايتتى… راستىنى ئېيتقاندا ، بىز ھامۇتنى «سىنىپىي تەركىبىنى يوشۇرغان » دېگەن گەپكە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدۇق ، ئۇنى مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقانلارنى ئاستىرتىن نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتىمىكىن ، دەپ گۇمان قىلدۇق . دېمىسىمۇ ، بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا مەسىلىسى بار بىرمۇنچە «گېزەندىلەر » يىغىلىپ قالغان تۇرسا ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغان بىرەر ئادەم بولمىسا بولمايدۇ ـ دە ! ؟… ھامۇت كېلىشى بىلەنلا ئۆزئارا قىلىشىدىغان كۇلكە ـ چاقچاقلىرىمىز ئۆچۈپ ، سوغۇق كەيپىيات پەيدا بولدى . دېيىشكە تېگىشلىك ھەربىر ئېغىز سۆزىمىزنىمۇ تارازىغا سېلىپ دەڭسەپ دەيدىغان بولدۇق . بۇ يەرگە كېلىپلا ھامۇتنىڭ كۆزى يەنە خەمىتكە قادالدى . قارىسا ، خەمىت بۇ يەردە ناھايىتى ئەركىن بولۇپ كەتكەن ، ھەتتا چىرايلىق بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن . ھامۇتنىڭ نەزىرىدە خەمىت مەسىلىسى بار ئادەم بولغاندىكىن ، ياۋاشلىق بىلەن باش كۆتۈرمەي ئەمگەك قىلىپ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشى ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن تەشكىلگە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى ـ دە . يەنە خالىغانچە بىرنېمىلەرنى يېزىپ ، قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈردى ، دېگەن نېمە گەپ ! ؟… ھامۇت ئىچىدە شۇنداق ئويلىسىمۇ ئۆزىچە چاندۇرماي خەمىت بىلەن يېقىن بولۇۋېلىپ يۈردى . ئېھتىمال

مۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئۇچىغا چىققان ھاماقەت ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىللىق چاغلىسا كېرەك. خەمىت ھامۇتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇمۇ يېزىپ يۈرگەن شېئىرلىرىنىڭ ئورىگىناللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، چېدىر ئۆيىنىڭ تورۇسىغا تىقىۋېتىپ، ھامۇت بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىپ يۈردى. بۇ ئىككى رەقىب شۇ يەردىكى ئېتىز يوللىرىدا بىللە ماڭغان، توقايلىقلارنى بىللە سەيلە قىلغان، دەريا قولتۇقلىرىدا بىللە بېلىق تۇتۇشقان؛ ئەتىگەندە دەريا ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن تۇمان، قىزىرىپ چىقىۋاتقان قۇياش، يېزا تەرەپتىن چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان پادىلار توپىنى بىللە كۆرۈشكەن. ئۆزىنىڭ چىراي-شەكلىگە ناھايىتىمۇ ئىشىنىپ، ھەرقانداق ئايال زاتىنى ئىندەككە كەلتۈرەلەيمەن، دەپ ئويلايدىغان ھامۇت ھەتتا خەمىتنى پات-پات ئىزدەپ كېلىپ تۇرىدىغان ھېلىقى قىزغا ئانچە-مۇنچە قاناتمۇ سۆرەپ باققان، لېكىن مايسەم ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمىغان. قىز خەمىتنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەمدىن ناھايىتى بىزار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھامۇتنىڭ ئىچى تېخىمۇ ئۆرتىلىپ كەتتى. ئۇ مەكتەپكە: «خەمىتنىڭ ھەرىكەتلىرى سىرلىق، ياۋاشلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي، نېمىلەرنىدۇر يېزىپ تىقىشتۇرۇپ يۈرىدۇ. بىر قىز بىلەن مەخپىي بېرىش-كېلىشى بار...» دېگەندەك غەلىتە ماتېرىياللارنى يېزىپ يوللاپ تۇرغان... مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەمىت تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتتى.

— نېمە، يوقىلىپ كەتتى؟ كىم يوقىلىپ كەتتى؟ — دەپ سورىدۇق بىز چۇشەنمەي.



— خەمىت، خەمىت يوقىلىپ كەتتى.

— نەگە يوقىلىپ كېتىدۇ؟

— ئۇنىڭ نەگە غايىب بولغانلىقى ھەممىمىز ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى، — دېدى ئەدنەم ئاكا، — خەمىت دەسلەپكى كۈنى ياتاققا قايتىپ كەلمىگەندە، ئېھتىمال ئۇ مايسەم بىلەن دالىدا تۈنىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇق. ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرىمۇ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن ھەممەيلەن ئەندىشىگە چۈشۈپ جىددىي ئىزدىدۇق، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. مايسەممۇ بىز بىلەن تەڭ خەمىتنى ئىزدەپ سەدىپارە بولۇپ كەتتى. ھامۇت مەكتەپكە: «خەمىت ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى» دەپ مەلۇمات يوللىدى. بۇ گەپكە ھېچكىم ئىشەنمىدى. خەمىتنىڭ قورقۇپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكۈدەك زادى قانچىلىك جىنايىتى بار دەيسىلەر؟... ئۇ كەملەردە ھەر خىل سىياسىي بېسىم ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، خەمىتنىڭ چەتكە قېچىش نىيىتى بولسا، بۇ يەردە ئۆزى يالغۇز يۈرگەن چاغلاردا ياكى مەكتەپتە ئېگىز قالپاق كىيىپ سازايى قىلىنغان ئېغىر كۈنلەردە قاچماي، ئەمدىلىكتە ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر قىز بىلەن كۆڭۈللۈك مۇھەببەتلىشىۋاتقان كۈنلەردە قىزنى تاشلاپ قاچامدۇ؟ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بولسا، قايسى دۆلەتكە چىقىپ كەتتى؟... بۇ سوئاللارغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيتتى. كېيىنكى كۈنلەردە چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز يۇرتلىرىنى كۆرگىلى كېلىشتى، لېكىن خەمىتنىڭ خەۋىرىنى ئۇلارنىڭمۇ ھېچقايسىسى دەپ

بېرەلمىدى .

— ئۆلۈپ كەتتىمۇ يە ؟

— ئۇ ئۆلگەن بولسا جەسىتى قېنى ؟ قەبرىسى قەيەردە ؟ نېمە سەۋەبتىن ئۆلدى ؟ بۇ سوئاللارمۇ جاۋابسىز قالدى .

— ئۇنداقتا ، بۇ ھېكايىڭىز ئوڭايلا ئاخىرلىشىپ قالدىغۇ ؟ — دېدى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر .

— ئالدىرىماي تۇرمامسىلەر ، — دېدى ئەدىھەم ئاكا ، — سۆزلەيدىغانلىرىم تېخى تۈگىمىدى . مەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولمىغاچقا ، ۋەقەنى تازا رەت - رېتى بىلەن دەپ بېرەلمەيۋاتىمەن . ئەمدى گەپنى يەنە شۇ خەمىت يوقىلىپ كەتتى ، دېگەن كۈنلەردىن باشلايلى ، خەمىتنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىشى بولۇپمۇ مايسەمگە ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلدى . چۈنكى ، بۇ يېزا قىزى ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ شادلىقىنى شۇ خەمىت بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن تاپقان ، كەلگۈسى توغرىسىدىكى نۇرغۇن تاتلىق ئۈمىدلىرىنى ئۇنىڭغا باغلىغانىدى . ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بۇ ئېغىر يوقىتىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئەقلىدىن ئازغاندەكلا بولۇپ قالدى . ئۇ شۇ ئەتراپتىكى ئېدىرلار ، توقايلىقلار ، دەريا بويلىرىنى ياقىلاپ توختىماي يۈگۈرۈپ : «خەمىت ! خەمىت !» دەپ ۋارقىرايتتى . ئۇنىڭ : «خەمىت ! خەمىت !» دەپ ۋارقىرىغان نالىسى يىراقتىكى تاغلاردىن ئەكس سادا بولۇپ قايتىپ كېلەتتى . ھەممىمىز بىچارە قىزنىڭ ھالىغا ئېچىناتتۇق . مايسەم يېزىدا يالغۇز بىر مومىسى بىلەن تۇرىدىغان قىز ئىكەن . بىچارە موماي قىزنى ئارقىسىدىن ئىزدەپ چىقىپ دەريا بويلىرى ، تىك قىيالارنىڭ ئۈستىدىن تېپىپ قايتۇرۇپ كېلەتتى… بىر كۈنى چۈشتە ، نەق ھېلىقى چېدىر ئۆيىنىڭ



ئالدىدىكى چىملىقتا — خەمىت ياساپ ئورنىتىپ قويغان ئۈستەل- ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتۇق ، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمىزدا مايسەم پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ توپتوغرا ھامۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ : «خەمىت قېنى ؟» دېدى .

قىزنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ھامۇت دۇدۇقلاپ : «خە ، خە ، خەمىتىڭنى مە - مە - مەن نەدىن بىلەي» دېيىشىگە ، قىز ۋارقىرىغىنىچە كېلىپ : «خەمىتنى سەن ، سەن ئىت ئۆلتۈردۈڭ !» دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى . ھامۇت قېچىپ ئارانلا قۇتۇلدى .

شۇ كۈندىن باشلاپ قىز چېدىر ئۆينىڭ ئالدىدا پات - پات پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى . ھەر قېتىم قىزنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا ھامۇت قورققىنىدىن تامدەك تاتىرىپ ، ئۆزىنى نەگە قاچۇرۇشنى بىلمەي قالاتتى . بەزىدە بىز ھامۇت يوق چاغدا مايسەمنى چاقىرىۋېلىپ ، خەمىتنى ھامۇت ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ ؟ نېمىشقا شۇنداق دەيسىز ؟ دەپ گەپكە سالاتتۇق . بىر كۈنى مايسەم قويندىن قولياغلىققا ئورالغان بىر نەرسىنى چىقىرىپ بىزگە كۆرسەتتى . قارىساق ، قولياغلىقتا خەمىتنىڭ سۇنغان كۆزەينىكى تۇرۇپتۇ . قىزنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلاشمىغان ، چۈشىنىكسىز سۆزلىرىدىن تازا ئويلىنىپ بىر خۇلاسە چىقارغاندا ، مۇنداق مەزمۇن چىقاتتى : ئەسلىدە خەمىت يوقىلىپ كەتكەن كۈنى چۈشتىن كېيىن خەمىت بىلەن ھامۇتنىڭ دەريا ئوتتۇرىسىدىكى تاشلىق بىر ئارالغا ئۆتۈپ ، بېلىق تۇتماقچى بولۇپ دەرياغا تور تاشلاپ ئولتۇرۇشقىنىنى مايسەم كۆرگەنىكەن . شۇ يەردە خەمىت بىلەن ھامۇت بىر - بىرى بىلەن تاكاللىشىپ قالغان . بۇ ئىككى رەقىبنىڭ بىر - بىرىگە قول شىلتىشىپ ، نېمىلەرنىدۇر

دېيىشۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرگەن قىز: بۇلار نېمە بولۇشقاندۇ؟… ئەر خەقلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، دەپ كېتىپ قالغان… سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، خەمىت بىلەن ھامۇت نېمە تالىشىپ بىر - بىرى قىزىرىشقاندۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇلار ئارتۇق كەتكەن بىرەر ئېغىز چاقچاقتا تېرىكىپ ياكى ئەرزىمەس بىرنېمىلەرنى تالىشىپ بىر - بىرىگە قول شىلتىشىپ كېتىدىغان كىچىك بالا ئەمەس. چوقۇم گەپ ھامۇتنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۈستىدىن مەكتەپكە توختىماي راست - يالغان مەلۇمات يوللاپ يۈرگەن ئىشى ئۈستىدە بولغان. شۇ چاغدا بىز مەكتەپنىڭ خەمىتنى بۇ يەردىن قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىنى ئۇققاندۇق. بۇ ھامۇتنىڭ خەمىت ئۈستىدىن مەكتەپكە توختىماي يوللاپ تۇرغان يالغان مەلۇماتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. خەمىتنىڭ بۇ تىنچ يەردىن كىشىنى بىزار قىلىدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەكتەپكە قايتىپ كەتكۈسى يوق ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ يەردە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر قىز بار ئىدى. بۇ قىزغا ھامۇتنىڭمۇ كۆزى قادالغانىدى. شۇڭا، خەمىتنىڭ ھامۇتقا جاندىن ئۆتكۈدەك بىر - ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلغىنى ئېنىق. مەسىلەن، ئۇ ھامۇتقا: «مۇنداق قىلىپ كۈن ئالغۇچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ، ئادەم ئەمەس ئىت ئىكەنسەن!…» دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

ھامۇت سەل قىزىققان، ئاچچىقى كەلگەندە ئاغزىدىن ئوڭايلا بىزەپ گەپلەر چىقىپ كېتىدىغان نەرسە ئىدى. ئۇ ئاچچىقىدا نېمە دېيىشىنى بىلمەي: «ھەدەڭنى پالان قىلاي!» دېگەن. خەمىت: «ھەدەمنىڭ ئېرى بار دېگىنە، چىشىڭ پاتماسمىكىن» دېگەن. ھامۇت: «ئەمىسە سىڭلىڭنى…» دېگەن. خەمىت: «سىڭلىم



بولسىغۇ شۇنداق قىلساڭ بولاتتى، ساڭا بەرگۈدەك سىڭلىممۇ يوق دېگىنە» دەپ يەنە ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرغان. ھامۇت تېخىمۇ ئەدەپ: «ئەمىسە ئاناڭنى…» دېگەن. ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇرغان خەمىت:

«مېنىڭغۇ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، ھازىرچە ئۆزۈڭنىڭ ئانىسىنى شۇنداق قىلىپ تۇرساڭ بولارمىكىن!» دەپ ھامۇتنىڭ بۇرنىغا «گاچچىدە» بىرنى سالغان.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ياقىلىشىپ ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتكەن. ھامۇت خەمىتتىن قاۋۇلراق ئىدى. ئۇ ئاتقان بىر مۇشت خەمىتنىڭ بېشىغا تېگىپ كۆزەينەكى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. خەمىت كۆزەينەكى بولمىسا ئالدىدىكى نەرسىلەرنى تازا ئوچۇق كۆرەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ كۆزەينىكىنى تاپماقچى بولۇپ ئېڭىشىپ يەرنى سىيپاشتۇرغان. ھامۇت: «خەمىت يەردىن تاش ئېلىپ مېنى ئۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، چاققانلىق بىلەن يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ، ئېڭىشىپ تۇرغان خەمىتنىڭ بېشىغا ئۇرغان. خەمىت شۇ يەردىلا يىقىلغان…

— ئۆلدى دېمەكچىمۇ سىز؟

— شۇنداق، تاش ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگىپ كەتكەن. بەلكىم ھامۇت ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي، دەپ ئويلىمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، ئىشنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولۇپ چىققان.

ھەممەيلەن خىيالغا چۈشۈپ جىمىپ كەتتۇق. ئەدىھەم ئاكا قولىدىكى تاماكىسىنى كۈلدانغا مىجىپ ئۆچۈردى. يەنە بىر - ئىككىيلەنمۇ ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چەككەچكە، ياتاق ئىچىنى تۈتۈن قاپلاپ كەتكەنىدى. كىمدۇر بىرى ئورنىدىن قوپۇپ بېرىپ دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىۋەتتى. تالادا يامغۇر تېخىمۇ

جېدەللەپ ياغماقتا ئىدى . پۈتۈن دىققىتىمىز ئەدىھەم ئاكا سۆزلەۋاتقان ۋەقەلىكتە بولۇپ قالغاچقا ، يېغىۋاتقان يامغۇرمۇ ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى .

— ئەگەر بىر جىنايەتچى ئۆركەشلەپ تۇرغان دەريانىڭ بويىدا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەدىھەم ئاكا ، — ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايەت ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىدۇ ؟

— ئالدى بىلەن جەسەتنى كۆزدىن يوقىتىدۇ ، — دېيىشتۇق بىز .

— جەسەتنى قانداق يوقىتىدۇ ؟

— سۇغا تاشلايدۇ .

— توغرا ، سۇغا تاشلايدۇ… خەمىتنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھامۇت ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا قارىغان . ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ، بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن سۇغا تاشلىغان تورنى ئالدىراپ يىغىۋالغان ، ئاندىن خەمىتنىڭ جەسىتىنى يوغان بىر تاش بىلەن قوشۇپ تورغا چىرماپ باغلاپ دەرياغا غۇلىتىۋەتكەن . خەمىت ئەنە شۇ سائەتتىن باشلاپ كىشىلەر ئارىسىدىن غايىب بولغان… ھامۇت جىنايەت ئىزىنى ھەرقانچە ئۇستىلىق بىلەن يوقاتتىم دېسىمۇ ، يەنە بىر ئىشتا چاندۇرۇپ قويغان . ئۇ خەمىتنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كۆزەينىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان . قىز خەمىت ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغاندىن كېيىن ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھامۇت بىلەن دەريا لېۋىدە تاكاللىشىپ تۇرغاندا كۆرگىنىنى ئېسىگە ئالغان . ئۇ يەرگە بېرىپ خەمىتنىڭ دەسسىلىپ سۇنغان كۆزەينىكىنى تېپىۋالغان . خەمىت چەت ئەلگە



قاچقان بولسا ، كۆزەينەكسىز يۈرەلمەيدىغان خەمىت ھېچ ۋاقىتتا كۆزەينىكىنى دەريا بويىغا تاشلاپ قويۇپ قاچمايدۇ - دە ! ؟ خەمىتكە چوقۇم ھامۇت زىيانكەشلىك قىلدى ، دەپ جەزملەشتۈرگەن . بۇ پاجىئە مايسەمگە ئەڭ ئېغىر تەسىر قىلدى . قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان بۇ گۈزەل ۋادا خەمىتسىز ئۇنىڭ كۆزىگە گۆردەك قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى . ئۇ ئۆزىنى بىلىپ - بىلمەي : «خەمىت ! خەمىت !» دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈيتتى . ھامۇتنى كۆرگەن يەردە : «خەمىت قېنى ؟ خەمىتنى سەن ئۆلتۈردۈڭ !» دەپ ياقىسىغا ئېسىلاتتى . قىز ئىلگىرى خەمىت بىلەن ماڭغان ئېتىز يوللىرى ، ئېدىرلار ، توقايلىقلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تاپانلىرى يېرىلدى ، چاچلىرى پاخپايدى ، ئورۇقلاپ بىر تال قۇرۇق ياغاچقىلا ئايلىنىپ قالدى… مانا مۇشۇنداق جۇدۇنلۇق بىر يامغۇر كۈنى مايسەمنى مومىسى دەريا ياقىسىدىن ئىزدەپ تېپىپ قايتۇرۇپ كەتتى . قىزنىڭ ئۆپكىسىگە قاتتىق سوغۇق تەگكەنلىكتىن بىرنەچچە كۈن ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ ياتتى - دە ، بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى .

— قىزمۇ ئۆلۈپ كەتتىما ؟ — دېيىشتۇق بىر نەچچىمىز تەڭلا .

— شۇنداق ، ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتتى .

ئارىنى بىردەملىك سۈكۈت باستى .

— شۇنداق قىلىپ ، مۇھەببەت توغرىسىدىكى بىر چىرايلىق ناخشا پاجىئە بىلەن ئاياغلاشتى ، دەڭ ؟ — دېدى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قادىر .

— ھامۇت ھازىر قەيەردە ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— ھامۇتما ؟ — دەپ ئويلىنىپ قالدى ئەدىھەم ئاكا ، —

هامۇت ھە...

— قىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئەبلەخ «ئۇھ !» دەپ ئارام تېپىپ قالغاندۇ ؟ — دېدى كىمدۇر بىرى .

— شۇ چاغدا بىزمۇ سىلەر ئويلىغاندەك ئويلىغانىدۇق ، — دېدى ئەدىھەم ئاكا ، — لېكىن ھامۇت قىز ئۆلۈپمۇ ئارام تاپالمىدى . ئۇ كېچىلىرى جۆيلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى . ئۇقساق ، ماڭسىمۇ ، ياتسىمۇ ، نېمە قىلىۋاتقان بولسۇن ، قىزنىڭ : «خەمىت ، خەمىت !» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ، ۋادىلاردىن : «خەمىت ، خەمىت !» دەپ قايتقان ئەكس سادالار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھەر دائىم جاراڭلاپ مېڭىسىنى قوچۇۋېتىدىكەن ؛ كۆزىنى يۇمسىلا خەمىتنىڭ تورغا يۆگەپ تاشلىغان جەستى دەريادىن لەيلەپ چىقىۋاتقاندەك ، خەمىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ھامۇتقا قولىنى جونۇپ : «مۇنداق كۈن ئالغۇچە ، ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ ؟ ئادەم ئەمەس ئىت ئىكەنسەن !» دەۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن . ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئېغىر ئازاب بولماس ، دەيمەن . ھامۇت شۇنىڭدىن باشلاپ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالدى . ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايتتى . دائىم ئۆز - ئۆزىگە : «ئادەم ئەمەس ئىت ئىكەنسەن... ئىت ئىكەنسەن ، ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ . ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ !... » دەپ پىچىرلاپلا يۈرگىنىنى كۆرەتتۇق . ئۇ ئايلاپ ساقال - بۇرۇتىنىمۇ ئالماي بوۋايغىلا ئوخشىشىپ قالدى . بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇمۇ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتتى .

— كىم ؟ !

— ھامۇت !



— ھوي ! — دەۋەتتى ئەدەبىيات مۇئەللىمى قادىر ، — سىز بۇ ھېكايىڭىزدىكى ئادەملەرنى بىر - بىرلەپ يوقىتىپ بولدىڭىزغۇ ؟

— مەندە نېمە ئامال ؟ ! — دېدى ئەدىھەم ئاكا ، — مەن سىلەرگە بۇ ۋەقەنى ئىچىمدىن توقۇپ چىقىرىپ سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىم يوق . نەق بولغان ئىشلارنى دەپ بېرىۋاتىمەن - دە !... بىز ھامۇتنى بىرقانچە كۈن ئىزدىدۇق ، مەكتەپكىمۇ خەۋەر قىلدۇق ، ھېچ يەردىن دېرىكى بولمىدى . بىر بېلىقچى بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ شۇ كۈنى ھامۇتنىڭ دەريا بويىدىكى بىر تىك قىيانىڭ ئۈستىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەنىكەن . ھامۇت ئۇ يەردە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ نېمىلەرنى ئويلىدى ؟ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا قانداق كۈرەشلەر بولدى ؟ ئاخىرىدا ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، شۇ تىك قىيادىن ئۆزىنى دەرياغا ئاتتىمۇ ياكى باشقا بىر ۋەقە يۈز بەردىمۇ ؟... بۇ بىر سىر بولۇپ قالدى .

— ئەگەر ھامۇت ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغان بولسا ، — دېدى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان ، — ھەر ھالدا ئۇنىڭدا ئازراق بولسىمۇ ۋىجدان بار ئىكەن .

— راست گەپ ، — دېدى كىمدۇر بىرى ، — شۇ يىللاردا باشقىلارغا ھارغۇچە زىيانكەشلىكلەرنى قىلىپ ، يەنە ھازىرغىچە ئارىمىزدا يۈزىنى داپتەك قىلىپ كېرىلىپ يۈرگەنلەرمۇ بارغۇ ؟

— كېيىن ئەينى يىللاردا سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ نامى ئومۇميۈزلۈك ئاقلاندى ، — دېدى ئەدىھەم ئاكا ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ تۇرۇپ ، — خەمىتنىڭ ئىسمى ئاقلانغانلارنىڭ تىزىملىكىگە بىرىنچى بولۇپ

يېزىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ نامى ئاقلانغان بىلەن ئۆزى ئارىمىزدا يوق. مانا، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئورىگىناللىرى ھازىر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا تۇرۇپتۇ. ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مۇھەببەت، بۇلبۇللارنىڭ ساداسى، گۈزەللىك بىلەن تويۇنغان كەڭ دالا، بۇلاق بېشىدا مۈڭلىنىپ ئولتۇرغان يېگانە قىز... دېگەندەك مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن. ھەممە مىسرالىرىدىن گۈپۈلدەپ گۈل پۇرىقى پۇراپ تۇرىسىمۇ، يەنە چوڭقۇر بىر ھەسرەتمۇ بار. سىلەر ئېيتقاندەك شادلىق بېغىشلايدىغان مىسرالار كەمدەكمۇ قىلىدۇ. تېخى تونۇلمايلا بىز بىلەن ۋىدالاشقان بۇ شائىرنىڭ ھاياتىدا قانچىلىك خۇشاللىق بولغان دەيسىلەر؟ ئومۇمىي خەلق شادلىققا ئېرىشكەن ياخشى كۈنلەرگە ئۇ يېتەلمىدى...

× ×

كېچىچە چىققان شامال بۇلۇتلارنى سۈرۈپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. ئەتىسى قۇياشنىڭ ئەتراپىقا ئىللىق نۇر چېچىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ناشتىنى قىلىپلا دەريا بويىغا قاراپ ماڭدۇق. قاش دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ قالغانىدى. لايقىپ قالغان سۇ كۆۋجەپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك شارقىرايتتى. ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە لىغىرلاپ تۇرغان ئاخىرقى يامغۇر تامچىلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى. يىراقتىكى يايپېشىل تاغ چوققىلىرى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېدىرلار، دەريا ۋادىسىدىكى يېيىلىپ ياتقان توقايلىقلار... پۈتكۈل تەبىئەت يامغۇردا يۇيۇنۇپ، تېخىمۇ گۈزەل



تۈس ئالغانىدى. نەم يەردىن يېنىك ھور كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە نەرسە نېپىز تۇمان ئىچىدە تەۋرىنىپ تۇراتتى.

كۆز ئالدىمىزدىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ ھەممىمىز جىمىپ كەتتۇق. قۇلىقىمىزغا ھېلىقى توقايلىقلار ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرگەن قىزنىڭ: «خەمىت، خەمىت!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، ئېگىز بىر قىيانىڭ ئۈستىدە مۈكچىيىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ھامۇت، دەريادا لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان جەسەت كۆزىمىزگە قايتا كۆرۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. تەبىئەت شۇنچە گۈزەللىك ئاتا قىلغان بۇ ۋادىلاردىمۇ ئاشۇنداق پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى...

— تېخى ھەممە يەر نەم ئىكەن، توقايغا چۈشتىن كېيىن ئۆتسەك بولغۇدەك، — دېيىشتۇق.

1999 - يىل 3 - ئاي، ئۈرۈمچى

# قارا قوراساق سەركە

## 1

يۇنۇس باخشى جىنلىرىنى ساناپ چىقىۋىدى، بىرى كەم چىقتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جىنلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ساناپ باقمىغىنىغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئادەتتە ئۇ تۇغ تىكىپ، تۇغنى ئايلىنىپ پىرقىرىغاندا، ئەتراپىدىكى پۈتۈن كائىنات — قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، ئادەم، هايۋان، دەل - دەرەخ··· هەممە نېمە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ پىرقىراپ، هەسەن - هۈسەندەك رەڭگارەڭ تۇتاش بىرنەرسىگە ئايلىنىپ كېتەتتى. «بۇ ئالەمنىڭ سىرى شۇنىڭدا، — دېگەنىدى بىر ئۆلىما يۇنۇس باخشىغا، — هەممە مەۋجۇدات هەرىكەتتە بولغاچقىلا، بىر پۈتۈنلۈكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ياراتقان ئىگەم ئۇلارنى هەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىدىن مەهرۇم قىلسۇنچۇ، شۇ مىنۇتتا هەممە نەرسە پارە - پارە بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن بولاتتى···» يۇنۇس باخشىنىڭ چىلتەنلىرىمۇ ئۇ تۇغنى چۆرگىلەپ پىرقىرىغاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەم بولاتتى؛ هەرىكەتتىن توختاپ كۆزىنى ئاچقاندا غايىب بولۇشاتتى.

يۇنۇس باخشىنىڭ ئاجايىپ شۆهرەت قازانغان بىر چاغلىرى بولغان. ئۇ كەملەردە ئۇ پېرى جابدۇقلىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، بىرقانچە ئۇستا تاپچىلارنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ، سەهرامۇ



سەهرا ئارىلايتتى. كاكاڭلىشىپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى يېزا يوللىرىنىڭ قىزىق توپىسىنى ئوشۇقىغىچە كېچىپ، هەربىر ئەسكى تاملىق، ئالا - بۇلىماچ ژۇرۇنلار باغلىنىۋېتىلگەن قېرى قارىياغاچ. دۇمچەك - دۇمچەك قەبرىلەر بىلەن تولغان مازارلارنىڭ يېنىدا توختاپ ئۆتەتتى. ئىنسانلار بېشىغا ئۆلۈم - يېتىم، بالا - قازا كەلگەندىلا ئېسىغا ئالىدىغان بۇ خىلۋەت جايلارنى يۇنۇس باخشى دەل مۆجىزىلەر ئايان بولىدىغان ماكان، دەپ بىلەتتى. پېرىنى ئۇ ئەنە شۇنداق كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان غەلىتە جايلاردا ئويۇشتۇراتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ قەدىمى يەتكەن جايغا ئەتراپتىكى يېزىلاردىن بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلاتتى. داپلارنىڭ نالە قىلىپ داراڭلاشلىرى، داپچىلارنىڭ پەرياد سېلىپ ئاۋۇشلىرى، ساپايىلەرنىڭ ئاچچىق شاراقشىشلىرى، پارسىلداپ ئۇچقۇن چېچىپ كۆيۈۋاتقان نۆكچىلار، ئىسىرىقدانلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈچ تۈتۈن، هاۋانى قاپلىغان كۆيگەن ماي ۋە ئادراسمانىنىڭ هىدى، باخشىنىڭ قۇيۇندەك پىرقىراۋاتقان قىياپىتى··· بۇلارنىڭ هەممىسى ئەتراپقا ئولاشقان ئادەملەرنىڭ خىيالىنى باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ كېتەتتى. نامراتلىق، دەرد - ئەلەم، ئاغرىق - سىلاقلار بىلەن چىرمالغان ئادەملەر گويا ئۆزىنى ئېغىر گۇناهقا پاتقاندەك، شۇ سەۋەبتىن تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچراۋاتقاندەك هېس قىلىپ قورقۇنچقا چۈشەتتى. بۇ پېرى ئويۇنىنىڭ ئۆزى سېهىرگەرلىكمۇ ياكى سەنئەتمۇ؟ ئەملەشمۇ ياكى گوللاشمۇ؟ بۇلارنى ئايرىماق تەس ئىدى. بەزىدە گۆدەكلەرنىڭ يىغىسىنى گوللاپمۇ توختاتقىلى بولىدىغۇ؟ !···

ئەنە شۇنداق پېرى سورۇنلىرىدا يۇنۇس باخشى يېتىقتىكى

قانچە بىمارلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ماڭدۇرۇۋەتكەن ، قانچە دەردمەنلەرنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئالدىن قىياسلارنى قىلغان . كېيىن جاھان ناھايىتى تېز ئۆزگىرىپ كەتتى . قېرى قارىياغاچلار كېسىلىپ ، ئەسكى تاملار ئۆرۈلدى ؛ كونا قەبرىستانلىقلار بىر - بىرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى . نەگە بارساڭ ، ئادەم مىغىلداپ ، خىلۋەت جايلارنىڭمۇ تايىنى قالمىدى . ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى ، رادىئو كانايلىرىنىڭ چىرقىراق ئاۋازلىرى دەستىدىن كىشىلەرنىڭ سەزگۈسى گاللىشىپ ، داپلارنىڭ رىتىملىق ساداسى ، داپچىلار كۈيلىرىدىكى سېھىرلىك كۈچنى سەزمەس بولۇپ قالدى . نېمىدېگەن مەززىسىز دۇنيا - ھە ! ؟…

يۇنۇس باخشىغا ئۆزى قېرىپ ، ھالى قالمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ كارامىتىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەرمۇ ساناقلىقلا قالغاندى . ئۇنىڭغا داپ چېلىپ بېرىپ ، پېرە قوشاقلىرىنى ئاۋۇيدىغانلار ، ئۇنىڭغا ئىخلاس باغلاپ پېرە ئويۇنىنى كۆرىدىغانلار ، باخشىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقىدىغانلارمۇ ھەر تەرەپكە تېزىپ كەتتى . گويا ھەممە نېمىنى ماشىنا ، رادىئو كانايلىرىنىڭ كىشىنىڭ سەپراسىغا تېگىدىغان شۇ يېقىمسىز شاۋقۇنى يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك ، يۇنۇس باخشىنىڭ پېرىگە چۈشكەندە ، ئەتراپىدا ھازىر بولىدىغان چىلتەنلىرىمۇ بارغانسېرى غۇۋالىشىپ ، ئاجىزلىشىپ كەتكەندى . «بۇ ئاخىر زاماننىڭ بەلگىسىمۇ ، قانداق ؟ — دەپ ئويلاپ قالاتتى بەزىدە يۇنۇس باخشى ، — ئاخىر زامان يېقىنلاشقاندا ، ئالەمنى ۋاڭ - چۇڭ قاپلاپ ، ئاسمان بىلەن زېمىن ئادەم بىلەن جىن ، ئەر بىلەن ئايالنىڭ پەرقى قالماسمىش… »

يۇنۇس باخشى شۇنداق خىياللار بىلەن قانچىلىك يول باسقىنىنى بىلمەي قالدى . ئۇ پىنھان بىر جاينى ئىزدەيتتى .



قۇياش جاھاننى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ قاغجىراپ يېرىلغان بىر پارچە يەرنى كېسىپ ئۆتۈپ ، سۇسىز بىر ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن يەنە ئۇزاق ماڭدى - دە ، يوغان بىر تۇپ ياڭاقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . ئۆشنىسىدىكى يىرتىق خۇرجۇننى ئېلىپ يەرگە قويۇپ ، بىرئاز دېمىنى ئالغاندىن كېيىن ، خۇرجۇننىڭ بىر كۆزىدىن قىل ئارغامچىنى سۇغۇرۇۋالدى . ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ياڭاقنىڭ شېخىغا مەھكەم باغلىدى ، يەنە بىر ئۇچىنى قوزۇققا چىگىپ ، يەرگە قېقىپ تۇغ تىكتى ، ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولدى . قېرىلىقتىن تېرىلىرى بوششىپ قاتلىشىپ كەتكەن بەدىنىگە قاراشقىمۇ رايى تارتماي ، ئۈستىگە ئالدىراپ كېپەندەك كەڭ ئاق كۆڭلىكىنى كىيدى . بىر قولىغا ساپايى ، بىر قولىغا خەنجىرىنى ئېلىپ ، تۇغنى چۆرگىلەپ ئاۋۇشقا باشلىدى :

ئاھ ئىلاھىم ، ئىلاھىم ،
تولۇپ تاشتى پىغانىم ،
زەپ قىينالدى بۇ جانىم ،
ساڭا بار بىر سوئالىم .
مېنى نېمىشقا بار قىلدىڭ ،
ئەجەب يولۇمنى تار قىلدىڭ ،
جىن - شەيتانغا خار قىلدىڭ ،
مېنىڭ نېمە گۇناھىم ؟
كېتىپ تەندىن مادارىم ،
ئۆتمەس بولدى دۇئايىم ،

خاراب بولسا بۇ ھالىم —
كىمگە بولۇر ئۆۋالىم؟
ئەننە - مىننە پاتارا،
چىلتەنلىرىم قاتارا...

يۇنۇس باخشى بارغانسېرى خۇرچىغا كېلىپ، شۇنداق ئىتتىك ئاۋۇشقا باشلىدىكى، ئۇنىڭ زادى نىمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايلا قالدى. ئۇ ئىككى قولىنى شەپەرەڭنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، قۇيۇندەك پىرقىرىماقتا ئىدى. جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك قايناپتتى. كەڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى كۆپۈپ، ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان شارغىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى. پۈتۈن زېمىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ پىرقىراپ، كۆز ئالدىدا تۈتاش رەڭلىك نۇرلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يۇنۇس باخشى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، كۆز ئالدىدا جىمىرلاپ تۇرغان رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. «قېنى، بۇ رەڭلەر ئىچىدە نىمە كەم؟... ئىشقىلىپ، بىرنېمە كەمدەك قىلىدۇ...»

رەڭلەر بارغانسېرى ئېنىقلىنىپ، ھەربىر رەڭ بىر مەخلۇق شەكلىگە كىرىشكە باشلىدى. مانا، مۇنۇ ئەسكى تامىلىقنىڭ چار يىلىنى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىدۇ. ماۋۇ زوڭزىيىپ تىككىدە ئولتۇرغىنى ھۇۋقۇش، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىگە قارىغان ئادەم ئەيمىنىدۇ... ئەمدى، ئاۋۇ نىمە؟... ھە، بۇ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن قېرى مۈشۈك، ئۆمۈر بويى قۇچىقىڭدا پۇشۇلداپ ياتىدۇ - دە، بىر كۈنلەرگە بارغاندا تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ماۋۇسى زۇلمەتنى خۇش كۆرىدىغان شەپەرەڭ، ئۇ جاراھەتنىڭ ئېغىزىغا چاپلىشىۋېلىپ قان شورايدۇ. ئاۋۇ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىغا



ئۆتۈۋالغىنىچۇ؟ ئۇ قورقۇنچلۇق قۇش ئىسقاق. سەن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمەيسەن، ئاۋازىنىلا ئاڭلايسەن، ئۇ دەرەخنىڭ شېخىغا پۇتىنى ئىلىۋېلىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سايرايدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە قان تامچىپ چۈشىدۇ - دە، ئۇ قونغان دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، شۇ زامان قۇرۇپ قالىدۇ... يەنە نىمە كەم؟ توغرا، ئاق رەڭ!... ھېلىقى ساقاللىق ئاق تېكە قېنى؟... ئادەملەرگە ئەڭ يېقىن، ئېزىتقۇلۇق كۈچى ئەڭ يامىنىمۇ شۇ ئەمەسمىدى؟... ئۇنىڭ چىلتەنلىرى ئارىسىدا ئاق تېكە بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ يۇنۇس باخشىنىڭ كارامەتلىرىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكىنىمۇ شۇنىڭدىن ئىكەن - دە؟!...

يۇنۇس باخشىنىڭ تىزلىرى پۈكۈلدى، ھاسىراپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ پېرىنى يەنە ئازراق داۋاملاشتۇرغان بولسا، نىمە كارامەتلەر ئايان بولاتتىكىن؟ لېكىن، ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدىكى مادارى قالمىغانىدى. ئۇ ئاپئاق بۇلۇتلار ئېسىلىپ تۇرغان كۆككە قاراپ ئۇزاق ياتتى. يىراق بىر يولدىن گۈركىرەپ ئۆتكەن ماشىنا ئاۋازى كېلەتتى. پاكار تاملارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇششاق بالىلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ساداسى ئاڭلىناتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ كۆزىگە ئاسماندىكى ئاستا - ئاستا سىلجىۋاتقان ئاق بۇلۇتلار ئوتلاپ يۈرگەن توپ - توپ قويلاردەك كۆرۈنەتتى. ھېلىقى ئاق تېكە بولسا قويلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى.

## 2

ئەمدى ئېنىق بولدى. يوقالغىنى بىر ئاق تېكە، ئۇزۇن، ئاپئاق ساقاللىق بىر ھارامزادە...

يۇنۇس باخشى ئويلىنىپ قالدى. ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا، ئۇ تېخى دۇنيانىڭ غەملىرىدىن خالاس ئويناپ يۈرگەن بالا چاغلىرىدا، ئۇنىڭ دادىسى كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك بىر چىرايلىق ئوغلاقنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا كىرىپ، ئوغلاق ئوينىتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا، دادىسىنىڭ بىر قولىدا دائىم ئالا - بۇلىماچ پۈپۈكلەر چىگىلگەن تاياق، مۈرىسىدە ئۇزۇن - قىسقا بىرنەچچە توقماق سېلىنغان خۇرجۇن بولاتتى. شەھەرگە كىرگەندە، ئوغلاقنىڭ بوينىغا ئۈششاق قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ، ئۈستىگە پەرەڭ يوپۇق ياپاتتى. شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، بازارنىڭ ئازادىرەك بىر دوقمۇشىغا كېلىپ توختىغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئۈششاق بالىلار، ئىشى يوق لەلەڭلەپ يۈرگەن بىكارچىلار «دۈررىدە» كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇپ تۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، خۇرجۇندىكى ئوغلاق ئوينىتىدىغان ئەسۋابلىرىنى ئەتراپقا ياياتتى، ئاندىن قولىدىكى پۈپۈكلۈك تايىقىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۈنلۈك ۋارقىراپ:

— قېنى، ئوغلىقىم، مەيدانغا چىقىڭ، ماۋۇ ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا بىر سالام بېرىۋېتىڭ! — دەيتتى.

ئوغلاق بوينىدىكى قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ، مەيداننى ئايلىنىشقا باشلايتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردە توختاپ، ئەتراپقا ئولاشقانلارغا قاراپ ساقىلىنى سىلكىپ - سىلكىپ قوياتتى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلار: «ئەنە، ئەنە، راستتىنلا سالام بېرىۋاتىدۇ!» دەپ ھەيران بولۇپ چۇرقىرىشىپ كېتەتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى:



— بولمىدى، بولمىدى... ئاۋۇ ساقاللىق چوڭ دادىڭىزغا سالام بەرمەي ئۆتۈپ كەتتىڭىز، ماۋۇ گۈللۈك بەلباغ چىگكەن بايۋەچچىگە سالام بەرمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟... ھە، ئەمدى ئاۋۇ سەللىلىك دامولللىغىمۇ كېلىشتۈرۈپ بىر سالام قىلىۋېتىڭ! — دەپ قولىدىكى تاياق بىلەن ئوغلاقنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك - يېنىك ئۇرۇپ قوياتتى.

بۇ ئوغلاق ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق ئىدى. ئىگىسى كۆرسەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ، بېشىنى سىلكىپ، بىر پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ - تېپىپ قويۇپ ياكى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ تىككىدە ئۆرە بولۇپ، ئىشقىلىپ، قانداقتۇر بىر قىلىقلار بىلەن ئۇلارغا ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى. كۆرۈپ تۇرغانلار «گۈررىدە» ئاۋاز چىقىرىپ: «ئوھوي!» دېيىشىپ كېتەتتى.

— بولدى، بولدى، قايتىپ كېلىڭ! — دەپ ۋارقىرايتتى يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى، — قۇرۇق سالام بېرىۋەرگەن بىلەنمۇ بولمايدۇ، ئەمدى مېھمانلارغا بىر كارامىتىڭىزنى كۆرسىتىۋېتىڭ!

شۇنىڭ بىلەن، توقماق ئويۇنى باشلىنىپ كېتەتتى. ئوغلاق تىك قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلغان بىرىنچى توقماققا چىقاتتى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئىككىنچى توقماققا سەكرەپ ئۆتەتتى، ئاخىرىدا ئەڭ ئېگىز توقماققا سەكرەپ چىقىپ، توقماقنىڭ ئالىقانچىلىكمۇ كەلمەيدىغان يۈزىدە تۆت پۇتىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىپ ئەتراپتىكىلەرگە يەنە سالام بېرەتتى. ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار رازى بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ كېتەتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى تولا دەۋېرىپ ياد بولۇپ كەتكەن قاپىيىلىك سۆزلەرنى ئۈنلۈك توۋلاپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ

قىزىتاتتى .

— ھەي ، خالايىق ، بۇنى بىر ئاددىي ئوغلاق ئىكەن ، دەپ قالماڭلار ، بۇ ئىنس ـ جىندىن تەلىم ئالغان ، ئۆتكۈن ئۆتكەندە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم ئوغلاق . سەل چوڭ بولسا تېكە بولىدۇ ، بىرەر مىڭ قويغا سەركە بولىدۇ ؛ ئۆلسە تېرىسى داپ بولىدۇ ، مۈڭگۈزى پىچاققا ساپ بولىدۇ ؛ بەك قېرىپ كەتسە جىن بولىدۇ ، مېنىڭ باققىنىم بىر تېيىن بولىدۇ !...

بۇ ئاق ئوغلاقنىڭ قورساق تەرىپىدە ئالىقانچىلىك يەردە قارىسى بار ئىدى . شۇڭا ، يۇنۇس باخشى ئۇنىڭغا «قارا قورساق» دەپ نام قويۇۋالغانىدى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ دادىسى بۇ ئوغلاققا ئانچە ياخشى مۇئامىلە قىلمايتتى ، پات ـ پات ھېلىقى پۆپۈكلۈك تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئەدەپلەپ تۇراتتى . مۇنداق چاغلاردا ، ئوغلاقنىڭ ئاچچىق مەرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ كۆزىگە «مۆللىدە» ياش كېلەتتى . دادىسى ھەر قېتىم ئوغلاق ئوينىتىپ قايتىپ چىققاندا ، يۇنۇس باخشى ئوغلىقىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوتلاتقىلى ئاچىقاتتى . دېمىسىمۇ بۇ ئوغلاق ناھايىتى بەڭباش ئىدى . سەللا دىققەت قىلمىسا ، كىشىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ، قويلارنى باشلاپ باشقىلارنىڭ كۆكتاتلىقلىرىغا كىرىپ كېتەتتى ؛ قوشنىلارنىڭ باغلىرىغا چۈشۈۋېلىپ ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى غاجىلاپ ، بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىپ بېرەتتى . يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى بىر قېتىم ئاچچىقىدا بۇ ئوغلاقنى سويۇۋەتمەكچى بولۇپ پىچاقنى كۆتۈرۈپ چىققاندا ، بالا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ ، دادىسىنى پەيلىدىن قايتۇرغانىدى .

يازنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى يۇنۇس باخشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ . شۇ كۈنى ئۇ دادىسى بىلەن بىللە بازارغا كىرگەنىدى .



ئۇلار ئوغلاق ئوينىتىپ ئانچە ـ مۇنچە تاپاۋەت قىلىپ ، كەچكە يېقىن يېزىسىغا قاراپ مېڭىشتى . ئۇلارنىڭ يېزىسى بىلەن بازار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن بىر چۆل بار ئىدى . يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى ھارغىن قەدەم بېسىپ ، توپىلىق يولدا خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى . يۇنۇس باخشى ئوغلاقنى ئەگەشتۈرۈپ خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى . چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەندە ، تۇيۇقسىز دەھشەتلىك بىر قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ ، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . قۇيۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى ئالدىدىكى يولغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى . چۆل يەنە تىمتاسلىققا چۆككەن بولۇپ ، يول ئۈستىدە يا ئۇنىڭ ئوغلى ، ياكى ھېلىقى ئوغلاقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى . بالا بىلەن ئوغلاقنى ئۇ تۇپتوغرا بىر ھەپتە ئىزدىدى ، گويا ئۇلار قۇيۇن بىلەن بىللە ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك ھېچ يەردىن دېرىكى بولمىدى .

يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى بىر كۈنى چۈش كۆردى . چۈشىدە بىر بوۋاي ئۇنىڭغا : «سەن ھەر ئىككىلىسىنى ئىزدىسەڭ مەڭگۈ تاپالمايسەن ، يا ئوغلاقتىن ، يا ئوغلۇڭدىن ۋاز كەچ !...» دەۋاتاتتى . ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان چاغ بولۇپ ، دەرەخلىك يېزىنىڭ ئىچى ، ئۆيلەر تېخى قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى . يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ھېلىقى ئوغلاق ئوينىتىدىغان پۆپۈكلۈك قاتتىق تاياقنى تاپتى ـ دە ، ئوشتۇپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتى . شۇ كۈنى كەچتە بالا ئۆيگە قايتىپ كەلدى . ئۆزى ياداپ ، مەڭزىنىڭ ئۇستىخانلىرى بۈلتىيىپلا چىقىپ قالغان ، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەنىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە يوقالغانلىقىنى ، ئوغلاقنىڭ نەدە قالغانلىقىنى

دەپ بېرەلمىدى . قانداقتۇر بىر كۆزلىرى چاپاقلىشىپ كەتكەن مۇشۈك ، ئەسكە تاملىقنىڭ چارىيلىنى ، شۇملۇقنى تىلەپ سايرايدىغان ئىسقاق… دېگەندەك غەلىتە نەرسىلەر توغرىسىدا جۆيلۈيتتى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ، بۇ بالا غەلىتە بولۇپ قالدى . ئۇ كېچىلىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان داپ ئاۋازىنى ئاڭلايتتى ـ دە ، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى . پېرى بولۇۋاتقان يەر قانچە يىراقتا بولسىمۇ خاتاسىز تېپىپ باراتتى . قەيەردە پېرى بولسا شۇ يەردە يۈرۈپ ، ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىمۇ ئۇستا بىر باخشى بولۇپ چىقتى .

كېيىن مەھەللىدىكىلەر بۇ ھەقتە پاراڭ سېلىشىپ قالسا : «يۇنۇسنىڭ دادىسى ئوينىتىپ يۈرگەن ھېلىقى ئوغلاق ئەسلى جىن ئىكەن . يۇنۇسنىڭ دادىسى ئۇنى بىر ئۇلۇغ ئايەت بىلەن ئۆزىگە بەند قىلىۋېلىپ ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەنىكەن . ئوغلاق يۇنۇسنى ياخشى كۆرگەچكە ، چۆلدە قۇيۇن پەيدا بولغان ھېلىقى كۈنى ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ قېچىپ ، ئۇستا باخشى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ يەرگە تاشلاپتىكەن . يۇنۇس باخشى پېرىگە چۈشۈپ ، تازا پىرقىراپ خۇرۇچىغا يەتكەندە ، ھېلىقى ئوغلاق : ‹خوش ، ساڭا نېمە ياردىمىم كېرەك ؟ › دەپ ئۇنىڭ بېشىدا پەيدا بولىدىكەن… » دەپ ھېكايە قىلىشىدىغان بولدى .

## 3

يۇنۇس باخشىنىڭ خىيالى ئاق تېكىدىلا قالدى . كىشىلەر توغرا ئېيتىدۇ : ئۇ ھەر قېتىم پېرىگە چۈشكەندە ، غايىبتىن پەيدا



بولىدىغان ئاق تېكە — ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئوينىتىپ يۈرگەن ، ھېلىقى بىر چاغدا قۇيۇندا يوقىلىپ كەتكەن ئاق ئوغلاقنىڭ نەق ئۆزى ئىدى . ئۇ ھازىر ئوغلاق ئەمەس ، يېتىلگەن تېكە . ئۇنىڭ قورساق تەرىپىدىكى يارىتقان ئىگەم سالغان قارا بەلگە مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ . ئەگەر ئوغلاق جىن بولماي ، ئادەتتىكى ئۆچكە بولغان بولسا ، بۇ كەمگىچە ئۇنىڭ نەچچىنچى ئەۋلادىمۇ سويۇلۇپ تۈگىگەن بولاتتى . جىنغا ئايلىنىپ كەتكەن ئۆچكىگە ئەزرائىلمۇ يېقىن يولىمىسا كېرەك…

يۇنۇس باخشى پات ـ پات دادىسى ئوغلاق ئويناتقاندا ئېيتىپ يۈرىدىغان قوشاقنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى :

سەل چوڭ بولسا تېكە بولىدۇ ،
بىرەر مىڭ قويغا سەركە بولىدۇ ،
ئۆلسە تېرىسى داپ بولىدۇ ،
مۈڭگۈزى پىچاققا ساپ بولىدۇ ،
بەك قېرىپ كەتسە جىن بولىدۇ ،
مېنىڭ باقىنىم بىر تىيىن بولىدۇ .

ھېلىقى قارا قۇيۇندا ، پىرقىراپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، يۇنۇس باخشى ئوغلاقنىڭ قۇيرۇقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغانىدى . شۇ چاغدا ئوغلاق ئۇنىڭغا : «مېنى قويۇۋەت !… مېنى قويۇۋەت ! ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن . مانا ، مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ چاقىرساڭلا ، يېنىڭدا ھازىر بولۇپ خىزمىتىڭدە بولىمەن . ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسام ئايىغىڭدا ئۆلەي . ئىننە ـ مىننە پاتارا ، چىلتەنلىرىم قاتارا… » يەنە شۇنداق

چۇشىنىكسىز نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇرغانىدى . يۇنۇس باخشى بۇ سۆزلەرنى مەھكەم يادلىۋالغان . «دېمەك ، ئۇ مېنىڭ چىلتەنلىرىم قاتارىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە ؟ — دەپ ئويلايتتى يۇنۇس باخشى ، — ئۇ نېمىشقا شۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلغاندۇ ؟… »

تەقدىر بىر كۈنى يۇنۇس باخشىنى ئاق تېكە بىلەن يۇزمۇيۇز ئۇچراشتۇردى . شۇ كۈنى ئۇ چۆل يولىدا كېتىپ باراتتى . تاشيولغا چىققاندا ، قاتار تېرەك سايىسىگە كېلىپ توختىغان يۈك ماشىنىسىنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى . شوپۇر ياش يىگىت بولۇپ ، ماشىنىنىڭ ئالدى قاپقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ بىرنېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى .

— ئاقيوللۇق بول ، ئوغلۇم ! — دېدى يۇنۇس باخشى شوپۇرغا يېقىنلاپ كېلىپ .

شوپۇر يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ـ دە ، ئۇنچىقماي يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغىلى تۇردى .

— ماۋۇ كۈننىڭ ئىسسىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرمەمدىغان . ھېرىپ ھېچ ھالىم قالمىدى… ئاۋۇ جاڭگالباغ مەھەللىسىگە بارغۇچە ماشىناڭغا ئولتۇرۇۋالايمىكىن ؟

— بۇ ماشىنىنىڭ ھازىرلاتىن ئوڭشىلىدىغان ئەپتى يوق ، — دېدى شوپۇر يىگىت سەل تېرىككەندەك تەلەپپۇزدا ، — ساقلاپ ـ ساقلاپ يەنە يولۇڭغا ماڭامسەنكىن ؟

— ئوڭشىلىپ قالار ، مېنىڭمۇ ئالدىراش ئىشىم يوق…

— مەيلى ، ساقلايمەن دېسەڭ ، بېشىمدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋالماي ، ئارقا تەرەپكە چىقىپ ئولتۇر .

يۇنۇس باخشى ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كوزۇپقا



ياماشتى . يۇقىرىدىن كىمدۇر بىرى كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تارتتى . يۇنۇس باخشى ماشىنىغا چىقىپ ، ئالدىدا تۇرغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەمنى كۆردى . كوزۇپنىڭ يان تەرىپىدە يوغان بىر ئاق ئۆچكە مۆگدەپ ياتاتتى .

— كەل ، تاغا ، ئالدىغىراق ئولتۇرايلى ، — دەپ نېرىغا سۈرۈلدى ھېلىقى يۇنۇس باخشىنىڭ قولىنى تارتىپ ماشىنىغا چىقىرىۋالغان ئادەم ، — باياتىن بېرى ئىچىم سىقىلىپ ، پاراڭ سېلىشقۇدەك بىرەر ئادەم بولسىمىغۇ ، دەپ ئولتۇراتتىم . نەگە ماڭدىڭ ؟

— «جاڭگالباغ»قا ، — دېدى يۇنۇس باخشى جايلىشىپ ئولتۇرۇپ ، — ماشىنا نېمە بوپتۇ ؟

— ئىت بىلەمدۇ ؟… بىر ئوبدان مېڭىپ كېلىۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، پىشىلداپ ئوتى ئۆچۈپ توختاپ قالدى . مانا ، شوپۇرنىڭ ئەتىۋىركىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تىقىپ كوچىلاپ ھەپىلىشىۋاتقىنىغا بىر سائەت بولاي دېدى… ھېلىمۇ خۇدا ئوڭشاپ مۇنۇ قاتار تېرەكنىڭ سايىسىگە كېلىپ توختاپ قالدى دېگىنە ، بولمىسا كۈنگە قاقلىنىپ قاقلا بولۇپ قالاتتۇقكەن . ھازىرقى ياش باللارنىڭ ھالى شۇ ، — دەپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ پىچىرلىدى ئۇ ، — تەييار ماشىنىنى گۇركىرىتىپ ھەيدەشنىلا بىلىدۇ . خۇدا ساقلىسۇن ، سەللا بىر يېرىدىن كاشىلا چىقتىمۇ ، تەۋەككۇلگىلا ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى كوچىلاپ تۇرغىنى تۇرغان . كونا شوپۇرلار بولىدىغان بولسا يەنە باشقا گەپ ـ دە . بىر يەرگە ئۇسۇپ بېشى مىجىلىپ كەتكەن ماشىنىنىمۇ يەنە يولغا سۆرەپ ئاچىقىپ ، بىر يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ دېگەن يېرىگە يەتكۈزۈپ بارىدۇ . بىز كىچىك چاغلاردا ، بىزنىڭ مەھەللىدە زايىر دەپ بىر

شوپۇر بولىدىغان. ۋاھ، گەپ قىلما، شوپۇر بولار ئۇنداق بولماس. ھەرقانداق ماشىنىنىڭ ئاچچىق ئۈچەيلىرىدىكى كېسەللىرىنى تېپىپ چىقالايتتى. كاساپەت، ھاراقنىمۇ شۇنداق قاتتىق ئىچەتتى. يەر دەسسەپ تۇرالمىغۇدەك مەست بولۇپ كەتسىمۇ، يەنە رولغا يۆلەشتۈرۈپ چىقىرىپلا قويساڭ، ماشىنىسىنى گۈركىرىتىپ ھەيدەپ كېتىۋېرەتتى. زايىر شوپۇر لەڭمەننى شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەن. «نېمە تاماق يەيسەن؟» دەپ سورىساڭ، «قويە پولۇ، مانتا دېگەنلىرىڭنى، لەڭمەنگە يەتمەيدۇ»لا دەيدىكەن. بىر تەخسە لەڭمەن يېسە، ئىككى ئاپقۇر مەنتاڭ ئىچەتتىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى چاقچاق قىلىپ: «زايىرنىڭ ماشىنىسىغىمۇ ماي كەتمەيدۇ، مەنتاڭنى قۇيسا مېڭىۋېرىدۇ» دەيتتى.

— ئەجەب قىزىق گەپلەرنى قىلىدىكەنسەنغۇ، ئۇكا، ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى يۇنۇس باخشى.

— مېنى دەمسەن؟... شەھەرگە كىرىمەن، تاغقا چىقىمەن؛ يەنە تاغقا چىقىمەن، شەھەرگە كىرىمەن. شۇ تايىنى يوق بىر ئىش.

— بۇ ئوتتۇرىدا بىكارغىلا پالاقلاپ يۈرمەيدىغانسەن؟ قانداق قىلىپ يارماق تاپىسەن؟ دەۋاتىمەن.

— تاغدىن مال ھەيدەپ كىرىپ قۇشخانىغا ئۆتكۈزىمەن، ئاندىن يەنە مۇشۇنداق بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تاغقا چىقىمەن. تاغدىن يەنە شەھەرگە كىرىمەن... تىرىكچىلىك، تاغا.

— ۋاھ، كاتتا تىجارەتچىكەنسەن... مۇنۇ ئۆچكىنى قاسساپلار قېرى ئىكەن، دەپ ياراتمىدىمۇ يا شەھەردىكىلەر ھازىر ئۆچكە گۆشى يېمەيدىغان بولۇپ قاپتىمۇ؟ نېمىشقا قايتۇرۇپ



چىقىۋاتىسەن؟...

شۇنداق دەپ يۇنۇس باخشى ھېلىقى ئۈگدەپ ياتقان ئۆچكىگە قاراپلا چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، تاغا؟... مىجەزىڭ يوقمۇ؟ چىرايىڭ بىر قىسىملا بولۇپ كەتتىغۇ؟

— ھېچ، ھېچ... ھېچنېمە بولمىدىم. نېمىشقا بۇ ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىنى بوياپ قويدۇڭ؟

— ئۇ دېگەن ئادەتتىكى ئۆچكە ئەمەس، سەركە دېگىنە. شەھەرگە مال ھەيدەپ ماڭغان چېغىمدا، ھەممە قويلارنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇ سەركە ماڭىدۇ. مۈڭگۈزىنى بوياپ بەلگە سېلىپ قويمىساڭ، قۇشخانىغا بارغاندا قاسساپلار ئۇنىمۇ تۇتۇپ سويۇۋېتىپ قالىدۇ - دە... پاھ، بۇ سەركىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى بىر دېمە. شەھەرگە كىرگەندە قېرىنداشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ شۇنداق تاراسلاپ مېڭىپ كېتىدۇكى، شەھەردىكى بويىنىغا ئالا بۇلىماچ گالستۇك چىگكەن بايۋەچچىلىرىڭ بىر ياقتا قالىدۇ. يەنە كېلىپ يولنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ماڭىدۇ دېمەمسەن. تۆت كوچىلارنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە قىزىل چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرسە، خۇددى بىرى ئۆگىتىپ قويغاندەك «چىپپىدە» توختايدۇ. «تۇۋا، ھايۋانمۇ شۇنداق ئەقىللىق بولىدىكەن - ھە!» دەپ ياقاڭنى تۇتماي قالمايسەن.

يۇنۇس باخشى سەركە ياتقان تەرەپكە يەنە بىر قاراپ قويدى. سەركە ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالماي ئۈگدەپ ياتاتتى.

— بۇ سەركە بىرەر ئەسكى تاملىق، كونا قەبرىستانلىقلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە سەل توختاپ تۇرۇۋالىدىغۇ، دەيمەن؟

— نەق شۇنداق قىلىقى بار ، تاغا ، سەن بۇنى قانداق بىلىۋالدىڭ ؟

— مەنمۇ بىر چاغلاردا مالچىلىق قىلغان . مۇنداق سەركىلەرنىڭ شۇنداق غەلىتە قىلىقلىرىمۇ بولىدۇ… ئۇنىڭ قورساق تەرىپىدە ئازراق قارىسى باردۇر ھەرقاچان ؟

— ھوي ، نېمە دەۋاتىسەن ، تاغا ، سەن بىر كارامەتچىمۇ ، قانداق ؟ — دەپ ھەيران بولدى تىرىك مال سودىگىرى ، — يا سەن قورسىقىدىكى قارىنى كۆرۈپ قالدىڭمۇ ؟… سەن دېگەندەك ئۇنىڭ قورساق تەرىپىدە بىر پارچە يەردە قارا تۈكى بار .

— ساڭا مۇنداق ئوبدان سەركە نەدە ئۇچراپ قالغاندۇر ، ئۇكام ؟

— ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا ، سەن يا ئىشىنىسەن ، يا ئىشەنمەيسەن… بىر كۈنى قويلارنى ھەيدەپ تاغدىن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتۇق ، تۇزگە چىققاندا تۇيۇقسىز بىر شامال كۆتۈرۈلۈپ ھەممىمىز قۇيۇندا قالدۇق . شۇنداق دەھشەت ، غەلىتىلا بىر قۇيۇن . قۇيۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئەتراپقا پىتىراپ كەتكەن ماللارنى يىغىپ سانىساق بىر سەركە كەم . ئۇنىڭ ئورنىغا مانا مۇشۇ قارا قورساق سەركە پەيدا بولۇپ قاپتۇ . ئۆزىمىزنىڭ سەركىسى نەگە كەتتى ؟ بۇ سەركە قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدى ؟ شۇنچە ئويلاپمۇ ئەقلىمنى يەتكۈزەلمىدىم . ماللارنى ھەيدەپ ماڭدۇق . قارىسام ، بۇ سەركە ھەممە قوينى باشلاپ بىر ئوبدان ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ . خۇدا ئاسماندىن تاشلاپ بەردىمۇ ياكى باشقا بىرەرىنىڭ مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بىزنىڭ ماللارغا قېتىلىپ قالدىمۇ ؟ بىلەلمىدىم . شۇنىڭدىن بېرى بۇ سەركە مەن بىلەن بىللە…



«نەق ئۆزى شۇ ، — دەپ ئويلىدى يۇنۇس باخشى ، — قۇيۇندا پەيدا بولغان بولسا نەق ئۆزى شۇ . دادام : سەل چوڭايسا تېكە بولىدۇ ، بىرەر مىڭ قويغا سەركە بولىدۇ ، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن» .

تىرىك مال سودىگىرى سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى :

— ھازىر بۇ سەركە شۇنداق ئۆگىنىپ كەتتىكى ، قويلارنى شەھەرگە ئۆزى باشلاپ بېرىپ ، قۇشخانىنىڭ ماۋۇ دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ - دە ، قاسساپلار قويلارنى تۇتۇپ ، پۇتىدىن باغلاپ ، قاتار ياتقۇزۇپ سويۇشقا ھازىرلانغىلى تۇرغاندا ، ئاۋۇ دەرۋازىسىدىن «غىپلا» قايتىپ چىقىۋالىدۇ . ئۇ يەردىكىلەر بۇ سەركىنىڭ مۆڭگۈزىدىكى بەلگىگە قاراپلا سويۇلمايدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ… ماۋۇ قىزىق گەپنى ئاڭلا . بىر كۈنى تاغدىن سېتىۋالغان ماللارنى بىر مال قورۇسىغا جەملەپ ، ئۆزۈم ماللارنىڭ يېنىدا ياتتىم . قۇلاق سالسام ، قويلار نېمىدەپ پىچىرلىشىۋاتىدۇ دېمەمسەن ؟ ئۇلار : «ئەمدى بىزنى بىر ئوبدان ماكانلىرىمىزدىن ئايرىپ نەگىمۇ ئېلىپ بارىدىغاندۇ ؟» دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى . يەنە بىزنىڭ بۇ سەركە ئەقىللىق - دە : «نەگە ئېلىپ باراتتى . سىلەرنى شەھەرگە ئەكىرىپ ئوينىتىپ چىقىدۇ ، — دەپ چۈشەندۈرگىلى تۇردى ئۇ قويلارغا ، — شەھەر دېگەننى بىلەمسىلەر ؟ مانا ، مانا ، ھېچقايسىڭلار بىلمەيسىلەر ئەمەسمۇ . شەھەر دېگەن شۇنداق بىر كاتتا يەر . ئېرىقلىرىدا سۈپسۈزۈك سۇ ئاقىدۇ ، ئەتراپى ياپيېشىل يايلاق . كېچىسى يۇمشاق ئورۇندا ئېغىناپ يېتىپ ئۇخلايسىلەر . ئۇ يەردە بۆرە - قاپلان دېگەنلەردىن ئەنسىرەش ئۇشۇقچىلا ئىش . تاغدىن غۇلاپ كېتىدىغان ، بوران - چاپقۇندا قالىدىغان ئىشلار تېخىمۇ يوق .

چاكارلار خىزمىتىڭلاردا پايپېتەك بولۇپ ، ئالدىڭلارغا يۇمشاق ، خۇشبۇي ئوتلارنى توغراپ ئەكېلىپ قويىدۇ . چاينىماي يۇتساڭلارمۇ بولىدۇ . شەھەر دېگەنگە كېچىسى كىرىپ كېلىدىغان بولساڭلار ئايهاي ، ئالىيېشىل ئېلېكتر چىراغلىرى چاقناپ ، كۆزۈڭلارغا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپ چۈشكەندەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ… ئۇ يەردىكى چىراغلىرى بىر ئۆچۈپ ، بىر يېنىپ تۇرىدىغان رېستوران ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىچۇ تېخى… »

بىزنىڭ بۇ سەركە قويلارغا شەھەر توغرىسىدا شۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلغىلى تۇردىكى ، ئۇ گەپلەرنى مەنمۇ قاملاشتۇرۇپ دەپ بېرەلمەيمەن . مۇنداق تاتلىق گەپلەرنى ئاڭلىغان ھەرقانداق قوي ئەتىسى بۇ سەركىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭماي قالامدۇ ، دەيسەن ؟ تېخى ئۇ مال سويۇلىدىغان ھېلىقى قۇشخانىلار توغرىسىدا قويلارغا نېمە دېدى ، دېمەمسەن . ئۇ قويلاردىن : «ئۇ يەردە ‹قۇشخانا› دەپ بىر يەر بار ، بىلەمسىلەر ؟ » دەپ سورىدى .

بىچارە قويلار : «بىلمەيدىكەنمىز ، ئۇ قانداق يەر ؟ » دەپ بېشىنى ئىرغاڭشىتتى .

«ھەي ، سىلەر دۇنيادىن ھېچنېمىنىلا كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىپ بارغان جانىۋارلار ـ دە ! ھالىڭلارغا كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ… ‹قۇشخانا› دېگەن بۇ دۇنيادا ئازاب چەككەنلەرنى ئۇ دۇنياغا — ئۇدۇل جەننەتكىلا يولغا سالىدىغان ئورۇن . قولىغا پىچاق تۇتقان ، بۇرۇتلۇق پەرىشتىلەر بۇ ئىشنى بېجىرىدۇ . ئۇ يەردە جەننەتكە يولخېتى ئالغانلار ئۇ دۇنياغا بارغاندا ، گۇناھىدىن ھېساب بېرەلمەي تۇرۇپ قالغان بۇرادەرلىرىگە ‹بەي ـ بەي !›



دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپلا ، سىراج كۆۋرۈكىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ . ‹بەي ـ بەي› دېگەننىڭمۇ بىلەرسىلەر ؟ توغرا ، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سىلەر تۇرماق شەھەردىكى خېلى تەربىيە كۆرگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلارمۇ بىلمەيدۇ . قىسقىسى ، بۇ ‹خوش !› دېگەنلا گەپ… »

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۇنۇس باخشى سەسكىنىپ كەتتى .

«ـ ئەي ، ۋاپاسىز مەخلۇق ! — دېدى ئۇ ئىچىدە ، — ئوغلاق چېغىڭدىلا بىر ھارامزادە نەرسە ئىدىڭ . ھەممىگە خۇشامەت قىلىپ سالام بېرىپ ، خەقلەرنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ جېنىڭنى ساقلاپ قالغان… مەھەللىدىكى قويلارنى ئازدۇرۇپ ، باشقىلارنىڭ كۆكتاتلىقلىرىغا ئوغرىلىقچە چۈشكەن… كېيىن مېنى ئېلىپ قېچىپ باخشى قىلدىڭ . ئەمدى مۈڭگۈزۈڭنى بوياپ قويغانغا كېرىلىپ كېتىپ ، ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ يۈرەمسەن ؟ !… خەپ ، مەن ساڭا تېتىمىسام ، يۇنۇس باخشى دېگەن نامىمنى يۆتكىۋېتەرمەن ! »

يۇنۇس باخشى كوزۇپتىن بېشىنى سوزۇپ تۆۋەنگە قارىدى . شوپۇر ماشىنىنى ئوڭشىيالماي جىلە بولۇپ ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى .

— ئوغلۇمۇي ، كۈن خېلى ۋاخ بولۇپ قالدىغۇ ، ماڭمامدۇق ؟ — دېدى يۇنۇس باخشى .

— شۇ تاپتا ، تاغا ، مەن سېنىڭدىن بەكرەك ئالدىراۋاتىمەن . ماشىنا ئوت ئالمىسا قانداق قىلىمەن ؟… ئىشىڭ ئالدىراش بولسا سەن چۈشۈپ ماڭغاچ تۇر ! — دەپ تېرىكتى شوپۇر .

— ئېغىر بويۇڭنى يېنىك قىلىپ «غاچچىدە» ماشىنىغا چىقىپ يەنە بىر ئوت ئالدۇرۇپ باقامسەن ؟

شوپۇر يىگىت يۇنۇس باخشىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، قولىدىكى تاماكىسىنى بىر ـ ئىككى شوراپ يەرگە تاشلىدى ـ دە، ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كابىنكىغا چىقتى. رولنى تۇتۇپ، ماي تەپكىسىنى بىرلا بېسىۋىدى، ماشىنا «گۇررىدە» ئوت ئېلىپ كەتتى. ھەيرانلىقتا ئۇ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

## 4

يۇنۇس باخشى ئەتىسى ئۆز ئۆيىدە تۇغ باغلىدى. دەسلەپتە قولىغا دېپىنى ئېلىپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئاۋۇدى. ئۇ يۇكۇنۇپ ئولتۇرغىنىچە ۋارقىراپ خۇداغا نالە قىلاتتى. ئاللانىڭ بەندىلىرىنى بىھۇدە ئۆلۈم ـ يىتىم، دەرد ـ ئەلەملەردىن خالاس قىلىشىنى، يەر يۈزىدىن زۇلمەت، قارا نىيەت، يامانلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى، جىن ـ شاياتۇن، ئىبلىسلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشىنى تىلەيتتى. ئاخىرىدا ئۇ قولىدىكى داپنى بىر تەرەپكە چۆرۈپ تاشلاپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، «ئاللا» سالغىنىچە تۇغنى چۆرگىلەپ قۇيۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى… دەل شۇ مىنۇتتا، چۆل يولىدا قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، تىرىك مال سودىگىرى قۇيۇندا تېزىپ كەتكەن قويلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلالماي ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. قارا قورساق سەركە بىر جايدا پىرقىرىغۇچتەك پىرقىراپ، شۇنچە كۈچەپمۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتەلمىدى ـ دە، ئاچچىق بىر مەرەپ يەرگە يىقىلدى. «ھەي، يامان بولدى، يامان بولدى!» دەپ ئۇنىڭ بېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى مالچى. ئۇ پىچىقىنى ئېلىپ، سەركىنىڭ كانىيىغا سۇرۇۋىدى، بىر تامچىمۇ قان چىقمىدى.



يۇنۇس باخشى ئۆز كارامىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەك بولۇپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، پايانسىز چۆللۈكتە قارا قورساق سەركىنىڭ ھارام بولۇپ قالغان گۆشى تاشلىنىپ ياتاتتى. ئاچ كۆز سودىگەر سەركىنىڭ ئازراق بولسىمۇ پۇلغا يارايدىغان مۈڭگۈزى بىلەن تېرىسىنى شىلىپ ئەكېتىشنى ئۇنتۇمىغانىدى.

«ئاپلا! — دەپ ھەسرەت چەكتى يۇنۇس باخشى، — بۇ ھارامزادىنىڭ زىيىنى ئۆلگەندىمۇ تۈگىمەيدىكەن ـ دە!… دادام: ‹ئۆلسە تېرىسى داپ بولىدۇ، مۈڭگۈزى پىچاققا ساپ بولىدۇ›، دېگەن ئەمەسمىدى؟… ئەمدى ئۇنىڭ تېرىسىدىن كېرىلگەن داپقا يەنە نۇرغۇن بىچارىلەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ؛ ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ساپ بولغان پىچاقتا يەنە قانچە مالنىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ!…»

يۇنۇس باخشى بېشى ئايلىنىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ شۇ يەردىلا يىقىلىپ قالدى.

1999 ـ يىل، ئۈرۈمچى

# باھار

بۇ يېزىنىڭ يېنىدىكى تۆپىلىكتە يوغان ئىككى تۈپ تېرەك بار ئىدى. كىشىلەر: «ئاشۇ تۆپىلىككە باھارنىڭ قەدىمى چاپسان يېتىدۇ» دېيىشەتتى. تەبىئەت ئىللىقى بىلەنلا تۆپىلىكتىن قار ئەڭ بۇرۇن كېتەتتى، دۆڭنىڭ تۆۋىنىدىكى ئېرىق بويلىرىدا يېشىل مايسىلار باش كۆتۈرۈپ، سېرىقچېچەكلەر بەس - بەستە ئېچىلىشاتتى.

قايسى زامانلاردا، كىمنىڭ ياساپ قويغانلىقى نامەلۇم، ھېلىقى قوشماق تېرەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېرەكلەرنىڭ يېنىنى يوناپلا ئۆرنىتىپ قويغان بىر ياغاچ ئورۇندۇق بار ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئورۇندۇق تېرەكلەرگە قوشۇلۇپ، مۇستەھكەم بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەنىدى.

ئاشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، باھار مەنزىرىسىدىن پەيزى ئالماق بولۇپ تۆپىلىككە چىقتىم. لېكىن، ئورۇندۇق بوش ئەمەس ئىدى. ئۇ يەردە بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ئۇ قولىدىكى ھاسىسىنىڭ تۇتقۇچىغا مەيدىسىنى تىرەپ، كۆزلىرىنى قىسىپ، يىراقلارغا تىكىلگىنىچە خىيالغا كەتكەنىدى. يىللارنىڭ مۇشەققىتىدىن قامىتى پۈكۈلگەن، پېشانىسىگە چوڭقۇر قورۇقلار چۈشكەن، ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بۇ بوۋاينىڭ يېشى سەكسەندىمۇ، توقساندىمۇ ياكى ئۇ تولۇق بىر ئەسىرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بولدىمۇ؟ بۇنى پەرەز قىلماق تەس ئىدى.



بوۋاينىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن «ئۆھۆ» دەپ يۆتەلدىمدە، سالام بەردىم.

— بىرىنى كۈتۈۋاتامدىلا، دېدىڭما؟ — دېدى بوۋاي بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۇنىڭ قولىقى ئېغىرمىكىن، جاۋابىمنى كۈتمەيلا يەنە سۆزلەپ كەتتى، — قايغۇرۇپ، خۇشال بولۇپ مۇشۇ ياشقا كەپتىمەن. ئەمدى نېمىنى كۈتىدۇ، دەيسەن؟ ئەجەلنى كۈتۈۋاتىمەن. ئەجەلنى! ئۇنىڭ قارارى يوق. يازدىمۇ، قىشتىمۇ، ئەتىگەندىمۇ، كەچتىمۇ، ئىشقىلىپ، بىر ۋاقىتتا كېلىدۇ. ھەر يىلى باھاردا شۇ ئەتراپتىكى ئاغىنىلەر بۇ يەرگە جەم بولۇپ ئەھۋاللىشاتتۇق، يىلدىن - يىلغا تەكتۇشلارمۇ ئازلاپ كەتتى. قارا، بۇ باھاردا بۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپتىمەن... نېمىشقا ئۆرە تۇرىسەن؟ كەل، ئولتۇر. تىمەن، تولىمۇ ئوبدان بىر مۇمتىيىم بار ئىدى. ئىككىمىز بەزىدە مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ياش ۋاقىتلىرىمىزنى ئەسلىشىپ كېتەتتۇق. مەن ئۇنىڭ ئورما ۋاقتىدا ماڭا تۇنجى قېتىم قاپاقتا چاي ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى ھېكايە قىلاتتىم، ئۇ مېنىڭ مۇشۇ تۆپىلىكتىن سېغىز كولاپ بەرگىنىمنى ئۇنتۇمايتتى... مۇھەببەت دەمسەن؟ مۇھەببەت دېگىنى شۇمۇ؟ بىلمەيمەن، بىز ياش ۋاقىتلار ئەجەب قىزىق يىللار ئىدى. قىز - يىگىتلەرنى بىر - بىرىگە كۆرسەتمەي چېتىپ قويۇۋېرەتتى، يەنە قەدىناسلاردەك ئۆي تۇتۇشۇپ كېتەتتى... توي كېچىسى ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ھۇجرىغا كىرسەم، ئۇزۇن چۈچىلىق توي ‹ياغلىقىنى› بېشىغا پۈركەپ، يوغانلا بىر قىز ئولتۇرىدۇ، قورقۇپ كەتكەنىدىم. سەپسالسام، شۇ، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزۈم دۆڭدە سېغىز كولاپ بەرگەن قىز ئىكەن. قىز بالا دېگەن ۋاقتى يەتكەندە شۇنداق «لەڭگىدە»

ئۆسۈپ كېتىدىغان گەپكەن… تېخى كۆزدىلا ئۇنى ئەنە ئاۋۇ ئالدىمىزدىكى قەبرىستانلىقتا كۆمۈپ قويدۇق. ئەمدى بۇ ئورۇندۇقتا ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپتىمەن. باھارغۇ كەپتۇ، باھار كەلمىدى… مومىيىمدىن ئايرىلىپلا كۆزۈممۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئوغلۇم، مۇشۇ ئەتراپتىن ئېچىلغان بىرەر تال گۈل تاپقىلى بولماسمۇ؟ ھەببەللى، ياخشى بولدى. چېكەمگە قىسىپ قوياي دەمسەن؟ بولدى، قولۇمغىلا بەرگىن. كېلەر باھارغىچە مەن بارمۇ، يوق؟ قارا، كۆڭلۇم بۇزۇلۇۋاتىدۇ. يەنە بىر كەلگىنىڭدە مەن بولمىسام، مۇشۇ ئورۇندۇققا بىر جۈپ گۈل تاشلاپ قويارسەن… نەگە ماڭدىڭ؟ «باھارغۇ كەپتۇ، باھار كەلمەپتۇ» دېسەم، ئالجىپ قالغان قېرى ئوخشايدۇ، بۇ، دەۋاتامسەن؟ مېنىڭ ھېلىقى مومىيىمنىڭ ئىسمى «باھارگۈل» ئىدى، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى «باھارخان» دېيىشەتتى، مەن ئۇنى «باھار» دەپلا چاقىراتتىم. رەھمەت، ئوغلۇم، بۈگۈن سەن بەرگەن بۇ باھار گۈلى بىلەن يەنە يوقاتقان نەرسەمنى تاپقاندەك بولدۇم…

بوۋاي كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا بولسا شەبنەمدەك سۈزۈك ياش تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر مېنىمۇ يىغا تۇتتى. بوۋاينىڭ يېنىدىن ئۇزاپ، يەنىمۇ يۇقىرىلاپ ماڭدىم. يىراقتىن قارىغىنىمدا. تېرەكلەر ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالغان بوۋاي كۆزۈمگە ئەتراپتىكى باھار مەنزىرىسى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى…

1987 ـ يىل 3 ـ ئاي، غۇلجا



# قارانچۇق

بۇرۇنقى زاماندا بىر قارانچۇق بولغانىكەن. ئۇنى دېھقانلار ئۇچارقاناتلار چۇشۇپ زىرائەتلەرنى چوقۇپ كەتمىسۇن، دەپ ئېتىزنىڭ بېشىغا قاداپ قويغانىكەن. مۇنداق قارانچۇق يىراقتىن قارىغان كىشىگە ئېتىزلىقتا بىر ئادەم قوللىرىنى كېرىپ ئۆرە تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدىكەن. قۇشلار بېشىغا كونا تۇماق، ئۇچىسىغا ئەسكى چاپان كىيىپ، يەردىن ھېلىلا بىر داڭگالنى ئېلىپ ئاتىدىغاندەك ئەلپازدا تۇرغان بۇنداق «غەلىتە ئادەم»دىن ئەيمىنىپ، ئۇ يەرگە چۇشۇپ دانلاشتىن ھەزەر ئەيلەيدىكەن.

يەر كۆپ، ئادەم ئاز بولغاچقىمىكىن، ئۇ زامانلاردا دېھقانلار يەرلەرنى كۆچۈپ يۇرۇپ تېرىيدىكەن، بۇ يىل تېرىغان يەرنى ئاپتاپ يېسۇن، دەپ تۆت ـ بەش يىل تاشلاپ قوياتتىكەن. ھېلىقى يەر شىۋاقلار ئۆسۈپ، ئاپتاپ يەپ تازا كۈچەيگەندە، يا ھېلىقى دېھقان ياكى كۆڭلى تارتقان باشقا بىرەيلەن كېلىپ تېرىيدىكەن. سېنىڭ، مېنىڭ، دېگەن گەپ يوقكەن. مۇنداق ئېتىزلارنىڭ بېشىدا يەنە دېھقانلار ھەر قېتىم بۇ يەرلەرنى تېرىغاندا تۇرالغۇ قىلىپ ئىشلىتىدىغان سوقما تاملىق كەپىلەر بولىدىكەن. سىز بۇ ئاددىي كەپىلەرنى سەل چاغلىماڭ، ۋاقتى كەلگەندە، دېھقان ئاياللىرى ئۇنىڭ ئىچىگە سۇپا چىقىرىپ، ئوچاق سېلىپ، ئوچاق باشلىرىنى سېغىز لايدا چىرايلىق سۇۋاپ يېپيېڭى قىلىۋېتىدىكەن. كەپىنىڭ ئالدىغا چۆنەك تارتىپ، كاۋا، قاپاق،

ھەر خىل گۈللەرنى تېرىۋېتىدىكەن . تەبىئەت ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە ئۆزىنىڭ سېخىي قولى بىلەن بۇ ئاددىي كەپىلەرنى يېشىل يوپۇرماق ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن زىننەتلەپ شۇنداق چىرايلىق قىلىۋېتىدىكەنكى ، ئايھاي ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئەنە شۇنداق باياشات ياشايدىكەن . ئېتىز يوللىرىنىڭ قىزىق توپىسىنى يالاڭ ئاياغ كېچىپ ، ئورغىقىنى بىلىكىگە سىلىــــپ ، ئورما ئورۇغلى كېتىپ بارغان ھەربىر دېھقان ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە — شىۋاقىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان كەڭرى بوز ، ئاسماندا چۇرۇقلىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن تورغايلار ، يولنى توغرا كېسىپ غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ كېتىدىغان بىلەي تاشتەك سىلىق كەسلەنچۈكلەر ، كىمدۇر بىرىنىڭ يىراق بىر ئېتىزدا سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسىغا مەست بولۇپ چەكسىز ھاياجانلىنىدىكەن…

ھېلىقى قارانچۇقنىڭ گېپىگە كەلسەك ، بۇ قارانچۇقنــى ئېتىزغا قاچان ، كىم قاداپ قويغان ؟ ھېچكىمنىڭ ئېســـدە يوقكەن . بۇ يەرنى تېرىيدىغان دېھقانلار پات - پات ئالمىشىپ تۇرىدىكەنۇ ، قارانچۇق شۇ ئەتراپنىڭ مەڭگۈلۈك كۆزەتچىسىدەك شۇ پېتى تۇرۇۋېرىدىكەن . ئۇنى ئېلىۋېتىش ياكى باشقا بىرەر يەرگە يۆتكەپ قويۇشمۇ ھېچكىمنىڭ خىيالــغا كەلمەيدىكەن . ئۇزۇن يىللار شۇ يەردە تۇرۇۋەرگەچكە ، قارانچۇقمۇ ئۆزىنى شۇ ئەتراپنىڭ خوجايىنىدەك ھېس قىلىدىكەن .

يىللار ئۆتۈپ ، بۇ يەرنى باشقۇرغىلى بىر بەگ پەيدا بولۇپ قاپتۇ . ئۇ ناھايىتىمۇ نەپسانىيەتچى ئادەم ئىكەن . يەرلەرنــىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىپ ، دېھقانلارغا ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇلارنىمۇ مىسقاللاپ ساتىدىغان بوپتۇ . يەرنى دېھقانلار بەگدىن



ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىكەن . يىل ئاخىرىدا ھوسۇلنىڭ تەڭدىن تولىسى بەگنىڭ خامىنىغا يىغىلىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن ، دېھقانلار روھسىزلىنىپ ، ئېتىزلار چۆللىشىپ كېتىپتۇ . ھېلىــقــى قارانچۇقنىڭمۇ بېشىدىكى تۇمىقى ئەسكىرەپ ، ئۇستىــدىكــى پاختىلىق چاپىنىنىڭ مازلىرى تىتىلىپ ، بىچارە ھالغا كېلىپ قاپتۇ . شۇ ئەتراپقا چۇشۇپ دانلايدىغان بىر چىرايلىق قۇشمۇ بار ئىكەن . پەيلىرى كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرىدىغان بۇ ئاجايىپ قۇشنىڭ زادى نېمە قۇش ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ قەيەردىن ئۇچۇپ كېلىدىغانلىقىنى قارانچۇقمۇ بىلمەيدىكەن . بۇ كۆپىنى كۆرگەن قۇش بولغاچقا ، قارانچۇقتىنمۇ ئانچە ئۈركۈپ كەتمەي ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا چۇشۇپ دانلاۋېرىدىكەن . بىر كۈنى بۇ قۇش قارانچۇق تۇرغان ئېتىزغا چۇشۇپ ، قۇرت - قوڭغۇزلارنى تېرىپ يەپ ، يورغىلاپ ، قارانچۇقنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە :

— قارانچۇقۋاي ، ھالىڭ بەك خارابقۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— گەپ قىلما ، — دەپتۇ قارانچۇق ، — مانا سەن بىلىسەن ، شۇنچە يىللار مۇشۇ ئېتىزغا تېرىغان زىرائەتلەرنى قوغداپ ، بوران - چاپقۇنلارغا ۋاي دېمەي ، بۇ يەردە تىك تۇرۇۋېتىمەن . ماۋۇ كۈنلەرگە كەلگەندە ، بۇ يەرگە ئىگە بولۇۋالغان غوجاملارنىــڭ مېنىڭ ھالىم بىلەن كارى يوق . ھېچبولمىغاندا ، بېشىمدىكى ئەسكى تۇماق بىلەن ئۇچامدىكى ماۋۇ مېزى چۇۋۇلۇپ كەتكەن كونا چاپاننى يەڭگۈشلەپ قويسىمۇ كىمنىڭ دەردى ! ؟

— ئامالىــڭ يــوق . پېشانەڭگــە پۈتۈلگەن تەقدىر شۇ ، — دەپتۇ چىرايلىق قۇش .

— ساڭا بەك ھەۋىسىم كېلىدۇ ، — دەپتۇ قارانچۇق ، — پەرۋاز قىلىپ ھەر يەرلەرگە بارالايسەن ، خالىــغان يېرىڭگە

چۈشۈپ دانلايسەن. مەنچۇ؟ تەقدىر مېنى مىخلاپ قويغان بۇ قاقشال يەردىن بىر قەدەممۇ سىلجىيالماي تۇرغىنىم تۇرغان. ئۈستۈمگە چاپان، بېشىمغا تۇماق كىيگەندىن كېيىن، ھېچبولمىغاندا ئادەمگە ئوخشاش گەپ قىلالىغان بولسامۇ كاشكى...

— گەپ قىلالىغان بولساڭ قانداق قىلماقچىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ قۇش.

— گەپ قىلالىغان بولسام، — دەپتۇ قارانچۇق، — ھېلىقى بۇ يەرلەرگە خوجايىن بولۇۋالغان بەگكە بولسىمۇ بىر-ئىككى ئېغىز ئاچچىق گېپىمنى قىلىۋېلىپ، ئىچىمنى بوشىتىۋالاتتىم.

— بۇ بەك خەتەرلىك! — دەپتۇ قۇش، — جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۈنچىقماي كۆزەتكەنلا تۈزۈك. شۇ چاغدا بېشىڭغا بالامۇ تېپىۋالمايسەن، ئۆلىمالىقتا كامالەتكە يېتىسەن.

— ماڭا ئۆلىمالىقنىڭ نېمە كېرىكى! — دەپ تېرىكىپتۇ قارانچۇق، — قولۇڭدىن كەلسە، ئۇزۇن يىللىق بۇرادەرچىلىكمىزنىڭ يۈزى ئۈچۈن ماڭا بىر ياخشىلىق قىلساڭ.

— ساڭا نېمە ياخشىلىق قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ قۇش ھەيران بولۇپ.

— سەن ئەرشكىچە ئۇچۇپ بارالايسەن، — دەپتۇ قارانچۇق، — شۇ يەرگە ئۇچۇپ بارغاندا، ياراتقان ئىگەمگە مېنىڭ ئەرزىمنى يەتكۈزۈپ قويساڭ. مېنى ئازراق بولسىمۇ ھەرىكەت قىلالايدىغان، بىر-ئىككى ئېغىز گەپنى بولسىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويسا.

— مەيلى، ئىچىڭ تىتىلداپ بەك سۆزلىگۈڭ كېلىپ كەتكەن



بولسا، مەن ئەرزىڭنى خۇدايىمغا يەتكۈزۈپ قوياي. ئەمما بۇ خەتەرلىك...

چىرايلىق قۇش شۇنداق دەپتۇ-دە، «لەپپىدە» ئۆرلەپ، قارانچۇقنىڭ بېشىنى بىر ئەگىپ، يىراقلارغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قارانچۇق بىلەن قۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇ سۆھبەت بولۇپ ھەپتە ئۆتتىمۇ، ئاي ئۆتتىمۇ، ھېچكىمنىڭ ئېسىدە يوق. ھېلىقى قارانچۇق بار ئېتىزنى بەگدىن ئەمەت دېگەن قوغۇنچى قوغۇن تېرىغىلى ئىجارىگە ئالغانىكەن، بىر كۈنى، ئەمەت قوغۇنچى «ئەمدى بۇ يەرگە قانداق قوغۇن تەرسەم بولار؟ قوغۇنلىرىم ئوخشارمۇ، ئوخشىماسمۇ؟ قوغۇنلارنىڭ قانچىلىكىنى مەن ئالارمەن، قانچىلىكىنى بېگىم ئالار؟...» دېگەن خىياللار بىلەن قوغۇنغا چۆنەك تارتىۋاتقانىكەن، ئەمەت قوغۇنچىدىن ئون نەچچە قەدەملا نېرىدا تۇرغان قارانچۇق تەر بېسىپ بىر قىسما بولغىلى تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇ چىڭقىلىپ، «ھەي!» دېگەن ئاۋازنىڭ كانىيىدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قاپتۇ. «ھەي!» دېگەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئەمەت قوغۇنچى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. قارىسا ئەتراپ جىمجىت، ئادەم زاتىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىگۈدەك، ئېتىزنىڭ بېشىدا ھېلىقى سەت قارانچۇق تۇماقنى قىڭغىر كىيىپ، ئىككى قولىنى كېرىگىنىچە تۇرغۇدەك. ئەمەت قوغۇنچى سەل ئەيمەنگەندەك بوپتۇ-دە، «ھەرقانچە بولسىمۇ قارانچۇقتىن ئاۋاز چىقمىغاندۇ-ھە!؟» دەپ تۇرۇپ كېتىپ، يەنە ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ.

— ھەي ئىنسان، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن! — دەپ تېخىمۇ

قاتتىق ۋارقىراپتۇ قارانچۇق .

شۇنىڭ بىلەن ، ئەمەت قوغۇنچى قورقىنىدىن كەتمەننى تاشلاپ ، ئالدى - ئارقىغا قارىماي مەھەللىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ .

ئەمەت قوغۇنچى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ مەھەللىگە يېتىپ كېلىپ ، ئۇچرىغانلارغا بۇ گەپنى قىلىپ بېرىپتىكەن ، ھېچكىم ئىشەنمەپتۇ . ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بەزىلەر تېخى :

— ئەمىتاخۇن ، خام تاماكىنى جىقراق چېكىۋالغان ئوخشىمامسىلەر ؟ — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ . ئەمەت قوغۇنچى :

— بۇرادەرلەر ، ئىشەنمەيسىلەر ، ئاشۇ قارانچۇقنىڭ گەپ قىلغىنىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم ، — دەپ قەسەم ئىچىپمۇ ھېچكىمنى ئىشەندۈرەلمەپتۇ .

ھېچكىم ئىشەنمىسىمۇ بۇ غەلىتە گەپ مەھەللە ئىچىگە شۇ كۈنىلا تارقىلىپ ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بولۇپ تېخىمۇ غەلىتىلىشىپ كېتىپتۇ . بىرەيلەننىڭ ئېيتىشىچە ، ئەمەت قوغۇنچى «ھەي !» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىسا ، قارانچۇقتىن باشقا ھېچكىم يوقمىش . نېمە گەپ بۇ ؟ دەپ قارانچۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ :

— ھازىر ۋارقىرىغان سەنما ؟ — دەپ سورىغانىكەن ، قارانچۇق ئەمەت قوغۇنچىنىڭ ياقىسىدىن «كاپلا» قىلىپ تۇتۇۋېلىپ :

— مەن بولماي ، ئېگىچە - سىڭلىڭمىدى ! ؟ — دەپ ئۇنى بېشىچە يەرگە ئۇرۇپتۇدەك…

يەنە بىرەيلەننىڭ ئېيتىشىچە ، ئەمەت قوغۇنچى قوغۇنغا چۆنەك تارتىۋېتىپ ، «ھەي !» دەپ ۋارقىرىغان كىمدۇ ؟ دەپ



چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىسا ، ھېلىقى قارانچۇق بىر ئەپلىك پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ تۇرغۇدەك . ئەمىتاخۇنىڭمۇ تازا خۇمارى تۇتقان چاغ ئىكەن ، «ئەكېلە تاماكاڭنى ، بىر - ئىككى نەپەس تارتاي» دەپتۇ . بىر چاغدا ئەمەت قوغۇنچى ئېسىگە كېلىپ قارىسا ، قارانچۇق بىلەن تاماكا تارتىشىپ ئولتۇرغۇدەك . قورقىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە ، كەتمەنىنىمۇ تاشلاپ ، مەھەللىگە قاراپ قېچىپتۇ . قارانچۇق ھجايغان پېتى ئەمىتاخۇننىڭ كەتمىنىنى ئېلىپ ، قوغۇننىڭ چۆنىكىنى تارتىپ ئېتىزدا قالغانمىش…

— بىر زامانلاردا ، — دەپ گەپ باشلاپتۇ يەنە بىرەيلەن ، — ئاشۇ قارانچۇق سانجىقلىق يەرلەرنى نامەت ئىسىملىك بىر دېھقان تېرىپتىكەن . بەلكىم شۇ قارانچۇقنىمۇ شۇ نامەت دېگەن ئاغىنە تىككەنمۇ ياكى ئۇنىڭ بوۋىلىرىنىڭ بوۋىسى سانجىپ قويۇشقانمۇ ، بۇ تەرەپلىرىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن ، ئىشقىلىپ ، بۇ يەرنى شۇ نامەت دېگەن دېھقان تولىراق تېرىيدىكەن . بىر يىلى نامەتمۇ ئۇ يەرگە قوغۇن تېرىپتۇ . قوغۇنلىرى ھەر تەرەپكە پېلەك تارتىپ ، ھەر پېلەكتە ئونلاپ سويما چۈشۈپ تازىمۇ ئوخشاپتۇ . بىر كۈنى چۈشلۈكى نامەت ئۆيىگە قايتىپ ، تامىقىنى يەپ ، چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئوبدان ئۇخلاپ ، قوغۇنلۇققا قاراپ كېتىۋاتسا ، يىراقتىنلا ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ .

بىر ياغلىق ئانار ئالدىم ،
ھېيتگاھتىكى مەمەتتىن .
ئاشىقلىق مىراس قالغان ،
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن .

«پاھ، مەھەللىنىڭ بىكار تەلەپلىرى قوغۇنلۇقتا يىغىلىپ بەزمە قىلىپ قوغۇنلۇقنى بېشىغا كىيىشكەن ئوخشىمامدۇ» دەپ نامەت يوغان ـ يوغان چامداپ قوغۇنلۇققا كېلىپ قارىسا، ئەتراپتا ھېچكىم يوق، ھېلىقى قارانچۇق تۇماقنى قىرلاپ كىيىپ، بىر قۇلىقىنى مەھكەم تۇتۇپ، تازا ۋارقىراپ:

مەمەت ساتقان ئانارنىڭ،
تەڭدىن تولىسى ئاچچىق.
ئانار ئۈزگەن يارىمنىڭ،
قىلىقى ئەجەب تاتلىق.

دەپ ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك، ئېتىزدىكى چوڭ ـ كىچىك سويمىلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ چاۋاك چېلىشىپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇدەكمىش…

دېھقانلار بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىنى: «بۇ گەپلەرنىڭ راست ـ يالغىنىنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە بىز نېمە بىلەيلى؟» دەپ ئاياغلاشتۇرىدىكەن.

مەھەللىنىڭ ئىمامى بىر كۈنى بۇ گەپلەردىن خەۋەرسىز، نېمە ئىش بىلەندۇر يۇقىرىقى مەھەللىگە قاراپ خىيال بىلەن كېتىۋاتقانىكەن، يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئۇ ئېتىزلىقلارنىڭ ئىچى بىلەنلا مېڭىپتۇ. ھېلىقى قارانچۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، قارانچۇق ئىمامغا:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئىمام ئاخۇنۇم! — دەپ سالام بېرىپتۇ.

مەھەللىدە ھەممە ئادەمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ



ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىمام:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپ جاۋاب قىپتۇ. شۇنداق جاۋاب قىپتۇيۇ، ئىككى قەدەم باسمايلا: «ھېلى ماڭا سالام بەرگەن كىم بولدا؟» دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىسا، ھېلىقى قارانچۇق قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغۇدەك.

— خوش، بىرەر گەپ ـ سۆز بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— تەقسىر، بۇ كىم كېلىپ تېرىسا بولۇۋېرىدىغان غوجىسى يوق يەرمىكەن؟ مەن ئاتا ـ بوۋامدىن تارتىپ مۇشۇ يەرنى كۆزەت قىلىپ، قاغا ـ قۇزغۇنلارنى قوروپ كەپتىمەن. بۇ ئېتىزلاردا قانچە چۇمۇلىنىڭ ئۇۋىسى بارلىقىنى، قانچە تۇلۇمچاشقانلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرىدىغىنىنى، تېزەكقوڭغۇزلىرىنىڭ بۇ يەردىن قانچىلىك تېزەكلەرنى دوملىتىپ ئۆتكىنىنى، باھاردا بۇ يەردە قانداق دالا گۈللىرىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى، كۈزدە قانداق يوپۇرماقلارنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقىنى، ئايدىڭ كېچىلەردە بۇ يەرگە قانچە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كېلىپ پىچىرلاشقانلىرىنى… ھەممىنى بىلىمەن. بىلگەنلىرىمنىڭ جىقلىقىدىن چىرايلىرىمغا قورۇق چۈشۈپ قېرىپلا كەتتىم. ئەمدى بۇ كۈنگە كەلگەندە، يەردىن چىققان ھوسۇل بېگىمگە تەۋە، مېنىڭ ئۈستۈمدە بولسا تېخىچە شۇ ئەسكى تۇماق بىلەن كونا چاپان. ئويلاپ باقسىلا، بۇ نېمىدېگەن ناھەقچىلىك! — دەپ قورسىقىدىكى دەردىنى بىراقلا تۆكۈۋېتىپتۇ قارانچۇق.

— بولدى، بولدى، سەۋرى قىل! — دەپتۇ ئىمام، — مەن بۇ سۆزلىرىڭنى مەھەللىنىڭ بېگىگە چىرايلىق يەتكۈزۈپ قوياي.

ئىمام شۇنداق دەپتۇ ـ دە ، «يارانقان ئىگەم ، قارانچۇقنى زۇۋانغا كەلتۇرگەن قۇدرىتىڭگە مەن قايىل !» دەپ پىچىرلىغىنىچە ئالدىراپ يولىغا مېڭىپتۇ .

مەھەللىدىكى قارانچۇق توغرىسىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ گەپ ـ سۆزلەرگە ئىمامنىڭ كۆرگەنلىرى قېتىلىپ ، بۇ گەپ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ، ئاخىر بەگنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتۇ . «ئېتىزنىڭ بېشىدىكى قارانچۇق ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ» دېگەن بۇ غەلىتە گەپكە بەگ ئۆزىنى زادى ئىشەندۇرەلمەپتۇ . بىر كۈنى ئۇ ئىمامنى چاقىرتىپ كېلىپ :

— ئىمام ئاخۇنۇم ، مەھەللىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ گەپ ـ سۆزلەر تارقالغىلى تۇرۇپتۇ . بۇنىڭ راست ـ يالغىنى زادى قانچىلىك ؟ — دەپ سوراپتۇ .

ئىمام يۇقىرىقى مەھەللىگە كېتىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ يول ئۈستىدە كۆرگەنلىرىنى ، قارانچۇقنىڭ نېمىلەرنى دەپ قايناپ كەتكەنلىكىنى بەگكە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ . بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەگنىڭ ئىچى بىر قىسما بوپتۇ . «راست ، مەن ئۆزۈمنى بۇ يەرنىڭ غوجىسى ، دەپ يۈرگىنىم بىلەن ، بۇ يەردىكى ئېتىزلاردا قانچىلىك چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسى بار ؟ بۇ يەردە قانچە تۇلۇمچاشقانلار ئۇسسۇل ئوينىشقان ؟ باھاردا قانچىلىك دالا گۈللىرى ئېچىلىپ ، كۈزدە قانچىلىك يوپۇرماقلار تۆكۈلگەن ؟ مەن نەدىن بىلەي… شۇ قارانچۇقنى كۆزدىن يوقاتمىسام بولمىغۇدەك» دەپ ئويغا چۆكۈپتۇ . ئويلىغانسېرى قورسىقى تېخىمۇ كۆپۈپتۇ . ئىمام ئاخۇنۇمنى يولغا سېلىۋېتىپ ، دەرھال بىرنەچچە چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى قارانچۇق بار ئېتىزغا يېتىپ بېرىپتۇ . قارىسا ، قارانچۇق ئەسكى تۇماق ، مېزى چۇۋۇلغان چاپانىنىڭ ئىچىدە قولىنى كېرىپ ، ئىلگىرىكى بىچارە



ھالىتىدە تۇرغۇدەك ، ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ، «ھەي !» دەپ ۋارقىرايدىغان ئەلپازى يوقمىش . بەگ چاپارمەنلەرگە قاراپ :

— بۇ بىرنېمىنى ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ، مۇشۇ يەرنىڭ ئىگىسى مەن ، دەپ دەۋا قىلىپ يۈرىدۇ ، دېگەن گەپنى زادى كىم تاپقان ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— بۇ گەپ باشتا ئەمەت قوغۇنچىدىن چىققاندەك قىلغان ، — دەپتۇ چاپارمەنلەر .

— ئەمەت دېگەن ھارامزادىنى دەرھال تېپىپ كېلىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ بەگ .

چاپارمەنلەر مەھەللىگە يۈگۈرگىنىچە يېتىپ بېرىپ ، ئەمەت قوغۇنچىنى پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي يەتكۈزۈپ كەپتۇ .

— ھە ئەمەتەك ! — دەپ ۋارقىراپتۇ بەگ ، — قېنى ماۋۇ قارانچۇقنى ئەمدى سۆزلىتىپ باقە ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن بىر ئاڭلاپ باقاي !

— تەقسىر ، — دەپتۇ ئەمەت قوغۇنچى ، — مانا سىلىگە يالغان ، ماڭا راست . شۇ كۈنى مەن بۇ يەردە قوغۇنغا چۆنەك تارتىۋاتاتتىم . مەن قېرىپ قالغان ئادەم ، قۇلىقىمغا شۇنداق ئاڭلاندىمۇ ياكى غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدىمۇ بىلمەيمەن . باشتا بىرى «ھەي !» دەپ ۋارقىرىغاندەك قىلدى . ئارقىدىنلا «ھەي ئىنسان ، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن !» دېگەن ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىغاندەك بولدۇم . ئەتراپقا قارىسام ، ئاشۇ قارانچۇقتىن باشقا ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ . قورققىنىمدىن كەتمەننى تاشلاپ مەھەللىگە يۈگۈردۈم . بولغان ئىش مانا شۇ .

— سېنىڭچە ، ساڭا مۇشۇ قارانچۇق گەپ قىلغاندىمۇ ؟

— بىلگۈچى خۇدا .

— ئەمىسە ، سەن قاراپ تۇر ـ ھە ، بۇ قارانچۇقنىڭ زادى

قانچىلىك كارامىتى باركىن؟ ئۇنى يۇلۇپ تاشلاڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ بەگ چاپارمەنلەرگە قاراپ.

چاپارمەنلەر ئەمەت قوغۇنچىنى يۇلىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرگەنىكەن، بەگ تېخىمۇ تېرىكىپ كېتىپتۇ.

— ھەي نان قېپىلار، قوغۇنچىنى دېمىدىم، ئاۋۇ قارانچۇقنى!

چاپارمەنلەر يوپۇرۇلۇپ بېرىپ قارانچۇقنى تۇتۇپ تارتىپتۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قارانچۇق يەرگىمۇ يىلتىز تارتىپ كەتكەنىكەن، تۆت ـ بەش ئادەم ئىنجىقلاپ يۈرۈپ ئاران يۇلۇۋاپتۇ.

— ئەمەت، كۆرۈپ تۇرغانسەن، قارانچۇقۇڭ ھېچ زۇۋانىمۇ سۈرمەيدا!؟… ئەمدى ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار! — دەپتۇ بەگ.

چاپارمەنلەر ئەتراپتىن چاۋار ـ چاتقاللارنى يىغىپ ئوت يېقىپ، قارانچۇقنى ئوتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ.

— ئەمدى ماۋۇ يالغانچى كاززاپنى يالىڭاچلاپ، ئاۋۇ قارانچۇقنىڭ ئورنىغا باغلاڭلار، ئېتىزغا شۇ قارىسۇن! — دەپتۇ بەگ.

چاپارمەنلەر ھېلىقى قارانچۇقنىڭ ئورنىغا يوغان بىر ياغاچنى مەھكەم قىلىپ بېكىتىپ، ئەمەت قوغۇنچىنى «ۋايداد!» دېگىنىگە قويماي كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، كىيىملىرىنى ئوتقا تاشلاپ، قوغۇنچىنى يالىڭاچ پېتى، خۇددى ئەيسانى كرېستقا مىخلىغاندەك، تۈۋرۈككە ماتاپ باغلىۋېتىپتۇ. ئاخىرىدا چاپارمەنلەر «ئۇھ!» دېيىشىپ، چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى قېقىپ، مەھەللىگە قايتىشىپتۇ.

بېگىم شۇ كۈنى خاتىرجەم بولۇپ، كەچتە ئارزۇلۇق



خوتۇنىنىڭ ئۆيىدە شېرىن ئۇيقۇدا ياتقانىكەن. تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا، ئۇنى بىرى نوقۇپ ئويغىتىپتۇ. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بېشىدا ھېلىقى قارانچۇق ئەسكى تۇمىقىنى قىڭغىر كىيىپ، تىكىلىپ قاراپ تۇرغۇدەك. بەگ قورقىنىدىن يۇڭلۇق پۇتلىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، ئورنىدا ئولتۇرۇپلا قاپتۇ.

— سە ـ سە ـ سەن كىم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەگ تىترەپ.

— تونۇمىدىڭمۇ، بېگىم؟ مەن ھېلىقى سىلى كۆيدۈرۈۋەتكەن قارانچۇق بولىمەن. ئاۋازىمنى ئاڭلاشقا شۇنچە خۇشتار ئىدىلە، ئەمدى ئاڭلاۋاتقانلا؟…

— نې ـ نې ـ نېمە قىلماقچى سەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەگ كېكەچلەپ.

— يەرنىڭ غوجىسى بولغان ئادەم ئېتىزنىڭ بېشىدا تۇرماي خوتۇنىنىڭ قوينىدا ياتامدۇ؟ يۈرسىلە، — دەپتۇ قارانچۇق.

بەگ خۇددى بىرى ئۇنى ئارقىسىدىن ئىتتىرىۋاتقاندەك، ئىختىيارسىز يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، يالىڭاچ پېتى قارانچۇقنىڭ ئارقىسىدىن تالاغا قاراپ مېڭىپتۇ. بەگنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىنى پارقىراتقىنىچە قاراپلا قاپتۇ.

ئەتىسى بۇ خوتۇن چاچلىرى چۇۋۇق، يۈز ـ كۆزىنىمۇ يۇمىغان پېتى كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە كېچىسى بولغان ئىشلارنى سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. بىردەمدىلا ئەتراپقا ئادەملەر يىغىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇنۇگۇن بەگنىڭ ئادەملىرى ئېتىزغا قارانچۇق قىلىپ باغلاپ قويۇپ كەلگەن ئەمەت قوغۇنچىمۇ يۈرگۈدەك. كىشىلەر:

— ئەمىتاخۇن، سىلى بۇ يەردە بەخىرامان يۈرسىلىغۇ؟ بېگىم سىلىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يالىڭاچلاپ

ئېتىز بېشىغا باغلاپ قويمىغانمىدى؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەمەت قوغۇنچى:

— ۋاي بىلمىدىم، باغلاپ قويغان يەردە خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپ - يىغلاپ، ئاخىر كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئويغىنىپ قارىسام، ئەتىگەندە بالا - چاقامنىڭ يېنىدا يېتىپتىمەن. كىيىم- كېچەكلىرىممۇ يېنىمدا چىرايلىق قاتلاقلىق تۇرۇپتۇ. «تۈنۈگۈنكى ئىشلار چۈشۈم ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ، كىيىملىرىمنى كىيىپلا چىقىشىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

«نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى!؟» دەپ خالايىق يۈگۈرۈشۈپ ئېتىز بېشىغا چىقىپ قارىسا، تۈنۈگۈنكى ئەمەت قوغۇنچىنى باغلىغان تۇۋرۇكتە بەگ باغلاقلىق تۇرغۇدەك. بېشىدا ئەسكى تۇماق، ئۇچىسىدا مېزى چۇۋۇلۇپ كەتكەن كونا چاپان. يىقىن بېرىپ قارىغان ئادەم ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنىمۇ بىلەلمەسمىش...

شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ يېزىنىڭ ئېرىقلىرىدا يەنە سۇلار شارقىراپ ئېقىپ، دالىلىرىدا رەڭمۇرەڭ گۇللەر ئېچىلىپ، خەلق شادلىققا چۆمۈپتۇ. بەگ ھېلىقى ئېتىز بېشىدا قارانچۇق بولۇپ تۇرۇپ، قارانچۇق بولماقنىڭ دەردىنى ھازىرغىچە تارتىپتۇ. قاغا- قۇزغۇنلار ئۇنى كۆزىگىمۇ ئىلماي، ھەتتا بېشىغىمۇ كېلىپ قونۇۋالىدىكەن. بەگ دائىم ئىچىدە: «مەن يەنە باشقىدىن بەگ بولالىغان بولسام، خەلقنى ئاجايىپ ياخشى كۆنلەرگە ئېرىشتۈرەتتىم. ئېتىزدىكى ھەممە قارانچۇقلارغا يېپيېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈۋېتەتتىم» دەپ ئويلايدىكەن.

2000 - يىل، ئۈرۈمچى



# ياخشى چۈش كۆرۈڭ

مەھەللىمىزنىڭ چېتىدە خېلىلا چوڭ بىر ئاممىۋى باغچە بار. پېنسىيىگە چىققانلار ئاخشىمى - ئەتىسى شۇ يەرگە يىغىلىپ قالىمىز. نېمە ئىش بار، دەيسىلەر؟ بەزىلىرىمىز شاھمات ئوينايمىز، بەزىلىرىمىز قارتا؛ بەزىلىرىمىز بايىلا يەپ چىققان تاماقنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۈششاق چامداپ ئۇياق - بۇياققا ماڭىمىز، ئوڭدا يېتىپ - دۈم قوپۇپ، ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بەدەن چېنىقتۇرىدىغانلارمۇ بار؛ يەنە بەزىلىرىمىز ئولتۇرۇۋېلىپ، ھازىر بازاردا نېمە ئەرزان، نېمە قىممەت؟ قايسى ئاغرىققا قانداق دورا پايدا قىلىدۇ؟ ئاخشام تېلېۋىزوردا قانداق يېڭى نومۇرلارنى قويدى؟ كىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتتى؟ كىم ياش خوتۇن ئېلىۋالدى؟ پېنسىيىگە چىقىپ دۇكان ئېچىپ كىم پايدا ئالدى؟ كىم زىيان تارتتى؟... دېگەندەك پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىمىز.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئازراق سالقىنداي دەپ باغچىغا چىقىۋىدىم، كۆل بويىدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئېڭىشىپ كېتىپ بارغان ئوبۇل ئەپەندىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ ياش ۋاقىتلىرىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە مۇئەللىم بولغان، كېيىنكى ئۆمرى نەشرىياتتا ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈش بىلەن ئۆتكەن كونا زىيالىي ئىدى. مېنى كۆرسە دائىم:

— خوش، شائىر ئەپەندىم، دېھقان ئۇنداق ئۇلۇغ، مۇنداق

ئۇلۇغ ، دەپ شېئىر يازىسلەر ، ھەربىرىڭلىنى دېھقان بول ، دەپ شۇ يېزىغا ئاپىرىپ قويسا ، زادى قانچە كۈن تۇرارسلەر ؟ ··· توۋا ، مۇشۇ كۈندە ئانىسىنى ئۆمۈر بويى قاقشاتقان ئاغىنىلەر ۋاي ئانام ، دەپ شېئىر يېزىپ ھالى قالمايدىغان بولدى ـ ھە ؟ ! ··· — دېگەندەك گەپلەر بىلەن چېقىشىپ قوياتتى . ئوبۇل ئەپەندىنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزاق بولغانىكەن . شۇ تاپتا بۇ ئورۇق ئادەم يەلكىسىنى بىر پاتمان غەم بېسىۋالغاندەك مۈكچىيىپ كېتىپ باراتتى .

— ھاي ، ئوبۇل ئەپەندىم ، ئوبۇل ئەپەندىم ! — دەپ چاقىردىم .

ئوبۇل ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ مەن تەرەپكە قارىدى ـ دە ، مېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ قولىنى پۇلاڭلاتتى . ئوتتۇرىمىزنى ياپپېشىل سۇ ئوتلىرى بېسىپ كەتكەن كۆل ئايرىپ تۇراتتى . ئىككىمىز ئالدىراش بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ مېڭىپ ، كۆلنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئۇچراشتۇق . قىزغىن سالاملىشىپ ، شۇ ئەتراپتا تۇرغان بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق .

— خوش ، شائىر ئەپەندىم ، ئىلھام ئىزدەپ چىقتىڭىزمۇ ، نېمە ؟ — دېدى ئوبۇل ئەپەندى چاقچىقىنى باشلاپ ، — سىلەرنىڭ ئىشىڭلار نېمىدېگەن ئوڭاي . مانا مۇشۇ لەش باسقان كۆلنى كۆرۈپ دېڭىزنى كۆردۈم ، دەپ شېئىر يېزىۋېرىسلەر . بۇ باغقا تولا چىقىدىغان بولۇۋالدىڭىز ، ئاز كۈندىن كېيىن «جەننەتنى كۆردۈم» دەپ بىر شېئىر يازىسىزغۇ دەيمەن ؟

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ .

— قەدىر ئەھۋال .



— قارىسام ، غەم باسقاندەك بولۇپ مۈكچىيىپلا قاپسىز .

— ھە ، خىيال···

— نېمە خىيال ئۇ ، ئوبۇل ئەپەندىم ؟

— قارىمامسىز ، خەق دېگەن پۇلنى شاراقشىتىپ غازاڭدەك خەجلەيدىغان بولۇۋالدى . بىز بولساق قېرىدۇق ، قولىمىزدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ ، شۇ ئازغىنە پېنسىيە پۇلىنى ئايدىن ـ ئايغا قانداق ئۇلاشتۇرارمەن ، دېگەن خىيال !

— يېقىندىن بېرى قىزىق گەپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ ؟

— نېمە توغرىسىدا ؟ — دەپ ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى ئوبۇل ئەپەندى .

— ئاڭلىسام ، سىز كوچىدا قىپيالىڭاچلا يۈگۈرۈپ يۈرۈپتۇدەكسىز ؟

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ؟

— ئاڭلىدىم ، بىر ئەمەس ، بىر ـ ئىككىيلەندىن .

— قىپقىزىل يالغان !

— توۋا ، ئۇلار قاراپ تۇرۇپلا سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن مۇشۇنداق يالغاننى توقۇغانمىدۇ ؟ !

— سىز شۇ گەپكە ئىشەندىڭىزما ؟··· ھەرقانچە بولسىمۇ مەن مۇشۇ سالاپىتىم بىلەن كوچىدا قىپيالىڭاچ يۈگۈرۈپ يۈرەرمەنمۇ ؟ !

ئوبۇل ئەپەندىم ئورۇق گەۋدىسىنى رۇسلاپ ، سوئال نەزىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى .

— ئەمدى ، ئادەم دېگەن قېرىغاندا ھەر قىسما بولۇپ قالىدۇچۇ ، — دېدىم مەن ، — پېنسىيىگە چىققاندىن بېرى ئۆيدىن چىقماي تېلېۋىزور كۆرىدىغان بولۇۋالدىڭىز . تېلېۋىزوردىكى

يالىڭاچ خوتۇنلارنى تولا كۆرۈۋېرىپ، مەنمۇ بىر شۇنداق چىقىپ باقمايمەنمۇ، دەپ قالدىڭىزمۇ دەيمەنا؟

— توۋا دەڭە!

— ئەمىسە بۇ گەپ نەدىن چىقتى؟

— سىزگە راست گەپنى قىلسام، چۈشۈمدە شۇنداق يالىڭاچ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چۈش كۆرۈپتىمەن. قىزىقچىلىق قىلىپ بىر-ئىككىيلەنگە سۆزلەپ بەرگەندەك قىلىۋىدىم.

— تازىمۇ غەلىتە ئىش بوپتۇ - ھە!... قىپيالىڭاچلا يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەكسىزما؟

— يەنە كېلىپ نەدە دېمەمسىز؟ كۆپكۈندۈزدە، نەق قايناق بازارنىڭ ئىچىدە.

— ھېچبولمىغاندا، ئۈستىڭىزدە ئاسما مايكا بىلەن كالتە ئىشتانغۇ باردۇ؟

— ھېچنېمە يوق، ئانىدىن تۇغما پېتىم.

— يائاللا، مۇشۇ ئورۇق بەستىڭىز بىلەن - ھە!؟... بازاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆزىگە بىر قۇرۇق ئىسكىلىت مېڭىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، چۇرقىرىشىپ تەرەپ - تەرەپكە قاچقاندۇ؟

— قىزىق يېرى شۇ. ھېچكىم ماڭا قاراپ ھەيرانمۇ بولمىدى، تەرەپ - تەرەپكىمۇ قاچمىدى. كۆپىنچە ئادەملەر مېنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك، دەپ بىرمۇنچە لاتا - پۇتىلىرىنى ئۈستىگە ئوشۇقچە يۈك قىلىپ ئارتىۋالغانلىقىغا خىجالەت بولۇشتىمۇ، قانداق، ھەممىسىلا قىزىرىپ يەرگە قاراشتى. تېخى بىر كوچا ساقچىسى يېنىمدىن چاس بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر كىرا ماشىنىسى يانداپ كېلىپ: «خىزمىتىڭىزدە



بولايمۇ؟» دېۋىدى، «كېرەك ئەمەس!» دەپ قولۇمنى سىلكىدىم.

— «ماقۇل» دەپ، يالىڭاچ پېتى ماشىنىغا كىرىپ ئولتۇرغان بولسىڭىز تېخىمۇ قىزىق بولاتتىغۇ، دەيمەن؟

— ماشىنىغا ئولتۇرۇپ نېمە قىلاتتىم؟... ماشىنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن كىرا ھەققىنى تۆلىمىسىڭىز بولمايدۇ، يالىڭاچ ئادەمدە نەدە پۇل، پۇل سالىدىغانغا نەدە يانچۇق؟... ئەنە شۇنداق پىيادە، بەھۇزۇر مېڭىپ كېتىۋېرىپتىمەن. كۆرگەنلەر: «چىرايىڭىز ناھايىتى جىددىي، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، بەك سالماق مېڭىپسىز» دېيىشىپتۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ — دەپ ھەيران بولدۇم مەن، — چۈشىڭىزدە يالىڭاچ كېتىپ بارغانلىقىڭىزنى كۆرگەنلەرمۇ بارمىكەن؟

— نېمە بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ مەندىن بەتتەررەك ھەيران بولدى ئوبۇل ئەپەندىم، — مەن دېگەن بازاردا كېتىپ بارغان تۇرسام، ھەممە ئادەم كۆرمەيتتىمۇ!؟

— ھە بوپتۇ، سۆزلەۋېرىڭ!؟

— شۇنداق قىلىپ، يالىڭاچ مېڭىپ كېتىۋېرىپتىمەن. ھېلىقى شەھىرىمىزنىڭ چېتىدىكى چوڭ مەيداننى بىلىسىز؟

— قايسى مەيداننى دەيسىز؟... يۈك ماشىنا، پىكاپلارنىڭ سودىسى بولىدىغان مەيداننى دەۋاتامسىز؟

— ۋاي خۇدايىمەي، سىز نېمانداق ھە دېسە ماشىنىنىڭلا گېپىنى قىلىسىز، پىكاپ ساتىدىغان يەردە مەن نېمە ئىش قىلاي! ھېلىقى، شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى تازا قىزىق يايما بازار بولىدىغان مەيدانچۇ؟ توپتوغرا شۇ يەرگە بېرىپلا توختاپتىمەن.

نەدىن كەلگەن قەھرىمانلىقكىن بىلمىدىم . مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئېگىز يەرگە چىقىپ : «خالايىق !» دەپ نۇتۇقنى باشلاپتىمەن .

— يالىڭاچ پېتىڭىز ؟

— يالىڭاچ پېتىم .

— ھەممە خەق كۈلۈپ دومىلاپ كېتىشكەندۇ ؟

— كۈلسىمۇ ئىچىدە كۈلدىمۇ ، بىلمىدىم ، قارىسام ، ھەممەيلەن نېمە دەركىن ، دەپ ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇپتۇ . «خالايىق ، ھازىر جاھان ئىلگىرىلەپ نەگە كەتتى ؟ ۋاقىتنىڭ قەدىمى قايسى ئەسىرگە يەتتى ؟ بىز قاچانغىچە ئىپتىدائىي ئادەملەردەك زىبۇزىننەت دەپ رەڭلىك تاش - مېتاللارنى بەدەنلىرىمىزگە ئېسىۋېلىپ ، يۈز - كۆزىمىزگە ھەر خىل بوياقلارنى سۈركەپ ، ئەخمەقلەرچە كۆرەڭلەپ يۈرىمىز ؟ لاتا - پۇتلارغا يۆگىلىۋېلىپ ، ئەيىبلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇشقا نە ھاجەت ! ؟… ئىنسان بۇ دۇنياغا يالىڭاچ تۆرەلگەن ، يەنە يالىڭاچ كېتىدىغۇ ، مانا قاراڭلار ، مانا مەن ئەلگە قىرىق يىل ئىشلەپتىمەن ، كۆپچىلىكتىن يوشۇرغۇدەك ھېچنېمەم يوق . تېرىلىرىمنىڭ ئاستىدىكى قوۋۇرغىلىرىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . تۇغۇلۇپ قانداق يۆگەككە يۆگەلگىنىمىزدىن باشلاپلا پېشانىمىزگە باي - كەمبەغەللىك ، تەلەيلىك - تەلەيسىزلىكنىڭ تامغىسى بېسىلىشقا باشلاپتۇ . ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يۆگىكى ئەمەس ، يۆگەك ئىچىدىكى ۋۇجۇدى بەلگىلەيدىغۇ ! ؟… كىمىكى كۆپنىڭ ئالدىدا قورقۇنچى بولمىسا يالىڭاچ بولالايدۇ . قېنى ، كىيىم - كېچەكىمىزنى سېلىپ تاشلاپ ، ئوچۇق - ئاشكارا بولايلى !…» دەپتىمەن . يەنە



نېمىلەرنى دېدىمكىن ئېسىمدە يوق . ئەيتاۋۇر بىرمۇنچە ۋالاقلىغان ئوخشايمەن . شۇنىڭ بىلەن ، قانداق بولدى دېمەمسىز ؟ پۈتۈن بازار ئوپۇر - توپۇر بولۇپ ، ھەممە بەس - بەستە كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلىغىلى تۇردى .

— پەرۋەردىگار ، نېمە دەيدىغانسىز ؟ ئۇ يەردە ئاياللارمۇ بار بولغىيدى ؟ !

— ھازىرقى كۈندە بازاردىكى ئادەمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئايال دەڭە !

— ئاياللارمۇ كىيىم - كېچەكنى سېلىپ تاشلىدىما ؟

— سالدى !… سىزنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا چۈشەنچىڭىز قانچىلىككىن بىلمىدىم ، ئايھاي ، خۇدا ياراتقان ئىنساننىڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرەي دېسىڭىز ، ئۇنى يالىڭاچ ھالەتتە تاماشا قىلىڭ ! ئاياللارنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان قامىتى ، ئىشلەمچىلەرنىڭ بۆرتۈپ چىققان بۇلجۇڭ گۆشلىرى ، كاسىپلارنىڭ چىڭقالغان كۆپكۆك تومۇرلىرى ، دېھقانلارنىڭ كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان تېرىلىرى… بۇلارنىڭ ھەربىرى ئىنسان پورترېتىنى سىزىدىغان رەسسام ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ماتېرىيال بولۇپ ئاشىدۇ . بايا ئۇلارنى كۆرۈمسىز كۆرسىتىپ تۇرغان ئۇستىدىكى كونا ، يىرتىق لاتا - پۇتلار ئىكەن… ھەممەيلەن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىۋىدى ، تېخىچە خۇدۇكسىنىپ ، كىيىمنى سالالماي مەھكەم ئورىنىۋالغانلار باشقىلارنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈشكە باشلىدى . يەنە كېلىپ ئۇلار كىملەر دېمەمسىز ؟ تازا پۇزۇر كىيىنىپ ، يۈز - كۆزىنى ئالىيشىل بويىۋالغان خېنىملار ، شەھەرنىڭ ھارامدىن بېيىغان بايلىرى ، جانى جىڭ دەپ ساتىدىغان كاززاپلار ، زادى

قانداق پۇل تېپىپ ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايدىغان سىرلىق مەخلۇقلار. «خوش، غوجاملار، قېنى ھەرقايسىلىرىمۇ ماۋۇ ئۈستەللەردىكى جەندازىلىرىنى سېلىشىپ باقاملا، زادى قانچىلىك ئادەملىكلىرىنى بىر كۆرۈپ باقايلى!» دەپ بەزىلەر ئۇلارغا ھۈرپەيدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تەرەپ - تەرەپتىن تارتقۇچلاپ سالدۇرۇشقا باشلىۋىدى، ئەپت - بەشىرىسى ئاشكارىلا بولدى. كېلەڭسىز يوغانغان قورساقلار، كۈن نۇرىنى كۆرمەي لەشتەك ساڭگىلاپ كەتكەن تېرىلەر، ئەيش - ئىشرەت، قىمار سورۇنلىرىدا خۇنىنى يوقىتىپ كۆكەرگەن بەدەنلەر، قان - يىرىڭ ئېقىپ تۇرغان نومۇسلۇق جايلار… ۋاي قويۇڭ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئالمان - تالمان كىيىملىرىنى باشقىدىن كىيدۈرۈپ قويمايمۇ بولمىدى. مانا، بەزىلەرنىڭ ئۈستىدىكى چۇمپەردىسىنى قايرىۋەتسىڭىز، كارامىتى شۇنچىلىكلا ئىكەن… نېمە ساراڭلىقىم تۇتتى، ھېلىقى يالىڭاچ ئاغىنىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغان ئېگىز بىناغا قاراپلا مېڭىپتىمەن. ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا پىكاپقا چۈشۈپ قاچماقچى بولغان بىرىنى تۇتۇۋالدۇق. بۇ كىم دېمەمسىز؟ ھېلىقى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسىنى سېلىشقا مەسئۇل بولغان پالانچى. ئىككى يىلدا پۈتىدۇ، دېگەن بىنا تۆت يىلدىمۇ پۈتمەي، ئاخىرىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ بىناسى پۈتمىگەن بىلەن بىرقانچە ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي داچىسى ئاللىبۇرۇن پۈتۈپ بولدى. ھە - ھۇ بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ھەيرانلا قالدۇق. ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ئىككى قولى نەق جەينىكىدىن ئەگرى ئىكەن. پۈتۈن شەھەرنى يالماپ يۇتۇۋېتىپ، ھېچكىمگە قۇيرۇق



تۇتقۇزماي يۈرىدىغان يەنە بىر ھارامزادە نەق پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىدىلا ئۇچراپ قالدى. ئاللا - توۋا دېگىنىڭگە قويماي ئۇنىمۇ يالىڭاچلىۋىدۇق، قورسىقى تۆت، ئاشقازىنى سەككىز بولۇپ چىقتى. ئىش بىلەن كىرگەن ھەربىر ئادەمدىن مىڭلاپ سوم پارە يېمەي قويمايدىغان يەنە بىرىنى زالنىڭ ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇۋالدۇق. بۇ ئەبلەخ نېمىشقا كېچىسى يوتقانغا كىرگەندىمۇ گالىستۇكىنى يەشمەي ياتىدىكىن دېسەك، بايا ئۇنىڭ گېلىنىڭ ساق يېرى يوق، ھەممىسى تۆشۈك ئىكەن. بۇ بالا - قازاغا دەسلەپتىلا ئۇچرىغان ھېلىقى ئۈچى: «مۇنداق يالىڭاچلىغىلى تۇرساڭلار، بۇ بىنادا بېجىرىم ئادەم چىقامدۇ؟ يالىڭاچلايدىغان گەپ بولسا ھەممىنىلا يالىڭاچلاڭلار، بىزدىنمۇ غەلىتە ئىنسانلارنى كۆرىسىلەر» دەپ ئالدىمىزغا چۈشۈپ، بىزنى بۆلۈممۇ بۆلۈم باشلاپ كىرگىلى تۇردى. قاراڭ، بۇلاردا ۋىجدان دېگەن بارمۇ؟ ئىش تەتۈرىگە ئايلانسا، مۇشۇنداق بىر - بىرىنى ساتقىلى تۇرىدۇ. قېنى قىزىپ كەتكەن ئاغىنىلەر ئۇچرىغاننى يالىڭاچلاۋەردى. ئۆزلىرىگە ئىشەنچى بارلىرى ئۈن - تىنسىز كىيىملىرىنى سالدى. خۇدۇكى بارلىرى ۋايداد سېلىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى، قاچقانغا قويماي تۇتۇپ كىيىمىنى يەشتۇق. بۇ يەردىكى يالاقچى، خۇشامەتچىلەرنىڭ ئەپتىنىڭ سەتلىكىنى دېمەمسىز، خوش، خوش، دەپ ئېگىلىۋېرىپ دۈمبىلىرىنىڭ ئۈستىخىنى قايناپ چىقىپ دوكقا ئايلىنىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ… مانا شۇ چاغدا، بىز تېخى چىقىشقا ئۈلگۈرمىگەن يۇقىرى قەۋەتتىن شەھەر باشلىقى چۈشۈپ كەلدى.

— بىزنىڭ مۇشۇ شەھەرنىڭ باشلىقىنى دەمسىز؟

— نەق ئۆزى. بولۇۋاتقان بۇ قالايمىقانچىلىقنى كۆرۈپ

تاتىرىپ ، پەلەمپەيىنىڭ ئوتتۇرىدا توختاپ قالدى . بىزمۇ بىر دەقىقە تېڭىرقاپ قالدۇق . نېمىلا بولسۇن ، ئۇ دېگەن پۇتۇنسۇرۇك بىر شەھەرنى باشقۇرۇۋاتقان ئادەم ـ دە ! ھەممىمىزنى سۈر باستى . «بۇ- بۇ- بۇ··· نى ـ نى ـ نى ··· گى ـ گى- گى··· » دېدى ئۇ . ئەسلىدە شەھەر باشلىقى : «بۇ نېمە گەپ ! ؟ » دېمەكچى بولسا كېرەك . ئۆمرى كاتىپلىرى يېزىپ بەرگەن سۆز تېكىستلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ قولىدا كاتىپى يازغان بىرەر ۋاراق قەغەز بولمىسا ، نەق كېكەچنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەيلى ، ئۇنىڭ زادى نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدۇق . «قېنى ھە ، نېمىگە قاراپ تۇرىمىز ؟ جانابىي شەھەر باشلىقىمىزنىمۇ بىر يالىڭاچلاپ باقمايلىمۇ ! » دەپ ۋارقىرىدى ئارىمىزدىن بىرەيلەن . «دۇررىدە» ئورنىمىزدىن قوزغىلىشىمىزغا قاتتىق بىر پۇشتەك چېلىنماسما ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم . كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ، خۇداغا شۈكۈر ، ئۆيدە كارىۋىتىمدا يېتىپتىمەن . سەھەر ۋاقتى سائەت ئالتە بولغان چېغى ، باش تەرىپىمدىكى ئۈستەل سائىتى قاتتىق جىرىڭلاۋېتىپتۇ .

— ئاپلا ، ئۈستەل سائىتىڭىز تازىمۇ بىر چاغدا جىرىڭلاپتۇ-دە ! — دېدىم مەن قىزىق گەپنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ .

— شۇنى دېمەمسىز ، — دېدى ئوبۇل ئەپەندى ، — شەھەر باشلىقىنىمۇ بىر يالىڭاچلاپ باققان بولساق ، يەنە نېمە قىزىقچىلىقلارنى كۆرەتتۇقكىن !···

گەپ بىلەن بولۇپ كۈنىنىڭ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتۇق . ئوبۇل ئەپەندى قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ،



ماڭا قاراپ كۈلۈپ :

— قانداق ، شائىر ئەپەندىم ، ئەگەر ئاشۇنداق ئىش راستتىنلا يۈز بېرىدىغان بولسا ، كۆپنىڭ ئالدىدا يالىڭاچلىنىشقا جۈرئىتىڭىز يېتەمدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— سىز يالىڭاچ بولغان يەردە مەن نېمىشقا يالىڭاچ بولالمىغۇدەكمەن ؟ ! — دېدىم مەن .

— ناتايىن ! — دېدى ئوبۇل ئەپەندىم ، — ھەر ھالدا كىيىم-كېچەك دەپ ئۈچىمىزغا ئارتىۋالغان بۇ لاتا ـ پۇتىلار خېلى كۆپ ئەيىبلىرىمىزنى يېپىپ تۇرۇپتۇ . ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنى تېشىدىنلا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىش بولسا ، ئۇ چاغدا خېلى ـ خېلى يوغان گەپ قىلغانلارمۇ تالاغا چىقالماي قالىدىغۇ ، دەيمەن ! ؟···

ئوبۇل ئەپەندى شۇ گەپلەرنى قىلىپ خوشلىشىپ ماڭدى .

— ياخشى چۈش كۆرۈڭ ، ئوبۇل ئەپەندىم ! — دېدىم .

1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ، غۇلجا

# تولۇن ئاي

يامغۇردىن كېيىن پۈتۈن تەبىئەت يېڭىلا يۇيۇنۇپ چىققان پەرىزاتتەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى . شۇ تاپتا مەن شەھەر چېتىدىكى ئوچۇقچىلىقتا تۇراتتىم . كۆز ئالدىمدا يېشىللىققا پۈركەلگەن دۆڭلۈكلەر ، يىراقتىكى يېزىلارغا قاراپ سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى يوللار ، تۆۋەندە سۈيى يېيىلىپ ئېقىۋاتقان تاشلىق ساي تاشلىنىپ ياتاتتى . ئاسماندا ئاپئاق بۇلۇتلار كۆپكۆك يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن قويلار توپىدەك يېنىك لەيلەپ يۈرەتتى . بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان قۇياشتىن تۆكۈلگەن نۇردا ھەممە نېمە بەرقۇتتەك تاۋلىنىپ ، كىشىگە گويا تەبىئەت يېڭىلا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، كېرىلىپ ، راھەتلىنىپ نەپەس ئېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى .

نېرىراقتا سوقما تاملار بىلەن قورشالغان چوڭ بىر باغ تۇراتتى . مېۋىلەرنىڭ شاخلىرى تامدىن ئارتىلىپ ، ياندىكى يولغا ئېگىلىشكەنىدى . يامغۇردىن كېيىنكى بۇ مەنزىرىلەردىن زوقلىنىپ مېڭىپ ، ئاشۇ باغ تەرەپكە يېقىنلاپ قاپتىمەن . سالقىن شامال يۈزۈمنى سۆيۈپ ئۆتۈپ ، يول بويىدىكى كۆچەتلەرنىڭ يۇمران ياپراقلىرىنى يېنىك شىلدىرلىتاتتى . باغ ئىچىدىن قۇشلارنىڭ شوخ چۇرۇقلاشلىرى ئاڭلىناتتى . نېمىشقىدۇر مېنىڭمۇ ناخشا ئېيتقۇم كېلىپ قالدى . تارتىنچاقلىقىمدىنمۇ بىلمىدىم ، ناخشىغا ئاۋازىم خېلىلا كەلسىمۇ ، ئەزەلدىن كىشىلەر بار يەردە ناخشا



ئېيتىپ باقمايتتىم . ھازىر بولسا ، گويا تەبىئەت ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس سىرلىق قوللىرى بىلەن بىر يېرىمنى غىدىقلاۋاتقاندەك ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىغۇم ، كۆكرىكىمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ چۇقان سالغۇم كېلىپ تۇراتتى . مەيلى ئەمەسمۇ ، بۇ خىلۋەت دالىدا مېنىڭ ناخشامغا كىممۇ قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى... ئۆزۈمچە خىيالىمغا كەلگەن بىر ناخشىغا توۋلاشقا باشلىدىم :

باغدا بىر گۈل بار ئىدى ،
شېخىدا بۇلبۇل سايرىدى .
ئۇل خۇدانىڭ تەقدىرى —
بۇلبۇلنى گۈلدىن ئايرىدى...

شۇ چاغدا ئارقامدىن «ئۆھۆ !» دەپ يۆتەلگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىۋىدى ، چۆچۈپ ناخشىدىن توختاپ قالدىم . ئارقامغا قارىسام ، قۇياش پۈتۈن ۋادىغا سېخىيلىق بىلەن نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ . باياتىندىن بېرى چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشلار مېنىڭ ناخشامنى تىڭشاۋاتقاندەك جىمىپ قاپتۇ . ئەتراپتا باشقا ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى . ئېھتىمال قۇلىقىمغا بىرى يۆتەلگەندەك ئاڭلانغان بولسا كېرەك ، دەپ ناخشامنى ئېيتىپ مېڭىۋەردىم .

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ ،
مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى .
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ ،
مەنمۇ خۇدايىمنىڭ قۇلى...

«ئۆھۆ !» دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپ پەيزىمنى ئۇچۇردى. «چىپپىدە» توختاپ ئاستا بۇرۇلۇپ ئارقامغا قارىدىم. باغنىڭ ئۇزۇن تېمىنى ياقىلاپ كېتىۋېتىپتىمەن، توپىلىق يولدا يوپۇرماقلارنىڭ كۆلەڭگىلىرى ئەلەڭلەپ تۇرۇپتۇ، باشقا ھېچكىم يوق. «بۇ نېمە گەپ، ناخشامغا ھەۋەسى كېلىپ، تاملارنىڭ يۆتىلى تۇتۇپ كېتىۋاتامدۇ، قانداق !؟» دەپ ھەيران بولدۇم. يەنە كېلىپ، بۇ «ئۆھۆ !» دېگەن تاۋۇش تەبىئىي يۆتەلگە ئەمەس، بىرەرىنىڭ باشقا كىمدۇر بىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن گېلىنى قىرىپ ئەتەي چىقارغان ئاۋازغا ئوخشىشىپ كېتەتتى... ناخشامنى ئېيتىپ، يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم:

دەردى بار دەردمەنلىگە،
كىم قويۇپتۇ ئۇيقۇنى؟
شۇ ۋاپاسىز گۈلنى دەپ،
پۈتتى بۇلبۇلنىڭ ئۈنى...

— ھويت، يىگىت ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى شۇ چاغدا. بۇرۇلۇپ قارىسام، باغ تېمىنىڭ شورا بولۇپ پەسلەپ كەتكەن ئارىلىقىدىن بىر ساھىبجامال ماڭا شوخ كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. قىز شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى، كۆزۈمگە تاملارنىڭ ئارقىسىدىن تولۇن ئاي كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. «بۇ قىز مېنى چاقىردىمۇ، باشقا بىرىنىمۇ؟» دېگەن گۇمان بىلەن ئەتراپىمغا قارىدىم، يېقىن ئەتراپتا مەندىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.



— مېنى چاقىردىڭىزما؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.
— ھە، سىزنى، — دېدى «تولۇن ئاي»، — ناخشىڭىزنىڭ پەيزى بارغۇ؟
— ناخشامنى دەمسىز؟... ھە، ئۆزۈمچە قاملاشمىسىمۇ غىڭشىپ قويغىنىم. تامنىڭ ئارقىسىدا نېمە قىلىپ تۇرىسىز؟
— ناخشىڭىزنى تىڭشاپ...

شۇ چاغدا، باغ ئىچى يىراق بىر يەردىن «رە - نا !» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى - دە، تام ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئاي غايىب بولدى، يۈگۈرۈپ بېرىپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ، تامنىڭ ھېلىقى شورىسىدىن ئىچكىرىگە قارىدىم. ئۇ تەرەپ كەتكەن چوڭ باغ ئىكەن. رەنا مېۋە شاخلىرىنى قايرىپ، بېشىنى ئەگكىنىچە ئالدىراش كېتىۋېتىپتۇ. ئۇ مېۋىلىك كۆچەتلەر ئارىسىدىكى يولغا چىقىپ — ئېھتىمال، مېنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغىنىمنى كۆڭلى سەزدى بولغاي — مەن تەرەپكە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ يۈگۈرۈپ كەتتى. قىزنىڭ بويىنىغا سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان سۆسۈن رەڭ ياغلىقى لەرزان يەلپۈنەتتى. ئۇ بارا - بارا يىراقلاپ، گۈللۈكلەر ئارىسىدا غايىب بولدى. مەندە يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاي شۇ گۈللۈكلەر ئارقىسىغا مۆكۈنگەندەك ياكى بولمىسا، تولۇن ئاي پارچىلىنىپ، ئاشۇ رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە ئايلىنىپ كەتكەندەك تەسىرات قېلىپ قالدى...

ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتتىمىكىن، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندۇ، ھاياتىمغا ئاچچىق - چۈچۈك تالاي سەرگۈزەشتىلەر ھەمراھ بولدى. ھاسا تاياققا چۈشۈپ قالمىغان بولسامۇ، چاچلىرىم ئاقىرىپ، قېرىلىق يەتتى. ئېھتىمال، ياش

ۋاقتىدىكى بەزى خاتىرىلەر كىشىنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورناپ كەتسە كېرەك ، يامغۇردىن كېيىنكى شۇ مەنزىرە ، باغ تېمىنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ تولۇن ئاي ئۆمۈر بويى ئېسىمدىن چىقمىدى .

يېقىندا بىر پۇرسەت بىلەن ھېلىقى شەھەرگە يەنە بېرىپ قالدىم ، ھاياجانلىنىپ ، يۈرىكىمدە ساقلانغان خاتىرىلەرنى ئىزدەپ شەھەر سىرتىغا چىقتىم . ھېلىقى ياپيېشىل دۆڭلۈكلەر ، يېيىلىپ ئاقىدىغان ساي سۈيى ، ئەتراپىدا چىغىرتماقلار ئۆسۈپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى هارۋا يوللىرىنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپالمىدىم . بۇ يەرلەرگە ئېگىز بىنالار چۈشۈپ ، ئاللىبۇرۇن شەھەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . ئەتراپتىكى ۋاڭ-چۇڭ ، زاۋۇت تۇرخۇنلىرىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسلار كىشىنىڭ دىمىغىنى سىقاتتى . ساي سۈيى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ ، ساينىڭ ئۆزىمۇ تۆت ئەتراپتىن تۆكۈلگەن ئەخلەتلەر بىلەن تىنىپ كەتكىلى تۇرغانىدى . دەل - دەرەخلەرنىڭ ھاۋانىڭ ئېغىر بۇلغىنىشىدىن داغلىشىپ كەتكەن يوپۇرماقلىرى بىچارىلەرچە شالدىرلايتتى . ‹تونۇشتۇرغۇچى› ماڭا بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەر ، قانداقتۇر بىر تەرەققىياتلار توغرىسىدا ئاغزى بېسىلماي سۆزلەۋاتاتتى . قۇلىقىمغا ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچىلىك بىمەنە ئاڭلاندى . كۆزلىرىم بولسا ئەتراپتىن ھېلىقى ئاددىي سوقما تاملىق باغنى ، باغ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان «تولۇن ئاي» نى ئىستەيتتى...

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ، غۇلجا



# ئايخان

## 1

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدا گەپ بولسىلا ساز مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئايخان كېلىدۇ . ئۇ بىرەر گۇرۇھنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىلەن «زىنىنەتلەنگەن» مەيدانلاردا «يالقۇنلۇق» نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن كاتتىباشلىرىدىن ياكى ئۇرۇش - چېقىشتا «شۆھرەت» قازانغان نوچىلاردىن ئەمەس ئىدى . ئېنىقىمغا قارىشى ماڭالىغان قەھرىمانلارغىمۇ ئوخشاشمايتتى ؛ ئايخان ئاپتاپلىق يېزا يوللىرىنىڭ قىزىق توپىسىنى يالاڭ ئاياغ كېچىپ ، مەھەللىمۇمەھەللە كېزىپ يۈرىدىغان ئاجىز ئايال ئىدى . ئۇنىڭ دۇنيادا قانداق ئىنقىلابلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى ، پادىشاھلىق تەختلەرگە كىملەرنىڭ چىقىپ ، كىملەرنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى . ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى توختىماي پىچىرلاپ سۆزلىشەتتى ، يېنىدىن بىرەرى ئۆتۈپ قالسا ، جىمىپ «شۈككىدە» بولۇپ قالاتتى ؛ تۇرۇپلا نېمىلەرگىدۇر كۈلەتتى ، نېمىلەرگىدۇر ئاچچىقلىناتتى . گويا ئۇ سىرلىق پىلانېتىلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس مېھمانلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندەك ياكى ئۇنىڭ ئۆزى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بولسىمۇ ، روھى باشقا بىر ئالەمدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەندەك قىلاتتى...

## 2

— ئايخان كېلىۋاتىدۇ ، ئايخان !…

ئايخاننىڭ قارىسى يىراقتىن كۆرۈنۈشى بىلەنلا يېزىنىڭ ئۇششاق باللىرى ئەنە شۇنداق چۇرقىرىشىپ ، ئويناۋاتقان نەرسىلىرىنى تاشلاپ ھەر تەرەپكە قېچىشاتتى . لايدىن ياسالغان نان - توقاچ ، توپىدىن قوپۇرۇلغان ئۆي - ئىمارەتلەر يول ياقىسىدا چېچىلغان پېتىچە قالاتتى . يولنىڭ توپىسىنى توزۇتۇپ كېلىۋاتقان ئايخان توختاپ ، باللار كەتكەن تەرەپكە قاراپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرگەن يوغان قارا ئىت ھاسىرىغىنىچە كېلىپ ئىگىسىنىڭ پۇتلىرى يېنىدا زوڭزىياتتى . باللار ئايخاندىن كۆرە ، ئۇنىڭ ئاشۇ تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان پاخماق تۈكلۈك ئىتىدىن بەكرەك قورقۇشاتتى .

بەزىدە ئايخان باللار تاشلاپ كەتكەن ئويۇنچۇقلارنى ئېتىكىگە يىغىپ ، بىر چەتكە ئاپىرىپ تۆكەتتى - دە ، باللارچە ھەۋەس بىلەن ئوينىغىلى تۇراتتى . مۇنداق چاغدا ، يىراقتا مارىشىپ تۇرغان باللار :

— ئەنە ، ئايخان لايلارنى ئېتىكىگە ئېلىۋاتىدۇ .

— ئايخان لاي توقاچنى يەۋاتىدۇ .

— ئايخان جىنلىرى بىلەن گەپلىشىۋاتىدۇ… ، — دەپ چۇرقىرىشاتتى .

ئايخاننىڭ ياش قۇرامىنىڭ زادى قانچىدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئىدى . بەزىدە ئۇ كىملەرنىدۇر دوراپ ، توم قارا



چاچلىرىنى بېشىغا چەمبىرەك قىلىپ تۈگۈپ ، يۈزىنى قايسىبىر كۆڭلى يۇمشاق ئايالدىن سورىۋالغان ئەتىر سوپۇن بىلەن بولۇشىغا سوپۇنلاپ يۇيۇپ ، بويىنىغا جا مارجانلارنى ئېسىپ ، ئۆزىنى خېلىلا «تۈزەشتۈرۈپ» قالاتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يىگىرمە بەش — ئوتتۇز ياشلاردىكى چوكانلاردەك كۆرۈنەتتى ؛ بەزىدە ئۇنىڭ چاچلىرى ئايلاپ تارغاق كۆرمەي پاخپىيىپ كېتەتتى ، بىرەرى يېمەكلىك تەڭلىسە ، كۆڭلى تارتسا ئېلىپ يەيتتى ، بولمىسا قاراپمۇ قويمايتتى ، كۈنلەپ ئاچ يۈرەتتى . قانداق كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ شۇنداق ئۆزە يۈرىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى . ئاپتاپلىق يېزا يوللىرىدا تىنىم تاپماي مېڭىپ يۈرگەچكە ، ئاياغلىرى يېرىلىپ ، چىرايى قارىداپ ، قورقۇنچلۇق تۈس ئالاتتى . بۇ كۈنلەردە ئۇنى كۆرگەن كىشى «كەم دېگەندە قىرىق — ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغان خوتۇن بولسا كېرەك» دەپ قىياس قىلاتتى .

## 3

ئايخان ساز مەھەللىنىڭ چېتىدىكى پاكار قورۇق تاملار بىلەن قورشالغان بىر خارابە قورۇدا يالغۇز ھايات كەچۈرەتتى . ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ۋە قوغدىغۇچىسى ئاشۇ قارا ئىت ئىدى . بۇ مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ھېكايە قىلىشىچە : ئايخان ئەسلى شەھەرلىك بىر كىشىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىكەن . ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ ، دادىسى قىزىمنى ئۆگەيلەيدۇ ، دەپ قايتا ئۆيلەنمەي ، ئايخاننى يۇدۇپ يۈرۈپ دېگۈدەك جاپا بىلەن چوڭ

قىپتۇ . قىز يەتتە ياشلارغا كىرگەندە ، دادىسى ئۇنى ئېلىپ ، ئەل-
ئاغىنىلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى بىر ئورمانزارلىققا
مەشرەپكە چىقىپتۇ . شۇ كۈندىكى مەشرەپ ناخشا - ساز ،
چاقچاقلار بىلەن ناھايىتىمۇ قىزىپتۇ . كۈن ئولتۇراي دېگەندە ،
مەشرەپ ئەھلى قايتماقچى بولۇپ قارىسا ئايخان يوق .
قىزىقچىلىقتا بالىنىڭ دادىسىمۇ ئۇنىڭ قاياققا كېتىپ
قالغانلىقىنى بايقىماي قالغانىكەن . ھەممە ئۇيۇر - تويۇر بولۇشۇپ
قىزچاقنى ئىزدەپتۇ . ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ . ئاخىرىچە كۈن
ئولتۇرۇپ ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئايخاننىڭ دادىسى ئۆزىنى
كاچاتلاپ ، بىرقانچە ئاغىنىلىرى بىلەن شۇ يەردە تاڭنى
ئاتقۇزۇپتۇ . ئەتراپ يورۇغاندا قارىسا ، قىز يېقىنلا بىر يەردە
قېلىن كوكاتلىق ئىچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقۇدەك... شۇنىڭدىن
باشلاپ ئايخان ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىدىغان ، تۇرۇپلا كۈلۈپ ،
تۇرۇپلا جىمىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ . دادىسى ئۇنى دوختۇرغا
كۆرسىتىپتۇ ، داخانغا ئوقۇتۇپتۇ ، قىلمىغان داۋاسى قالماپتۇ .
لېكىن ئايخان ياخشى بولالماپتۇ .

يىللار ئۆتكەنسېرى تەبىئەت ئايخانغا ساغلام قامەت ئاتا
قىلىۋېرىپتۇ ، ئون يەتتە — ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەندە ،
ئۇ شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل قىزلاردىن بولۇپ تولۇپتۇ . پەقەت
ئۇنىڭ ئەقلىلا گويا ئۇ ئورماندا ئۇخلاپ قالغان چاغدا توختاپ
قالغاندەك تەرەققىي تاپالماپتۇ . ئايخان دائىم ئۇششاق بالىلار
بىلەن ئوينايدىكەن ، كىچىك بالىدەك قەغىش قىلىپ يىغلايدىكەن ،
يوق ئىشلارغا كۈلۈپ تېلىقىپ قالىدىكەن . دادىسى قىزىنىڭ
كەلگۈسى ئۈستىدە قايغۇرۇپ : «ياخشى نىيەتلىك بىرەر يېتىم
ئوغۇل بولسا ، قىزىمنى چېتىپ قويۇپ ، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز



بالام قىلىۋالسام» دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن . بەزىلەر : «كىم
بىلىدۇ ، بەلكىم ئايخان تۇرمۇشقا چىقسا ياخشى بولۇپ قالار» دەپ
مەسلىھەتمۇ بېرىشىدىكەن . ئەتراپتىكى قوشنا - قولۇملار ئىچىدە
ئايخاننى كېلىن قىلىۋېلىشنى ئويلاشقان ئوغۇللۇق ئۆيلەرمۇ
بولغانىكەن . دەل شۇ چاغدا ئايخاننىڭ دادىسى بىر - ئىككى كۈن
ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ .

ئايخان جامائەتنىڭ دادىسىنى كېپەنلەپ ، تاۋۇتقا سېلىپ ،
كۆتۈرۈپ ماڭغىنىغا بىر چەتتە جىمجىت قاراپ تۇرۇپتۇ . ئۆلۈم
مەرىكىسىگە كەلگەنلەرنىڭ ئۇنىڭ ھالىغا ئىچى سىيرىلىپتۇ .
تۇغقانلار ئىچىدە : «ئايخان بىچارە ئەقلى جايىدا بولمىغان بىلەن ،
خۇداغا شۈكۈر ، خېلى ياۋاش ، ئەمدى ئۇنى قايسىمىز
تەربىيىمىزگە ئالساق بولىدىكەن... » دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ
بوپتۇ .

تېپتىنچ دالىدىمۇ تۈيۈقسىز كۈچلۈك قۇيۇنلار كۆتۈرۈلىدۇ ،
سۈزۈك ئاسماندا پەيدا بولغان كىچىك بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭمۇ
بەزىدە دەھشەتلىك يامغۇرلارنى تۆكۈۋېتىدىغان چاغلىرى
بولىدۇ... ئۆلۈم كۈنىنىڭ ئەتىسى ئايخاننىڭ كەيپىياتىدا غەلىتە
ئۆزگىرىش بوپتۇ ، چۈشكىچە ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت ياندىغان ھالدا
ھويلىدىن تالاغا چىقىپ ، تالادىن ھويلىغا كىرىپ ، ئۆزىنى نەگە
قويۇشنى بىلمەپتۇ . «بىچارە ، دادىسىنى ئىزدەۋاتىدۇ» دېيىشىپتۇ
تۇغقانلىرى . چۈش ۋاقتىدا ئۇ تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىپ ، چىنە -
قاچىلارنى ئۇرۇپ - چېقىپ ، ئاق ياغلىق سېلىپ ھازىدار
ئولتۇرغان ئاياللارنى سۈرۈپ قوغلاپ چىقىپتۇ ، ئاندىن كوچىغا
چىقىپ ، ئۇچرىغانلىغا ئېسىلىپ ئۇرۇپتۇ . شۇ يەردىن يەنە بىر
كوچا نېرىدىكى قايناق بازارغا ئېتىلىپ كىرىپ ، يايمىچىلارنىڭ

مالّلىرنى دەسسەپ ـ چەيلەپ ، قولىغا چىققاننى ھەر تەرەپكە ئېتىپ ، بىردەمدىلا بازار ئىچىنى جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ . ئاخىرىدا تۆت ـ بەش ئەر كىشى ئۇنى ئاران دېگەندە تۇتۇپ باغلاپ ، ئۆيىگە ئەكېلىپ تاشلاپ بېرىپتۇ .

بۇ ۋەقەدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن تۇغقانلار ئايخاننى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمۇ بولۇشقانىكەن . لېكىن قىز ئەتىسىلا تىنچلىنىپ ، يەنە ياۋاشلاپ قاپتۇ . ئەمدى ئۇنىڭدا بىر بۇلۇڭغا كىرىپ ، ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ ، سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان يېڭى مىجەز پەيدا بولۇپتۇ . ئەنە شۇ كۈنلەردە ئەر تۇغقانلاردىن بىرەيلەن ئايخاننى ساز مەھەللىدىكى سېلىم موزدۇزغا تونۇشتۇرۇپ ، نىكاھلاپ قويغانىكەن .

## 4

سېلىم موزدۇز يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان ، ئۆمرىدە ئۆيلەنمىگەن كىشى ئىدى . ئەسلىدە ئۇ جەنۇبلۇق ئادەم بولۇپ ، ياش ۋاقىتلىرىدا قەشقەردە تۇماقىنى قىرلاپ كىيىپ ، بىر مەزگىل نوچىلىقتا دەۋر سۈرگەن ؛ ئاندىن ئاقسۇغا كېلىپ ، قىمار مەيدانلىرى بىلەن نەشە سورۇنلىرىنى ئاۋات قىلغان ؛ كوچادا بىر مەزگىل تۇرۇپ ، ھەۋەسنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا مېڭىپ باققان ؛ غۇلجىغا چىقىپ ، خاڭلاردا ئۇزاق يىل ئىشلەپ ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ يېزىغا كېلىپ ، ئورۇنلىشىپ قالغانىدى .

ھارۋىكەشلەر شاش ئاتلارنى يۈكنى كۆپ ئارتىپ كۆندۈرىدۇ . سېلىم موزدۇزنىڭ گاڭگۇڭلۇقىمۇ يېشى



چوڭايغانسېرى بېسىلىپ ، جاھاندارچىلىقنىڭ ئېغىر يۈكى ئاخىر ئۇنى ياۋاش بىر ئادەمگە ئايلاندۇرغانىدى . ئۇ چاغلاردا موزدۇزنىڭ دەرۋازىسى (ھازىر ئايخان تۇرۇۋاتقان قورۇ ) يېنىدا كىچىككىنە دۇكىنى بولىدىغان ، ئۇ كۈن بويى شۇ يەردە ئاتا كەسپى ياماقچىلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى . كىچىك بالىلارنىڭ باشماقلىرىنى تىكىپ ، ھەر يەكشەنبە كۈنى بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ ، چاي ـ تۇز قىلىپ چىقاتتى . ئۇستامنىڭ ئىش تىكىۋېتىپ ئانچە ـ مۇنچە مۇھەببەت ناخشىلىرىنى غىڭشىپ قويىدىغىنى ۋە بەزىدە ئاياغ ياماتقىلى كىرگەن خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ۋاتىلدىشىپ كېتىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئىشق ـ مۇھەببەت بابىدا ئۇ تولىمۇ تىنچ ئادەم ئىدى . «سېلىم موزدۇز ئايخاننى خوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئالدى » دېگەندىن كۆرە ، «شۇ ئاجىز قىزغا غەمخورلۇق قىلماقچى بولدى» دېگەن تۈزۈك ئىدى .

ئايخان مەھەللىگە چىققان كۈنى ھېچقانداق داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى بولمىدى . سېلىم موزدۇز قىزنىڭ شەھەردىن بىللە چىققان تۇغقانلىرى بىلەن مەھەللىدىن مۇبارەكلەپ كىرگەن چوڭلارغا ئاددىيغىنە چاي تارتتى . نىكاھ شەھەردە ئوقۇلغانىدى .

بۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردا توي كېچىسى دېرىزە مارىلايدىغان بىر ئادەت بار ئىدى . ئەگەر توي ئىگىسى مارىلاشقا قارشىلىق قىلسا ، قىز ـ يىگىت ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىنى چېقىپ ، ئۆگزىسىنى ئېچىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى . سېلىم موزدۇز ئايخاننى ئاچىققان كۈنى كېچىسى ئەل ياتقاندا ، مەھەللە دوقمۇشىغا يىغىلغان ياش بالىلار قىزىقچىلىق كۆرۈش ئۈچۈن موزدۇزنىڭ پاكار تېمىدىن ئاستا ئاتلاپ كىرىپ ، يېرىمى ئەينەك ،

يېرىمى قەغەز بىلەن چاپلانغان پەنجىرىگە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يېقىنلاشتى . ئۆي ئىچىنى تەكچىدىكى ئونىنچى لامپا خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇستىگە بىر قۇر يېڭى تويلۇق كىيىم كىيگەن ئايخان ئەتراپقا قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى . دېرىزە سىرتىغا ئولاشقانلار پەنجىرىگە چاپلىشىپ ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، خېلى كۈتكەن بولسىمۇ ئۆي ئىچىدىن «كۆڭۈللۈك» بىر مەنزىرىنى كۆرمىدى . سېلىم موزدۇزدا ئۆيلەنگەن «يىگىت»لەرگە خاس ھېچقانداق بىر جۇشقۇنلۇق كۆرۈنمەيتتى . ئۇ بېشىنى تاتىلاپ ، ئۆي ئىچىدە بىر ھازا ئۇياق - بۇياققا ماڭدى - دە ، ئاخىر كونا ساندۇقنىڭ ئۇستىدىكى ئورۇن - كۆرپىلەرنى ئېلىپ ، ئايخاننىڭ يېنىغا چىرايلىق قاتلاپ بىر كىشىلىك ئورۇن سېلىپ قويۇپ ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ ، ئۆزى ئۇچۇن بوز كىگىزنىڭ ئۇستىگىلا بىر ياستۇقنى تاشلاپ ، چاپاننى غېرىبچىسىغا يېپىنىپ ئۇيقۇغا تەگدى . ياش بالىلارنىڭ «نېمە قىزىقچىلىق بولاركىن ؟» دەپ تەلمۈرۈپ بويۇنلىرى قېتىپ كەتكەندى . بولالمىغاندا ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەنگەن بىرى : «بولدى ، بولدى ، يۇرۇڭلار ، مېنىڭ دېرىزەمگە بېرىپ ماراڭلار . موزدۇز ئۇستام قويالمىغان ئويۇننى مەن قويۇپ بېرەي» دەپ ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى .

ئايخان خېلى ۋاقىتلارغىچە سېلىم موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كۆنەلمىدى . ئۇ ھە دېسىلا شەھەرگە قېچىپ كىرىپ كېتەتتى . موزدۇز ئۇنى يەنە نەلەردىندۇر ئىزدەپ تېپىپ چىقاتتى . يېزا ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئايخاننىڭ بارى - يوقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك ئىدى . ئۇ ئايلاپ كۆرۈنمەي قالسىمۇ ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەيتتى . لېكىن ، سېلىم موزدۇز ئۇنى :



ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا خۇدا يەتكۈزگەن ھەمراھىم ، دەپ تونۇيتتى . گويا موزدۇز ياشلىقىدىكى بارلىق گۇناھلىرىنى شۇ ئاجىز بىچارىگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن يۇيماقچى بولغاندەك ، ئۇنىڭغا تاماق ئېتەتتى ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ ، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى .

ئايخان مەھەللە كوچىلىرىدا پەيدا بولۇپ قالغاندا ئىشىك ئالدىلىرىدا ئولتۇرغان خوتۇنلار بىر - بىرىنى نوقۇپ :

— ئەنە سېلىم موزدۇزنىڭ خوتۇنى كېلىۋاتىدۇ .

— ئايخان كېلىۋاتىدۇ ! — دېيىشىپ جانلىنىپ كېتىشەتتى .

بەزىلىرى ئايخاننى چاقىرىپ :

— ھويت ، ئايخان ، بۇياققا كەلگىنە ! سېلىم موزدۇز نېمەڭ بولىدۇ ؟ — دەپ گەپكە سېلىشاتتى .

— بوۋام··· ياق ، دادام···

— ھوي جوھۇت ، ئۇنداق دېمە يامان بولىدۇ . ئېرىم ، دە ! — دەپ چۇرقىرىشاتتى ئاياللار .

— سېلىم موزدۇز سىلەرنىڭ ئېرىڭلار ··· — دەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى ئايخان .

— ياق ، سېنىڭ ئېرىڭ .

— مېنىڭ ئېرىم ؟ !

— ھە ، سېنىڭ .

— مۇشۇك چاشقاننىڭ ئېرىمۇ ؟··· ئىتمۇ يۇزنىي يۇيامدۇ ؟··· — يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە كېتىپ قالاتتى ئايخان .

موزدۇزنىڭ ھويلىسىدا بولسا ئايخان قەيەردىندۇر پەيدا

بولۇپ قالغان قارا كۈچۈك بىلەن مەلىكە بولاتتى ، ئۇنى كۆتۈرەتتى ، چايناپ نان يېگۈزەتتى ، ئەركىلىتىپ پاراڭلىشاتتى . بۇ ئىشتىن زېرىككەندە ، موزدۇزنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ، ئەتراپتا چېچىلىپ ياتقان پۇرۇچلارنى ئېتىكىگە يىغىپ ، تالاغا ئاچىقىپ تۆكەتتى ؛ يەنە بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنى ئېتىكىگە ئېلىپ دۇكانغا ئەكىرەتتى . بەزىدە ئۇ ئېگىكىنى تۇتقىنىچە ، ئۇستامنىڭ بىر تۆشۈكتىن ئىككى يىڭنىنى شۇنچە تېز ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىغا ئەقلى يەتمەي ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ قالاتتى . موزدۇز ئۇنىڭغا چۈشەنسىدۇ ـ چۈشەنمىسىدۇ ، بېشىدىن ئۆتكەن قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى ياكى يۇرتىنىڭ كونا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى… شۇنداق قىلىپ ، ئايخان بارا ـ بارا سېلىم موزدۇزغا ئۆگىنىپ قالدى .

ئەگەر ئامەت بىر كىشىدىن يۈز ئۆرۈسە ، ئاپەتنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن زادىلا نېرى كەتمىسە كېرەك… يېزىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر چوڭ باغ بولىدىغان ، ئۆز ۋاقتىدا بۇ بىر شاڭيۇنىڭ جاڭزىسى ئىدى . ئەتراپتىكى يەرلەر مەيدانلىشىپ كەتكەچكە ، بۇ باغ ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ قالغانىدى . ئۇزاق يىل تاشلىنىپ قالغاچقىمۇ ، باغ ئىچى ھەر خىل ياۋا دەل ـ دەرەخلەر ئۈنۈپ ، جاڭگاللىشىپ كەتكەنىدى . سوقما تاملارنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان بەزى تېرەكلەرگە ھازىر قۇچاق يەتمەيتتى . بىر يىلى ئەترەت بۇ يەردىكى دەرەخلەرنى قومۇرۇپ ، باغ ئورنىنى تېرىلغۇ مەيدانىغا قوشۇۋېتىشنى پىلانلىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ھېلىقى يوغان تېرەكلەرنى يىقىتىش باشلىنىپ كەتتى .

سېلىم موزدۇز ئىچى پۇشسىلا تېرەك كەسكەن يەرگە



بېرىۋالاتتى . ئۇ ياغاچ ئۆرۈۋاتقانلارغا ئەقىل كۆرسىتىپ ، ئارغامچىنى ئۇياققا تارت ، بۇياققا تارت ، دېيىشىپ بېرىپ ، كەچلىكى بىرەر يۇدۇم ئوتۇن ياكى بىر ـ ئىككى تال چەنزىلىك ياغاچ كۆتۈرۈپ كېلەتتى . بىر كۈنى ، ئادەملەر سېلىم موزدۇزنى قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن ھالدا كۆتۈرۈپ كېلىشتى . ئېگىزدىن چۈشكەن بىر تال ياغاچ موزدۇزنى قاپ بەلدىن بېسىپ ، شۇ يەردىلا جېنىنى ئالغانىدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئايخان بۇ غەمخورچىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى . ئۇ تاۋۇت كۆتۈرگەن جامائەتكە ئەگىشىپ يېزىنىڭ چېتىگە چىقىپ ، يول بويىدىكى سۆگەتكە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى . ئادەملەرنىڭ ئاياغلىرىغا پۇتلىشىپ كېتىپ بارغان قارا كۈچۈكمۇ توختاپ ، ئايخانغا قاراپ غىڭشىپ ، قاۋاپ ـ قاۋاپ قويىدى ـ دە ، ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى . ئايخان شۇ يەردە جامائەت تۇپراق بېشىدىن يانغۇچە كۈتۈپ تۇردى . ھەممە ئادەم قايتىپ كەلدى ، لېكىن سېلىم موزدۇز قايتىپ كەلمىدى…

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايخان كۆزلىرى قانغا تولغان ھالدا مەھەللە كوچىسىدا پەيدا بولدى . ئۇ : «سېلىم قېنى ؟… سېلىم موزدۇز !… »دەپ ۋارقىرىغىنىچە ، دەرۋازىسى ئوچۇق قالغان ھويلىلارغا ئېتىلىپ كىرىپ ، ئۆي ، ئېغىل ، ئامبارلارنى ئاختۇرۇپ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى . «سېلىمنى نەگە تىقىپ قويۇشتۇڭ ؟ !… نېمىشقا ئۇ چۈشكەن ھارۋىنىڭ چاقى يوق ؟… » دەپ ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئاياللارغا ئېسىلىپ ، چېچىنى يۇلاتتى . قارا كۈچۈك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي يۈگۈرەتتى . ئىتلار ئەنسىز ھاۋشىپ ، توخۇلار قاقاقلىغىنىچە ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ ، قورقۇپ كەتكەن باللار ، خوتۇنلار قىيا ـ چىيا

قىلىشىپ ، مەھەللە ئىچى بىردەمدىلا پاتىپاراقلىشىپ كەتتى . شۇ چاغدا ، كىمدۇر بىرى ئەقلىگە كېلىپ : «ئايخان ، مانا ، موزدۇز ئۇستام بۇ يەردە تۇرىدۇ» دەپ ئايخاننى ئەترەتنىڭ ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبىرىغا ئالداپ ئەكىرىپ ، تېشىدىن قۇلۇپلىۋالدى . كەچكە يېقىن ، كىشىلەر ئامبارنى ئېچىپ ، ئاستا باشلىرىنى تىقىپ قاراشقاندا ، ئايخان پۈتۈنلەي تىنچلىنىپ ، بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى .

ئايخان ئەمدى ئىتى بىلەن توختىماي سۆزلىشىدىغان بولدى . «ھەي سىلىم ، نان قېنى؟... ئاش قېنى؟... بۇ كۆڭلەكنى كىم يۇيىدۇ؟... » يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ . بىچارە كۈچۈك بولسا ھېچنېمە چۈشەنمەي ، بېشىنى سىلكىپ قويۇپ قاۋاپ كېتەتتى . ئايخان ئۆيگە يات كىشىلەرنى يولاتمايتتى . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ، موزدۇزنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى دۇكىنى قىيسىيىپ ، ھويلىلارنى لويلا كوكات بېسىپ ، بۇ يەر سۈرلۈك بىر ماكانغا ئايلىنىپ قالدى .

## 5

دۇنياغا تۆرەلگەنىكەنسەن ، ئوڭ بولساڭمۇ ، ساراڭ بولساڭمۇ جاھاندارچىلىقنىڭ يەلكەڭگە چۈشكەن ئارغامچىسىنى تارتىشقا مەجبۇرسەن ؛ ھاياتلا ئىكەنسەن ، تۇرمۇشۇڭدا يېڭى - يېڭى كەچۈرمىشلەر سادىر بولۇۋېرىدۇ... ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئۆتتىمىكىن ، ئەيتاۋۇر ، قارا كۈچۈك تۈكلىرى پاخپايغان يوغان ئىت بولۇپ قالغان چاغ ئىدى . ئايخاننىڭ ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىگە يەنە يېڭى بىر ۋەقە كېلىپ قوشۇلدى .



بۇ يېزىدا قاۋۇل دەيدىغان بىر يىگىت بولۇپ ، ئۇ يېزىنىڭ قېرى تۆمۈرچىسى بىلەن تۆمۈرچىخانىدا ئىشلەيتتى ، ئىسمى جىسمىغا لايىق قاۋۇل بازغانچى ئىدى . تۆمۈرچى ئۇستام ئات تاقىلاتقىلى ، كەتمەن - پەتمەن ئايلاتقىلى كەلگەن دېھقانلار بىلەن ئىختىيارسىز چاقچاقلىشىپ كېتىدىغان پاراڭچى ئادەم ئىدى . قاۋۇلنىڭ بولسا مىجەزى غەلىتىرەك ئىدى : ئادەملەر بىلەن ئوڭايلىقچە چىقىشىپ كېتەلمەيتتى ، ئۇشۇق - تۆشۈك گەپمۇ قىلمايتتى ، چىرايىمۇ شۇنىڭغا لايىق سۈرۈنرەك ئىدى . گويا پۈتۈن ئاچچىقىنى سەندەل ئۈستىدە چوغلىنىپ تۇرغان ئاشۇ قىزىق تۆمۈردىن چىقارماقچى بولغاندەك ، كۈچ بىلەن بازغان ئۇراتتى . شەھەردىكى مەكتەپلەردە بىر زامان ئوقۇغان بولغاچقىمىكىن ، يېزىنىڭ ئەترەت باشلىقى ، بوغالتىر دېگەندەك ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئۇنچىۋالا كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى .

يېزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى سازلىق بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ «ساز مەھەللە» ئاتىلىپ قېلىشىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى . ئېتىزلار ئارىلاپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ھارۋا يوللىرى بارغانسېرى تارىيىپ ، سازلىققا يېقىنلاشقاندا ، قېلىن چىغىر تاماقلىقلار ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ ، گاھ كۆرۈنمەي قالىدىغان ئاياغ يوللارغا ئايلىنىپ كېتەتتى . بۇ يەردە سازنىڭ قارا سۈيىدىن ھاسىل بولغان چوڭ بىر كۆلمۇ بار ئىدى . كۆل ئىچىدە ياپېشىل سۇئۆتلىرى ، كۆل بويىدا بولسا قومۇش ، يېكەنلەر ئۆسۈپ كېتەتتى . كۈزگە يېقىن چۆپ چاپقىلى كېلىپ قالىدىغان دېھقانلار ياكى ياۋا ئۆردەك ئاتقىلى كېلىدىغان بىرەر ئوۋچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئادەتتە كۆل بويى ئادەمدىن خالىي بولاتتى . پەقەت كۈن ئىسسىپ كەتكەن مەزگىللەردە قاۋۇل تۆمۈرچىخانىنىڭ تىنچىقىدىن قېچىپ ، بۇ يەرگە چۆمۈلگىلى

كېلىپ قالاتتى .

بىر كۈنى ، قاۋۇل چۆمۈلۈپ چىقىپ ، كۆل بويىدىكى قېرى قارىياغاچ تۈۋىدە سالقىنلاپ ياتاتتى ، بىر چاغدا ئۇنىڭغا سۇنىڭ شالاقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قاۋۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ ، سۇ ئىچىدە ئانىدىن تۇغما ھالەتتە تۇرغان ئايخاننى كۆرۈپ ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى . كۆل چېتىدىكى سۇ ئۇنىڭ چوڭ يوتىسىغىچە چىققانىدى . ئايخان ناھايىتىمۇ ھۇزۇرلىنىپ يۇيۇنۇۋاتاتتى . كۆل بويىدا بىر باغلام قۇرۇق ئوتۇن ياتاتتى . ئوتۇننىڭ ئارقىسىدىكى ئېگىز ئۆسكەن كوكاتلار ئىچىدىن يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز توپتوغرا قاۋۇلغا قادىلىپ تۇراتتى . قاۋۇل ئىتتىك بېشىنى تۆۋەن قىلدى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يەنە بىر قاراپ باققۇسى كەلدى .

ئىككىنچى قېتىم بېشىنى كۆتۈرگەندە قاۋۇل بايىقى بىر جۈپ كۆزنىڭ كوكاتلىقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىتنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى بايقىدى . قارا ئىت قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ ، ئىگىسىنى قوغدىغاندەك ، قاۋۇلنىڭ ھەرىكىتىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى . ئايخان ھەدەپ شالاقلىتىپ ، سۇنى ئۈستىگە چاچاتتى . سۇ تامچىلىرى بولسا قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سانسىز كىچىك ھەسەن - ھۈسەنلەرنى پەيدا قىلاتتى . قاۋۇل بۇ ئايالنىڭ قامىتىدىن ئادەتتىكى چاغلاردا جۇل - جۇل كىيىم ، چۇۋۇق چاچلار ئارىسىدا كۆزگە چېلىقماي قالىدىغان گۈزەللىكىنى كۆردى . ئۇنىڭ كۆكرەكلىرى چىڭ ، بەدەنلىرى ئاپئاق ، ساغرىلىرى ناھايىتىمۇ چىرايلىق ئىدى...

ئايخان چۆمۈلۈپ بولۇپ ، يىرتىق كۆڭلىكىنى كىيىپ يەنە قىرغاقتا پەيدا بولدى . قاۋۇلدا ئۇنى چاقىرىپ گەپكە تۇتۇش



ئىستىكى تۇغۇلدى .

— ئايخان ، ھەي ئايخان !

ئوتۇننى مۈرىسىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغان ئايخان قاۋۇل تەرەپكە چۆچۈپ قارىدى - دە ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تۇرۇپ قالدى .

— ئايخان ، مانا ئوتۇن !

قاۋۇل قارىياغاچنىڭ قۇرۇپ قالغان چوڭ بىر شېخىنى كۈچ بىلەن تارتىپ سۇندۇرۇۋېلىپ پۇلاڭلاتتى . ئايخان ئۇنىڭ ئوتۇننى راستتىنلا بېرىۋېتىدىغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي ، ئاستا يېقىنلاپ كەلدى . ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىدىن تېخىچە سۇ تامچىپ تۇراتتى . كۈن نۇرىدا قارايغان بىلەك ۋە پاچاقلىرى يېقىملىق تاۋلىناتتى . قاۋۇل قۇرۇق شاخنى ئوشتۇپ پارچىلاپ ، ئايخاننىڭ مۈرىسىدىكى ئوتۇنغا قوشۇپ باغلاپ بەردى ، ئاندىن ئۇنى قولىدىن تارتىپ ، كىمدۇر بىرى ئورۇپ تاشلاپ قويغان پىچان ئۈستىگە ئاستا ئولتۇرغۇزدى .

قاۋۇلغا بىرىنچى بولۇپ قارشىلىق قىلغان ئايخان ئەمەس ، ئۇنىڭ ئىتى بولدى . قاۋۇل ئايالغا قول سۇنۇشى بىلەنلا ئىت خىرىس قىلىپ ھۈرپەيدى . ئايخان بولسا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . قاۋۇل خالتىسىدىن بىر پارچە قاتتىق ناننى ئېلىپ ئىتقا چۆرۈپ بەردى . ئىت ئايخاننىڭ خاتىرجەم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ، غىڭشىپ - غىڭشىپ قويۇپ ، ناننى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ غاجىلىغىلى تۇردى... قاۋۇل ئايخاننىڭ نەم چاچلىرىنى ئېھتىيات بىلەن سىلىدى . ئايخان بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ تۆمۈرچىگە ھەيران بولۇپ قارىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا دوستانە قول سۇنغان بىر ئىنساننىڭ ئىللىق مېھرى تارقىلىۋاتقاندەك ،

قەلبىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر بىر يېرىدىكى ئۇنتۇلغان سېزىملەر ئويغىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى چالا قۇرۇغان پىچاندىن كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق كېلەتتى . قارىياغاچ ئۈستىگە بىر توپ قۇشقاچلار قونۇپ كۆڭۈللۈك چۇرۇقلاشتى ـ دە ، يەنە «گۇررىدە» ئۇچۇپ كېتىشتى .

## 6

«ئايخان بىلەن قاۋۇل كۆل بويىدا قۇچاقلىشىپ ياتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى مەھەللىگە بالىلار يەتكۈزۈپ كەلدى . ئۇششاق بالىلارنىڭ بۇ ئىشنى نەدە تۇرۇپ ، قانداق كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى . كىچىك بالا دېگەننىڭغۇ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ . راست ـ يالغىنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بۇ خەۋەر مەھەللىدە زور قىزىقىش پەيدا قىلدى .

كۈن قايرىلغاندا ، كىشىلەر مەھەللىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئايخاننى كۆردى . ئۇ يوغان بىر قۇچاق ئوتۇننى يۈدۈپ ، ھارغىنلىق بىلەن قەدەم ئالاتتى ، كۆزلىرى بولسا نامەلۇم بىر خۇشاللىقتىن نۇرلانغانىدى . خوتۇنلار ئۇنى چاقىرىپ گەپ سوراشقا ئالدىراشتى .

— ئايخان ، ھويت ئايخان ! بۇياققا كېلىپ بىردەم دېمىڭنى ئېلىۋال .

— نەدىن كېلىۋاتىسەن ؟

— ئوتۇن تەردىم .

— قاۋۇلنى كۆردۈڭمۇ ؟

— قاۋۇل ؟



— ھە ، ئاۋۇ دۇكاندىكى تۆمۈرچىنىچۇ ؟

— تۆمۈرچىنىما ؟… كۆردۇم .

— ئۇ سېنى نېمە قىلدى ؟

— مېنى ؟… مېنى تۇتۇۋېلىپ…

— ھە ، تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلدى ؟

— تۇتۇۋېلىپ سۆيۈپ…

— ۋاي شەرمەندە ! يەنچۇ ؟

— يەنە…

خوتۇنلار خۇددى مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى بىلىۋېلىشقاندەك خۇشال بولۇپ كېتىشتى . بەزىلىرى تېخىمۇ تېتىقسىزلىشىپ ، بۇ ئىشنى ئىنچىكە يەرلىرىگىچە سوراپ ، كوچىلاشتۇرغىلى تۇردى .

— ۋاي داپشاقلار ، ئىت ـ مۇشۇكلەر…

ئايخان ئاخىرىدا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېدى ـ دە ، كېتىپ قالدى .

شۇ كۈندىن باشلاپ ، ئاياللار بولمىغاندا ئەرلەر ، چوڭلار بولمىغاندا كىچىكلەر ئايخاننى چاقىرىۋېلىپ گەپكە سالىدىغان بولدى .

— ئايخان ، ھە ، تۆمۈرچى سېنى نېمە قىلدى ؟

— مېنى سۆيۈپ…

— كۆلنىڭ بويىدىما ؟

— قارىياغاچنىڭ ئاستىدا .

— كىم كۆردى ؟

— قۇشقاچلار .

— ھە ، سېنى سۆيدى . يەنچۇ ؟

— يەنە...

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. بۇ سۆز - چۆچەك باشقا بىرەرى ئۈستىدە تارقالغان بولسا قانداق بولاتتىكىن، ئەمما، قاۋۇلغا ھېچكىم يۈزتۇرا بىر نېمە دېيەلمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەنىلىك قاراپ كۈلۈپ قويۇشاتتى. قاۋۇل بۇنى سەزمەمدۇ ياكى سەزسىمۇ ئەتەي بىلمىگەنگە سالامدۇ، كىشىلەر يېنىدىن ھېچكىمگە كۆزىنى سالماي، گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى.

ئايخاننىڭ چاچلىرى ئەمدى چىرايلىق تارىلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ كۆڭلى تارتقان ئۆيلەرگە كىرىپ يىپ - يىڭنە، تارغاق، سوپۇن دېگەندەك لازىملىقلارنى سورايتتى، كوچىغا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقاتتى. قاۋۇلنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يىتكۈچە ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. بەزىدە ئۇ تۆمۈرچىخانىغا يىراقتىن نەزەر سالاتتى. ئۇ يەردە قاۋۇلنىڭ كۈچلۈك بەستى غىل - پال كۆرۈنەتتى. سەندەلدىن ئەتراپقا قىپقىزىل ئۇچقۇنلار چاچرايتتى. ئايخان ئىختىيارسىز كۈلۈپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. گويا ئۇنىڭ قەلبىدە رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىۋاتقاندەك، بەختسىزلىكنىڭ قارا بۇلۇتى قاپلىغان كۆڭۈل ئاسمىنىدا يېڭى بىر يورۇقلۇق كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

كېچىدە سۇ تۇتقىلى چىققانلار قاۋۇلنىڭ بەزىدە تۈن يېرىمىدا ئايخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە ئۆتۈپ، سەھەرگە يېقىن قايتىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىشاتتى. خوتۇنلار:

— سەپسالدىڭلارمۇ؟ ئايخاننىڭ ھېلىقى يامان ئىتى قاۋۇلنى كۆرسە زادى قاۋىمايدىكەن.



— توۋا، قاۋۇل تۇپتۇزۇكلا يىگىت تۇرۇپ، ئاشۇ ئايخان بىلەن - ھە!...

— كۆڭۈل دېگەن شۇ.

— ئايخاننىڭمۇ نەرى كەم؟ چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، ياساپ قويىدىغان بولساڭ شەھەرنىڭ خېنىملىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، — دېيىشەتتى.

لېكىن، ئايخاننى ياساپ - تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنچىقماس بازغانچىغا ئۇ ئاشۇ يىرتىق كۆڭلەك، يېرىلغان ئاياغ، كونىدە كۆيگەن چىرايى بىلەن قىممەتلىكتەك ئىدى...

ئەگەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانمىغان بولسا بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى قانداق تاماملىناتتىكىنتاڭ، «ئىنقىلاب» كىشىلەر قىياس قىلمىغان پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 7

ساز مەھەللە شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغاچقىمىكىن، «ئىنقىلاب» باشلىنىشى بىلەنلا شەھەردە چېلىنىغان داقا - دۇمباق، جاڭ - جۇڭلارنىڭ ساداسى ئاخشىمى - ئەتىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بىرەر يىلدىن كېيىن، بۇ ۋاڭ - چۇڭلار ئوق ئاۋازى بىلەن ئالماشتى. بولۇپمۇ كېچىدە بۇ ئوق ئاۋازلىرى يېزىغا ئېنىق ئاڭلىناتتى. شەھەرگە كىرگەن دېھقانلار: پالانى يەردىكى ئېگىز بىنا كۆيۈپ كۆل بولۇپ كېتىپتۇدەك، كېچىدىكى ئېتىشىشتا مانچە ئادەم ئۆلۈپتۇدەك... دېگەندەك ئەندىشىلىك خەۋەرلەرنى ئاچىقاتتى. شۇ كۈنلەردە

دېھقانلار شەھەرگىمۇ ئاز كىرەتتى . قوناقلىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يول بىلەن شەھەرگە دائىم كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىغان بىردىنبىر يۈرەكلىك ئادەم قاۋۇل ئىدى . ئۇنىڭ ئۇ يەردە نېمىلەرگە قىزىقىپ ، نېمە خىياللاردا يۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

ئايخاننىڭ قەلبىدىمۇ ئۆزگىچە بىر ئىنقىلاب بولۇۋاتاتتى . ئۇ ھەر كۈنى چېچىنى تاراپ ، چېكىسىگە گۈللەرنى قىساتتى ، كىمنىڭ ھويلىسىدىكى ئېچىلىپ تۇرغان گۈل كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنسە ، يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇپ چىقىپ ، ئۆز ھويلىسىغا تىكىپ قوياتتى . بۇ گۈللەر سۇ كۆرمەي قۇرۇپ كەتسىمۇ ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا يەنە ئېچىلىۋېرەتتى . بەزىدە ئۇ كىگىز - كېچەكلىرىنى قېقىپ ، ھويلا - ئاراملىرىنى چالا - پاساق بولسىمۇ ئاقارتىپ ، يۇيۇپ - تارىنىپ ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئېگىلىپ سالام قىلىپ ، ئوڭلۇقلا بولۇپ قالاتتى . يېزىلىقلارنىڭ ئۇنىڭ قىلىقىغا كۈلگۈسى كېلەتتى .

بىر كۈنى ، چوڭ ئەترەت قورۇسىدىكى شەھەرلىكلەرنى دوراپ ئېچىلغان چوڭ يىغىندا «ياشىسۇن ، يوقالسۇن» دېگەن شوئارلارنى ھارغىچە توۋلاپ قايتقان دېھقانلاردىن بىرنەچچىسى ئايخاننىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ :

— ھوي ، ئايخان ! جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ، بىلەمسەن ؟ — دەپ ئۇنى گەپكە سالدى .

— كۈن چىقىدۇ ، كۈن ئولتۇرسا ئاي چىقىدۇ...

— «تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن» دېمەمسەن ؟

— ياشىسۇن ؟ !... كىم ياشايدۇ ؟ — ھەيران بولدى ئايخان ، — ئاسماننىڭ ئاستى ، يەرنىڭ ئۈستى... ئۇلارلا



ياشىمىسۇن ، ھەممىمىز تەڭ ياشايلى . تۆمۈرچىمۇ ياشىسۇن ، موزدۇزنى كىم كۆمۈۋەتتى ؟... ئىت - مۈشۈك ، قۇشقاچلار ياشىمامدىكەن ؟...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېلىقى دېھقانلار قورقىنىدىن ئېغىزلىرىنى تۇتقىنىچە كېتىپ قالدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ھېچكىم ئايخاندىن ئىنقىلاب توغرىسىدا گەپ سورىمايدىغان بولدى .

بىر قېتىم ناھايىتىمۇ ئەنسىز كېچە بولدى . ئوق ئاۋازى يېقىنلا بىر يەردە تاراسلاپ ، مەھەللىنىڭ ئىتلىرى تاڭ ئاتقۇچە قاۋاپ چىقتى . سەھەردە ئېتىزغا سۇ ئاچقىلى چىققان بىر دېھقان مەھەللە ئىچىگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى - دە ، ئەترەت باشلىقىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى . ئەترەت باشلىقى تولىمۇ ئېغىر ئادەم ئىدى . ئۇ ھويلىغا چىقىپ بىر كېرىلىۋېلىپ ، ئالدىرىماي كېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى .

— ھە ، نېمە گەپ ؟

ھېلىقى دېھقان ھودۇققىنىچە سۆزلەپ كەتتى :

— قو - قو - قوناقلىق بىلەن كېلىۋاتاتتىم . ئا - ئا- ئالدىمدىلا بىر ئادەمنى كۆرۈپ چۆ - چۆ - چۆچۈپ كەتتىم .

— قايسى قوناقلىقتا ؟

— شە - شە - شەھەر تەرەپتىكى...

— ھە ، كىمكەن ؟ مەستتىن بىرى يىقىلىپ قاپتۇما ؟

— سە - سە - سەپسالسام قاۋۇل ئىكەن . ياتقان يېرى قان ، كېچە شەھەردىن قوغلاپ چىققانلار ئېتىپ تاشلىغاندەك قىلىدۇ...

— تىرىكمۇ ، ئۆلۈك ؟ !

— بىلمىدىم، كۆزى چەكچىيىپ قاپتۇ. قو - قو - قورقىنىمدىن بۇياققا يۈگۈردۈم...

— نېمە دەيدىغانسەن؟ يۈرە، بېرىپ كۆرۈپ باقايلى.

ئەترەت باشلىقى بىلەن ھېلىقى دېھقان يېتىپ كەلگەندە، قاۋۇلنىڭ بېشىدا ئايخاننىڭ قارا ئىتى پەيدا بولغانىدى. ئىت خىرىس قىلىپ ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى، ئارقىدىنلا قوناق شاخلىرىنى شالدىرلىتىپ ئايخان ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى - دە، دەھشەتلىك چىرقىراش بىلەن قاۋۇلنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى، ئاندىن ئۇنى يۆدۈپ ئېلىپ ماڭدى.

— توختا!... ئايخان، قاۋۇلنى نەگە ئاپىرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەترەت باشلىقى.

لېكىن ئايخان ئارقىسىغىمۇ قاراپ قويمىدى. قاۋۇلنىڭ سۆرىلىپ قالغان پۇتى يەرنى سىجاپ ئىز قالدۇراتتى. ئايخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ قوناقلىقنى يېرىپ چىقىپ، ئېتىز ئىچى بىلەن توپتوغرا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

ئەترەت باشلىقى يېزىدىكىلەرگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، ئايخاننىڭ دەرۋازىسى يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئايخان قاۋۇلنى ئۆي ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ھەدەپ ئەتراپتىن تاش يىغىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا دۆۋىلىگىلى تۇرغانىدى. ھېچكىم ھويلىغا بېسىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. قىيسىق دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىرەرىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئايخان تاش ياغدۇراتتى. كۈز ئايلىرى كىرىپ قالغان بولسىمۇ، كۈن تېخى ئىسسىق بولغاچقا، مېيىت ۋاقتىدا دەپنە قىلىنمىسا سېسىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى؛ ئەگەر قاۋۇل ھايات بولسا، ئۇنى ۋاقتىدا



داۋالىتىش لازىم بولاتتى. كوچىغا يىغىلغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، جامائەت تەقەززالىنىشقا باشلىدى. ئايخاننىڭ دۆۋىلىگىلى تۇرغان تاش - كېسەكلىرىمۇ بارغانسېرى ئېگىزلىدى. دادىسى بىلەن سېلىم موزدۇزنى ئاپىرىپ كۆمۈۋەتكەن بۇ رەھىمسىز ئادەملەرگە ئەمدى ئۇنىڭ قاۋۇلنى زادىلا بەرگۈسى يوق ئىدى...

كىشىلەر نېمە قىلىش توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئەترەت باشلىقى: «ھوي كۆپچىلىك! ئايخان قاۋۇلنى بۈگۈن بىزگە بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ، مەيلى، ئەتىگىچە كۈتەيلى، بۇ خوتۇننىڭ پەيلى يېنىپ قالار. قانۇن ئورنىغا ئادەم كەتتى. تېخى قاۋۇلنى كىم ئاتقانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن ئاتقانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئىشمۇ بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، توپلانغان جامائەت بىر - بىرلەپ تارقىلىپ كېتىشتى.

ئەل ياتقاندا، شەھەر تەرەپتىن توپا توزۇتۇپ چىقىپ كەلگەن بىر ماشىنا ئايخاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، دۈپۈرلىشىپ چۈشكەن قوراللىق ئادەملەر ھويلىنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ قاۋۇلنى قوغلاپ چىققانلىقى ياكى جىنايەت ئىزىنى يوقاتماقچى بولۇشقانلىقى نامەلۇم ئىدى. لېكىن، ئۇلارمۇ ھويلىغا دەرھال بېسىپ كىرەلمىدى. قارا ئىتنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ مەھەللىنىڭ جىمى ئىتلىرى ھاۋشىپ كەتتى. ئايخان دەرۋازىنى ياغاچلار بىلەن مەھكەم تىرەپ ئېتىۋەتكەنىدى. پاكار تاملارنىڭ قەيىرىدە بىرەر شەپە بىلىنسە، ئايخاننىڭ غەزەپ بىلەن ئاتقان تاشلىرى شۇ يەرگە بېرىپ چۈشەتتى. ئىشنى تېز پۈتتۈرۈپ قايتىشقا ئالدىراۋاتقان قوراللىقلار ئاخىر ئۆينى قاتتىق ئوققا تۇتتى. ئاندىن دۈپۈرلەپ

تامدىن ئاتلاپ چۈشۈشتى. قارا ئىت ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كوكاتلىقتا بىرنەچچە يېرىگە ئوق يەپ يىقىلغان بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئىگىسىگە سادىق ئۆتكەن بۇ جانىۋارنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرى يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن بىپايان ئاسمانغا تىكىلگەنىدى. قوراللىقلار ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ قاۋۇل بىلەن ئايخاننى تاپالمىدى. گويا ئۇلار قانات ياساپ ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك غايىب بولغانىدى.

بۇ سىرلىق ۋەقە ئۇزاق يىللارغىچە دېھقانلار قىزىقىپ سۆزلەيدىغان تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. كۆپىنچە كىشىلەر: «ھېلىقى قوراللىق نېمىلەرنىڭ ئايخان بىلەن قاۋۇلنى تاپالمىدۇق، دېگىنى يالغان. ھەر ئىككىلىسىنى ئەكېتىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى» دەپ مۇلاھىزە قىلىشاتتى. يېقىندىن بېرى، ئىچى پۇشقان ئاياللار بۇ ۋەقەگە رىۋايەت تۈسى بېرىپ، «قاۋۇل بىلەن ئايخان ھاياتكەن. ئۇلار ھەر كۈنى كەچلىكى سازلىقتىكى كۆل بويىدا ئۇچرىشىپ، تاڭ يورۇشقا يېقىن غايىب بولۇپ كېتىشىدىكەن» دەپ ھېكايە قىلىشىدىغان بولدى...

1989 - يىل، غۇلجا



# كۈز يامغۇرى

تامچىلايدۇ تاش ئۈستىگە كۈز يامغۇرى،
يامغۇر ئەمەس، كۆزدىن ئاققان ھەسرەت يېشى...

## 1

نادىرنىڭ ئەختەمدىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنى يوق. لېكىن، ئۇ قانداق ئىنتىقام ئېلىش كېرەكلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. «بىر كۈنى ئۇنىڭ ئېتىز بېشىدا ئەختەم بىلەن ئېرىق چاپقانلىقى ئېسىدىن چىقمايدۇ»: شۇ چاغدا ئەختەم نادىرنىڭ ئالدىدا ئېڭىشىپ ئېرىق ئىچىدىكى توپىنى ئېلىۋاتاتتى، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، تىنچىق ئىسسىقتىن قېچىپ، قۇشلارمۇ يوپۇرماقلار ئارىسىدا مۈگدەشمەكتە ئىدى. نادىر كەتمەنىنىڭ چۈلدىسى بىلەن ئالدىدىكى رەقىبىنىڭ كاللىسىغا بىرنى سالسىلا ئىش تامام بولاتتى. مۇنداق ئاشكارا قاتىللىققا ئۇنىڭ قولى بارمىدى. يەنە بىر قېتىم، ساڭغا بۇغداي ئەكىرگەندە ئۆزىنىڭ ئەختەمنى ئېتى ئۈركۈپ ئېلىپ قاچقان ھارۋىنىڭ ئاستىدىن تارتىۋالغىنىمۇ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ، نادىر ھاڭۋېقىپ باشقا بىر تەرەپكە قاراپ تۇرغان ئەختەمنى قۇچاقلاپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېلىۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈرگەنىدى. ئىككى ئات قېتىلغان ئېغىر دېھقان ھارۋىسى يەرلەرنى تىترىتىپ، گۈلدۈرلەپ ئۇلارنىڭ

يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەندە ، نادىر ئۆزى قۇچاقلاپ تۇرغان بۇ رەقىبىنى نېمە ئۈچۈن ئەجەل ئېغىزىدىن تارتىۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەي قالدى…

راستىنى ئېيتقاندا ، نادىر ئۆز رەقىبىنىڭ ئۇنداق ئوڭاي ئۆلۈپ كېتىشىنى خالىمايتتى . ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا ، ئەختەم هايات يۈرۈشى ، هايات يۈرۈپ ئازابلىنىشى كېرەك ئىدى . مانا شۇ ئادەمنىڭ سەۋەبىدىن نادىر ياخشى كۆرگەن قىزىدىن ئايرىلىپ ، بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قالغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ئىككى ئۆيلەنگەن بولسىمۇ ، ئۇ تۇنجى ئايالىنى ئۇنتۇيالمىدى .

بەزى چاغلاردا نادىر ئېتىز بېشىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدا سايداپ يېتىپ ، ئىختىيارسىز خىيالغا كېتىپ قالاتتى . مانا ، بىر چاغلاردا مۇنۇ سالا ئېتىزلارنىڭ ئورنى ئېگىز - پەس چىغلىق بولۇپ ، چىغلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان ، دېهقان هارۋىلىرىنىڭ چاقى كاتاڭلاشتۇرۇۋەتكەن ئەگرى - بۈگرى ئېتىز يولى بولىدىغان . شۇ يول بىلەن تۆۋەنلەپ ماڭسىڭىز ئېگىز يار ئۈستىگە چىقىپ قالىسىز . تۆۋەن تەرەپ كەڭرى كەتكەن ساي بولۇپ ، يار تۈۋىدىن ئېقىپ چىققان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرىدىن هاسىل بولغان بىر ئۆستەڭ قاراسۇ سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېيىلىپ ئاقاتتى . باهار كېلىشى بىلەنلا ساي ئىچى ياپپېشىللىققا پۈركىنىپ ، ئۇ يەر - بۇ يەردە مايچېچەك ، مامكاپ ۋە چىغىرتماقگۈللىرى ئېچىلىپ كېتەتتى . سايلىقنى ئېرىق بويلىرىدىكى يۇمران يالپۇزلارنىڭ خۇش پۇرىقى قاپلايتتى . نادىر كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا ئەترەتنىڭ ئاتلىرىنى شۇ يەردە سۇغىرىپ ، ئوتلىتاتتى . سايىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە يار ئۈستىنى



بويلاپ سوزۇلۇپ ياتقان مەهەللىنىڭ تېرەكلىرى كۆرۈنەتتى . يار ئۈستىدىن يانبېغىرلاپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ئاياغ يوللاردىن چېلەكلىرىنى داراڭشىتىپ مەهەللە قىزلىرى بۇلاق بېشىغا سۇغا چۈشۈشەتتى . مۇنداق چاغلاردا نادىرنىڭ كۆزى زىلۋا كەلگەن ، كۈلگۈنچەك بىر قىزنى ئىزدەيتتى ۋە ئۇنى باشقا قىزلاردىن ئوڭايلا ئاجرىتىۋالالايتتى . سايدىن ئۇرغان شامال قىزنىڭ ئۇششاق گۈللۈك كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۈندە قارايغان پاچاقلىرىغا ئۇراتتى ، بېشىغا چىگكەن نېپىز ياغلىقى بويىنىغا سىيرىلىپ چۈشۈپ لەپىلدەيتتى ، يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرى هەر تەرەپكە توزۇيتتى . نادىر يىراقتىن تۇرۇپمۇ قىزنىڭ يېرىم ئېچىلغان غۇنچىدەك لەۋلىرى ۋە نازۇك بويىنىدىكى مەيىن تۈكلەرنى ئېنىق كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى . كەچكى شەپەق نۇرىدا قىز گويا يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان يالقۇنغا ئوخشىشىپ قالاتتى…

مۇنداق چوڭقۇر خىيالغا كەتكەن چاغلىرىدا نادىرغا كۆپكۆك ئاسماندا يېنىك لەيلەپ تۇرغان ئاق بۇلۇتلارمۇ ، كوكاتلار ئارىسىدا سەكرىشىپ يۈرگەن چېكەتكە ، بىلىكىگە ئۆملەپ چىقىۋاتقان سېرىق چۈمۈلە ، هەتتا ئۆزىنىڭ يۈرىكىمۇ هەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك بىلىنەتتى . ئۇ شېرىن ئەسلىمىلەردىن ئۆزىنى يىغىپ هوشىغا كەلگەندىلا هەممە نەرسە يەنە قايتا تەۋرەنگەندەك بولاتتى .

## 2

ئەختەمنىڭ بەزى قىلىقلىرىنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭ ئادەمدىن تۆرەلگەنلىكىگە گۇمان قىلىپ قالاتتى . ئۇ ئۆملىگۈدەك بولغان چاغلىرىدىلا ئالىقىنى ئاستىغا كېلىپ قالغان چۈمۈلە ،

چېكەتكە ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى قورقماي مىجىپ تاشلاپ ، قوشنا ـ قولۇملارنى ھەيران قالدۇرغان . ئەختەم ئۈچ ياشقا كىرگەندە ، بىر كۈنى ئانىسى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چىنە سۈتنى قويۇپ بېرىپ تالاغا چىقىپ كېتىپ ، قايتىپ كىرگەندە بالىسىنىڭ قىلىپ ئولتۇرغان ئىشىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالغان . ئەختەم سۈتنىڭ ھىدىنى پۇراپ ، قاچىغا بېشىنى تىققان يىلاننى گېلىدىنلا چىمدىپ تۇتۇۋالغان بولۇپ ، يىلاننىڭ بېشىنى ھەدەپ سۈتكە تىقىپ ، يەنە ئاغزىغا سېلىپ شوراپ ، يەنە سۈتكە تىقىپ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان قىلىقنى قىلىۋاتاتتى . گېلى قاتتىق بوغۇلغان يىلان ئاغزىنى ئاچقىنىــچە سۈتتە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغانىدى…

ئەختەم يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەك بولغاندىن باشلاپ ، ئۆلارنىڭ ھويلىسىغا قۇشمۇ قونمايدىغان بولدى . ئۇ قۇشقاچ ـ كەپتەرلەرگە ئايىماي تاش ئاتاتتى ، ئالدىغا ئۇچرىغان نېمىنىــى تېپىـــپ ، توخۇلارنى قاقاقلىتىپ ھەر تەرەپكە پىتىرىتىۋېتەتتى . ئۇنىڭغا قاۋاپ قويغان ئىتنىڭمۇ ھالىغا ۋاي ئىدى . ئەختەم قولىغا تاش ئېلىپ ، تاكى ھېلىقى ئىت كۆزدىن يىتكۈچە قوغلاپ يۈرۈپ ئۇراتتى . شۇڭا ، يول ئۈستىدە تېزەك چوقۇلاۋاتقان قارغىلار ئەختەمنىڭ قارىسىنى يىراقتىن كۆرۈشى بىلەنلا «لەپپىدە» قانات قېقىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى ـ دە ، نېرىراققا بېرىپ قونۇپ ، ئۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتەتتى ؛ دانلاۋاتقان توخۇلار جېنىنىڭ بارىچە پالاقلاپ تام تۆپىلىرىگە چىقىپ كېتەتتى ، يامان ئىتلارمۇ قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە قانداقتۇر بىر شورىلاردىن «غىپپىدە» كىرىپ غايىــب بولۇشاتتــى ؛ ھەرقانچە قاشاڭ ئېشەكلەرمۇ ئەختەمنىڭ قولىدىكى تاياقنى كۆرگەندە سۆڭگىچىنى بىر تەرەپكە



قىيسايتىپ يورغىلاپ مېڭىپ كېتەتتى . قىسقىسى ، ئۇنىــڭدا ھايۋانغىمۇ ، قۇرت ـ قوڭغۇز ، قۇشلارغىمۇ قىلچە رەھىــم ـ شەپقەت دېگەن نېمە يوق ئىدى… ئېھتىمال ، ئۇ ئانىسىنىــڭ قۇچىقىدىكى چاغدا يىغلىغان بولغىيدى ، ئەمما سىرتتا ئۇنىڭ كۆزىدىن بىرەر تامچە ياش تۆكۈلگىنىنى ھېچكىــم كۆرگەن ئەمەس ، ئەختەم بىلەن سوقۇشۇپ قالغان خېلى چوڭ بالىلارمۇ ئۇنى ئۇرۇپ يىغلىتالماي ، ئاخىرىدا ئۆزى يىغلىۋېتەتتى .

مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەختەمنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئانىسى شۇ بىر بالىسى بىلەن ياشلا تۇل قالغانىكەن . كېيىن بۇ ئايال تۆۋەنكى مەھەللىدىكى ئوبدان بىر ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقماقچى بوپتۇ . بىر كۈنى ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەختەم كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ، بولغۇسى دادىسىنىــڭ پۇتىنــى سۇندۇرۇۋېتىۋەتكەنىكەن . شۇ چاغدا ئەختەم ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ، قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەردەك كۈچلۈك ئىكەن . ئۇنىڭ ئانىسى ئوغلىغا قېيىداپ ، ھېلىقى بىگۇناھ ، تاياق يېگەن بىچارىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئۇنىڭ ھالىــدىن خەۋەر ئالغاندا ، ئەختەم كۈپكۈندۈزدىلا ، يېزىنىڭ توپىلىق يولىدا ئانىسىنــى چېچىدىن تۇتۇپ دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە قايتۇرۇپ كەلگەن ، دېيىشىدۇ . شۇ ۋەقەدىن كېيىن بىچارە ئانا ئاغرىقچان بولۇپ ، ئاز كۈن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن . ئەختەمنىڭ خۇي ـ پەيلىگە يارىشا «تەلۋە» دەپ لەقىمى بار ئىدى . ئېھتىمال ، بۇ لەقەم شۇ چاغدىن باشلاپ قويۇلغان بولسا كېرەك .

مىجەزى شۇنداق بولغاچقىمىكىن ، مەھەللىدە ئۇنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيتتى . ئەختەممۇ ھەممە ئادەمگە دۈشمىنىــگە

قارىغاندەك ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ چىرايى كەچ كۈزنىڭ كۆڭۈلسىز ئاسمىنىدەك دائىم تۇرۇلۇپلا تۇراتتى. قېلىن قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئۇچقۇن چاچراپ تۇرىدىغان غەزەپلىك كۆزلىرى، قوش بۇرۇن، دىقماق، قوپال گەۋدىسى بىلەن ئۇ كىشىگە تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئەگەر قەدىمكى زامانلاردا تۆرىلىپ قالغان بولسا، ئۇ پادىشاھلارنىڭ جازا مەيدانىدىكى كاللا كېسىدىغان يوغان كۆتەكنىڭ يېنىدا ئايپالتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان جاللات بولۇشقا تولىمۇ باب ئادەم ئىدى.

مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن بەندىڭدە ئولتۇرغان چوڭلار بەزىدە ئەختەمگە بۇ غەلىتە مىجەزنىڭ كىمدىن مىراس قالغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىشىپ قالاتتى، ئۇنىڭ دادىسى، بوۋىسى، چوڭ ئاتىلىرىغىچە ئەسكە ئېلىشاتتى. «ياق! — دەپ بېشىنى لىڭشىتاتتى ئۇلار، — ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ياخشى ئادەملەر ئىدى. مانا ئەختەمنىڭ دادىسىنى ئالساق، خۇدانىڭ بىر مۆمىنى ئىدى، چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيتتى. بوۋىسى بالىلىرى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغاندا، ئاپلا، قولۇم تېگىپ كەتسە بەك قاتتىق تېگىپ كېتىدۇ، جۇمۇ! دەپ ۋارقىراپلا قويىدىغان، ئۆمرىدە بالىلىرىنى ئۇرۇپ باقمايدىغان...»

ئەختەم ئىشقا كەلگەندە كالىدەك قاتتىق ئىشلەيتتى. ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى، دەيسىز. چوڭلار بىلەن تەڭ سۇ تۇتتى، ئورما ئوردى، خامان تەپتى، ھارۋا ھەيدىدى، قىلمىغان ئىشى، تارتمىغان جاپاسى قالمىدى. ئەختەم تاماكا چەكمەيتتى، ھاراق ئىچمەيتتى، ئىشتىھاسى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئاچچىقى كەلگەنسېرى قورسىقى بەك ئاچاتتى.



كوممۇنا ۋاقتىدا ئۇنىڭ تاپقىنى قورسىقىدىن ئاشماي ئۆتۈپ كەتتى. ئىشلىگەن نومۇرى كۆپ بولسىمۇ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ئەترەت بوغالتىرى چوتنى ئۇياق - بۇياققا شاراقلىتىپ ئۇرۇپ، پالانى چاغدا ساڭغا ئاش ئەكىرگەندە يېگەن مانچە تەخسە لەڭمەن، ناھىيىگە بېدە ئاپارغاندا يېگەن ئەللىك مانتا، يەنە بىر قېتىمقىسىدا قىرىق سامسا... ئۆستەڭ چاپقاندا «ئىككى كىشىلىك ئىشلەيمەن» دەپ نورمىدىن ئوشۇق يېگەن مانچىلىك تاماق... ئەترەتنىڭ كۆتۈرەم بولۇپ قالغان ئۆكۈزىنى سويغاندا ئالغان مانچە كىلوگرام گۆش... دەپ ھېسابلاپ كېلىپ، تېخى ئۇنىڭ بويىنىغا بىرمۇنچە قەرزنى ئارتىپ قوياتتى. ساۋاتسىز ئەختەمنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندە پارقىراپ قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىدى. ئۇ ئاچچىقىدا يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ، يەنە كەتمىنىنى كۆتۈرۈپلا ئېتىزغا چىقىپ كېتەتتى.

خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ ئۆز خۇي - پەيلىنى ئاشكارىلىشىغا ئىمكان يارىتىپ بەرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا كەلگەندە ئەختەمنىڭ ھايۋانلارغىلا ئەمەس، ئادەملەرگىمۇ قىلچە رەھىم - شەپقىتى يوقلۇقى بىلىندى. يېزىدىكى «مەسىلىسى بار» دەپ تۇتۇلغان ئادەملەرنى كۈرەش قىلىش باشلانغاندا ئۇ ناھايىتىمۇ جانلىنىپ كەتتى. كۈرەش قىلىنىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە ئەترەتنىڭ ھېلىقى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قەرز ئارتىپ قويىدىغان كادىرلىرىمۇ، ئادەتتىكى ئەزالارمۇ، ئەختەم تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان ئادەملەرمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ئۇرىدىغاننى ئۇرۇپ، قولىنىڭ قىچىقىنى بېسىقتۇرسىلا بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ «ئاكتىپچانلىقى» بىلەن بىرەر مەنسەپ - ئورۇنغا ئېرىشىشنىمۇ تەمە قىلمايتتى، يېنىغا تاپانچا

ئېسىۋالىدىغانلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى؛ سېرىق شەپكىسىنى باسۇرۇپ كىيىپ، مەيدىسىگە قاتار ئىزناك، بىلىكىگە قىزىل تاقاپ، ئاغزى بېسىلماي شوئار توۋلايدىغان ئەڭگىز «ئىنقىلابچى» لارغىمۇ ئوخشاشمايتتى. ئادەم ئۇرۇشنىلا بىلەتتى. پالانى يەردە كۆرەش يىغىنى بولۇۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ قالسا، يىراق بولسىمۇ ئېرىنمەي ئاتايىن بېرىپ، ئادەم ئۇرۇش خۇمارىنى قاندۇرۇپ كېلەتتى.

شۇ چاغدىكى رەھبەرلىك ئەختەمگىمۇ ئازراق «مەنسەپ» بېرىشنى ئويلاشقان بولسا كېرەك، بىر يىلى، نازارەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان بىر قىسىم ئادەملەرنى باشقۇرۇپ ئىشلىتىشنى ئەختەمگە تاپشۇردى. بۇ خۇددى تەلۋىگە چوماق تۇتقۇزغاندەك ئىش بولدى. ھېلىقى ئادەملەرنى ئەختەم قىشچە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەتتى، يازدا بىنەمگە ھەيدەپ باردى، كۈزدە يەنە ئۆستەڭگە ياندۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بالا - چاقىلىق ئادەملەر بولۇپ، ئۆيلىرىنى سېغىنىشقانىدى، ئەختەمنىڭ بولسا سېغىنغۇدەك ئۆيىمۇ يوق ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇزدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆيلىنىشنى ئويلاپ قويغاندەكمۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭمۇ بويتاقچىلىق جېنىغا پاتقان چاغلاردا، دېرىزىلىرىدە گۈللەر ئېچىلىپ، مورىلىرىدىن ئىللىق تۈتۈنلەر كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۆيلەردە ئىسسىق تاماق يەپ، ئىشچان بىر ئايالنىڭ قولىدا ئاقارتىلغان تۆت تامنىڭ ئىچىدە راھەتلىنىپ يېتىشنى ئارزۇ قىلغان ۋاقىتلىرى بولغان. لېكىن، بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭغا كىممۇ قىز بېرىدۇ، دەيسىز؟ يە بىر ئايال زاتى ئۇنىڭغا ئەگەشمىدى ياكى ئۇ بىرەر قىزلىق ئۆيگە ئادەم كىرگۈزۈپ باقمىدى…



«مانا، مەنمۇ ھەرقايسىڭ بىلەن بىللە يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەۋاتىمەنغۇ! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ نازارەتتىكىلەرگە، — جىنايەتچىگە ئۆيگە بېرىپ راھەتلىنىشنى كىم قويۇپتۇ!…» بىر يىلغىچە ئۇ ھېچكىمنى ئۆيگە قايتۇرمىدى. ئەختەمنىڭ تايىقىنى يەپ ئىشلىگەن ئاشۇ «جىنايەتچىلەر» ئىچىدە نادىرمۇ بار ئىدى.

## 3

نادىرنىڭ قەلبىگە ئوت ياققان قىزنىڭ ئىسمى رەشىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى چېچەكلىگەن ھېلىقى سايىنىڭ مەنزىرىسى ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدۇ. دېھقانلار سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭقۇر بىر ئۆستەڭ قېزىپ، يېيىلىپ ئاقىدىغان سۇنى ئۆستەڭگە يىغىپ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىنى تېرىلغۇ يېتىزى قىلىپ كەتتى. يار تۈۋىدە ئېقىپ چىقىدىغان بۇلاقلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى قۇرۇپ قالدى. لېكىن، نادىرنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت بۇلىقى ھېلىمۇ بۇلدۇقلاپ تۇرۇپتۇ. ھازىرمۇ ئۇ نېمە ئىشلار بىلەندۇر يار ئۈستىگە كېلىپ قالغاندا، تۈۋەندىكى كۆپكۆك دولقۇنلاپ ياتقان بۇغداي ئېتىزلىقلىرىغا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ ساي يەنىلا بۇرۇنقى كۆرۈنۈشى بىلەن گەۋدىلىنەتتى. ھېلىمۇ مۇزدەك بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ بېرىپ ساي سۈيىگە قۇيۇلۇۋاتقاندەك، يالپۇزنىڭ مەستخۇش پۇرىقى بۇرنىغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى زىلۋا قىز بۇلاق بېشىدا كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى بىر قولىدا يىغىپ تۇرۇپ، ئېڭىشىپ سۇ ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى…

نادىر رەشىدەنى گۇگۇم ۋاقتىدا، ئەنە شۇ بۇلاق بېشىدىن ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئەكەتكەنىدى. كىشى كىرگۈزسە رەشىدەنىڭ دادىسىنىڭ ماقۇل بولمايدىغانلىقىنى ھەر ئىككىلىسى چۈشىنەتتى. دادىسى رەشىدەگە: «ئاڭلىسام، نادىر دېگەن ھېلىقى شۇمتەك بىلەن بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا پاراڭلىشىپ يۈرگۈدەكسەن، بىلىپ قوي، ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىمنىڭ پۇشتى. تىلىڭنى چايناپ ئۇنىڭغا تېگىمەن، دېگەن گەپنى قىلىدىكەنسەن، بىر يېرىڭنى چىقىۋېتىپ بىراقلا دەردىڭنى تارتىمەن!» دەپ ئوچۇقلا ئېيتقانىدى.

بۇ ئۆچمەنلىكنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدا رەشىدەنىڭ دادىسى بىلەن نادىرنىڭ دادىسى مەھەللىدىكى بىردىنبىر ساھىبجامال قىز (رەشىدەنىڭ ئانىسى)نى تالىشىپ قاتتىق ئازارلاشقانىكەن. كېيىن قىز رەشىدەنىڭ دادىسىغا تەگكەن، توي كېچىسى، ئەلەمگە چىدىمىغان نادىرنىڭ دادىسى رەقىبىنىڭ خامانىدىكى پۈتۈن بۇغدىيىغا ئوت قويۇۋەتكەن، دېيىشىدۇ. نادىرنىڭ دادىسى شۇنداق بىر تەنتەك ئادەم بولسا كېرەك، كېيىن ئۇ نادىرنى ئانىسى بىلەن تاشلاپ، چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

نادىر قىزنى يىراق بىر جاڭزىدىكى تۇغقىنىنىڭ قېشىغا ئاپاردى. ئۇلار شۇ يەردە بىر ئۆينى تۇتۇپ، ئىككى - ئۈچ ئايچە دەككە - دۈككىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشتى. لېكىن، رەشىدەنىڭ دادىسى قىزنى ئىزدەپمۇ قويمىدى، ئۇ قىزنىڭ كىمگە ئەگىشىپ كەتكىنىنى بىلگەن، كۆڭلىدە رەشىدەنى پەرزەنتلىرى قاتارىدىن ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى... بىر كۈنى نادىرنىڭ بوسۇغىسىدا ئەترەتنىڭ «ئىنقىلابچىلىرى» پەيدا بولدى. ئۇلار نادىرنى ھەيدەپ ئاپىرىپ



ئەختەمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەنلىكىنىڭ ھېسابى ئوغلىنىڭ زىممىسىگە يېزىلغانىدى. ئەختەم بىر يىلغىچە نادىرنى ئۆيىگە قايتۇرمىدى. شۇ چاغدا رەشىدەنىڭ دادىسى قىزنى ئىزدەپ كەلدى.

— رەسۋا قانجۇق! — دەپ تىل سالدى ئۇ مۆڭلىنىپ ئولتۇرغان قىزىغا ئىشىكتىن كىرىپلا دېۋەيلەپ، — مېنىڭ گېپىمگە كىرمىۋېدىڭ، قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كەتتىڭ؟!... خەير پۇشتۇمدىن بولغان بىر پارچە گۆشكەنسەن، يەنە چىدىمىدىم... قوپ ئورنۇڭدىن، ھۆكۈمەتنىڭمۇ نەزىرىدىن قالغان بىر ساياققا تېگىپ، ئۆمۈر بويى شور پېشانە ئۆتەي دەمسەن!؟... ماڭ دەيمەن، نېمە پارقىراپلا قاراپ تۇرىسەن!؟

ئۇ قىزنى نالىسىگە قارىماي، زورلۇق بىلەن ئالدىغا سېلىپ ئەكەتتى. ئاز كۈن ئۆتمەي، يۇقىرى مەھەللىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا مەجبۇرىي چېتىپ قويدى.

رەشىدە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇش بەختى نادىرغا ناھايىتى قىسقىلا ۋاقىت نېسىپ بولدى. ئاشۇ بىر - ئىككى ئاينى ئەسلىسە، ھازىر ھېچنېمە كۆز ئالدىغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنى يەنىلا شۇ گۈللەپ تۇرغان ساي ۋە بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاقلار...

## 4

قاتتىق سىياسەت بوشىغاندىن كېيىن، رېجىمدا ئىشلەۋاتقانلار قايتۇرۇۋېتىلدى. ئەختەم يەنە ئۆزىنىڭ دېھقان ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. تۇرمۇش دېگەن شۇنداق قىزىق بولىدۇ،

بىر بىنا سېلىنىۋاتىدۇ، دېسەك، ئۇنىڭ ھەممىلا يېرىگە سۈپەتلىك كېسەكلەر لازىم بولۇۋەرمەيدۇ. بەزىدە مايماق، سۇنۇق كېسەكلەرنىڭمۇ ئىشلىنىدىغان يەرلىرى چىقىپ قالىدۇ. يېزىنى ئالساق، ئەختەمدەك ئادەملەرنىڭمۇ كېرەك بولىدىغان ئورۇنلىرى چىقىپ تۇراتتى. مەسىلەن، باشقا ئەترەتنىڭ ئادەملىرى بىلەن تالىشىپ سۇ باشلاپ كېلىشتە ئەختەمنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى. ئەختەم ئۆزى بىلەن سۇ جېدىلى قىلغانلارغا كەتمەننى كۆتۈرۈپلا دېۋەيلەيتتى. بۇ قارام تەلۋىنىڭ پەيلىدىن ئەلۋەتتە ھەركىم ھەزەر ئەيلەيتتى. زىرائەت كۆكىنى مالدىن قورۇقداشتىمۇ ئەختەمنىڭ تەلۋىلىكى ئەسقاتاتتى. ئەگەر ئەختەم كۆككە قاراۋېتىپتۇ، دېگەننى ئاڭلىسا ھېچبىر ئەزا مېلىنى قويۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئەترەتنىڭ تاشيول بويىغا تىككەن خېلى كۆپ كۆچەتلىرى بولىدىغان، يىلدىلا بۇ كۆچەتلەرنى مال يەپ ئاينىتمايتتى. كۆچەتلەر يۇمران نوتىلارنى چىقىرىپ تازا ئايىنىغاندا نەدىندۇر پەيدا بولغان كالىلار بىر ئەپلىك چاترىقىغا قىسىۋېلىپ، مەيدىسىدە ئېگىپ، كەڭ يوپۇرماقلارنى سىيرىپلا يەپ كېتەتتى. قالغىنىنى قوي - ئۆچكىلەر سۇندۇرۇپ يەپ، ئېشەك غاجاپ تۈگىتەتتى. كېلەر يىلى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يەنە يېڭىدىن كۆچەت تىكىلەتتى. ئەترەت بۇ يەرگە كۆچەتكە قارايدىغان ئادەم قويۇپمۇ ئۈنۈم ئالالمىدى. چۈنكى، تاشيولنىڭ ئۇ تەرىپىگە يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئائىلە ئۆيلىرى سېلىنغانىدى. تاشيول بويىدىكى كۆچەتلەرنىڭ كۈشەندىلىرى ئەنە شۇ ھويلىلاردىن چىقىپ كېلىشەتتى. ئەترەت بېرىدىغان ئازغىنە ھەقنى دەپ ئۇ يەردىكى ھوقۇق ئىگىلىرى بىلەن يامان بولۇشۇپ



قېلىشنى ھېچكىم خالىمايتتى. بىر كۈنى ئەختەم:

— ھوي ئاغىنە، توختىغىنا! — دەپ ئالدىراش كېتىپ بارغان ئەترەت باشلىقىنى چاقىرىۋالدى، — ئاۋۇ تاشيول بويىغا يەنە ئاۋارە بولۇپ بىرمۇنچە كۆچەت تىكتۇق. قاراپ تۇر، كۈزگە بارماي ھەممىسىنىڭلا كۆتىكى قالىدۇ. ماڭا يېرىم كۈنلۈك ھەق قوشۇپ بەر، ماۋۇ ئېتىزلارنىڭ كۆكىنى قورۇقدىغاچ كۆچەتكىمۇ قاراي. ئاۋۇ غوجاملارنىڭ مېلىنى قويۇۋەتكىنىنى بىر كۆرۈپ باقاي، قانداق دەيسەن؟

ئەترەت باشلىقى پېشانىسىنى تاتلاپ تۇرۇپ كېتىپ:

— بوپتۇ، شۇنداق قىل... تولىمۇ قاراملىق قىلما - ھە! — دېدى.

ئەختەم تاشيول بويىدىكىلەرگە تېتىدى. ئۇ كۆچەتكە قاراپ بىر ھەپتە ئۆتمەيلا بىر كادىرنىڭ نەسىللىك كالىسىنى پېشانىسىگە كەلتۈرۈپ بىرنى سېلىپ، كۆچەتلىككىلا ياتقۇزۇپ قويدى؛ يەنە بىرەيلەننىڭ سېغىن ئۆچكىسىنىڭ پۇتىنى چېقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆچەتلىككە كادىرلارنىڭ مېلى كەلمەي، ئۆزى كېلىدىغان بولدى. ئۇلار ئېرىق بويى ۋە كۆچەت ئارىلىقلىرىدىن ئوت يۇلۇپ تاغارلىرىغا تىقىشىپ، ئەختەمگە ئالىيىپ - ئالىيىپ قارىشىپ قويۇپ كېتىشەتتى. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ يەردىكى كۆچەتلەر ئارام تېپىپ قالدى.

كېيىنكى يىللاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇرۇش، چېقىشقا قاتناشقا «ئۈچ خىل ئادەملەر» سۈرۈشتۈرۈلگەندىمۇ ئەختەم ئۇچۇقدالماي ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشىمۇ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ تۆۋەنلىتىۋەتكۇدەك مائاشى، ئېلىپ تاشلىۋەتكۇدەك مەنسىپىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، يۇقىرى

ئورۇنلار ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشكە ئانچە قىزىقمىدى. مەھەللە ئىچىدە بولسا ئۇنىڭ ئۈستىدە خېلى پىكىر بار ئىدى. بىر قېتىم، يېڭى سايلانغان كەنت باشلىقى ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن ئەختەمنى بىر قورۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئەختەم شۇ كېچىدىلا ئەترەتنىڭ سۇغىرالمايۋاتقان يېرىدىكى بەش يۈز مو بۇغدىيىغا سۇ باشلاپ كېلىپ، كەنت باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتىپ قويدى... يەنە بىر قېتىمدا، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ ئۆزى كېلىپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلدى. بۇ مۇشۇ ئەتراپتا چوڭ بولغان، ئەختەمنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئەختەمدىن ئۆز ۋاقتىدا ناھەق تاياق يېگەن ئادەملەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئەتىمۇ كېلىپ داۋاملىق تەكشۈرمەكچى بولۇپ كېتىپ قالدى. شۇ كېچىسىلا ئۇنىڭ مىنىپ يۈرگەن يورغا ئېتى ئېغىلىدىن غايىب بولدى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى تولىمۇ سېمىز ئادەم ئىدى. ئات بولمىسا يىراق - يېقىنلارغا بارالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەھەللىگە كېلىپ پىكىر ئاڭلايدىغان ئىشىمۇ سۇغا چىلاشتى. ئەتراپقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۈچ- تۆت كۈنگىچە ئاتنى ئىزدىتىپ تاپالماي، قانتىدىن ئايرىلغاندەك تېپىرلاپلا قالدى. بەشىنچى كۈنى، نەق خالىي جايدا ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەختەم كەلدى - دە، كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولدى، ئەتىسى ئۇ ئەختەمنى چاقىرتىپ سورىدى:

— ئاتنى نېمە قىلدىڭ؟

— قايسى ئاتنى؟

— مېنىڭ ئېتىمنىچۇ؟

— ساڭا ئات كېرەكمۇ؟... ئات كېرەك بولسا، مېنى



تەكشۈرىدىغان ئىشىڭنى توختات!

«خۇدايا شۈكۈر، ئېتىم بار ئىكەن» دەپ يېنىك تىندى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى.

— تەكشۈرۈشتىن نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭ؟

— مېنى نېمدەپ تەكشۈرەتتىڭ؟ كۈچۈڭ يەتسە شۇ چاغدىكى سىياسەتنى چىقارغانلارنى تەكشۈرمەمسەن... شۇ ۋاقىتتىمۇ ساڭا ئوخشاش باشلىقلاردىن مۇشۇ يەردە بىرقانچىسى بار ئىدى. پېشانىسىدە يوغان قىزىل خېتى بار ھۆججەتلەرنى ئوقۇپ بەرگەن. قىل دېگىنىنى قىلدىم، ماڭا نېمىتى، ھازىرقىدەك: «ماۋۇ ئېتىزغا موزاي - تورپاق كىرىپ كەتسە تازا قوي - ھە!» دېگەندەكلا گەپ. باغلا دېگەننى باغلىدىم، ئۇر دېگەننى ئۇردۇم، ئوبدانراق ئىشلەت، دېگەنلىرىنى ئىشلەتتىم...

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئويلىنىپ قالدى - دە:

— ئاتنى جايىغا ئەكېلىپ قوي! — دېدى.

— مەھەللىگە مىنىپ بېرىپ مېنى تەكشۈرەمسەن؟

— شەھەرگە تويغا كىرىمەن.

ئەختەم ئاتنى دەريا بويىدىكى توقاي ئىچىگە ئەكىرىپ، قېلىن تاللىق ئارىسىغا چۇشەپ قويۇۋەتكەنىدى، شۇ كېچىسىلا ئۇ ئاتنى مىنىپ كېلىپ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسىغا باغلاپ قويۇپ كەتتى.

مال - مۈلۈكنى تەقسىم قىلىپ، يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىدىغان چاغدا ئەختەمگە بىرنەچچە قوي، بىر ئۆكۈز ھارۋا تەگدى. يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئېتىزلارنىڭ ئاخىرىسىدىكى ناھايىتىمۇ ناچار بىر پارچە يەرنى كۆرسىتىپ قويۇشتى. ئەختەم

ئۆزىگە تەگكەن يەرنىڭ قىرىغىمۇ دەسسەپ قويمىدى . بىر كۈنى ئۇ كەنت باشلىقىنى چەتكە تارتىپ :

— ماڭا قارا ، ماڭا ھېلىقى ھەممە ئادەمنىڭ ئاياغ سۈيى ئېقىپ بېرىپ بەزلەشتۈرۈۋەتكەن شورتاڭلىقنىڭ كېرىكى يوق . بەرسەڭ ، تاشلىنىپ كەتكەن ھېلىقى كونا كۆزلەكنى بەر ! — دېدى .

— قايسى كۆزلەكنى دەيسەن ؟ — دېدى ئالدىراپ تۇرغان كەنت باشلىقى ئەختەمنىڭ مەقسىتىنى ئاڭقىرالماي .

— ھېلىقى بىنەمگە كېتىدىغان يولدىكى··· بىر زاماندا بىر مالچى ئولتۇرۇپ تاشلىۋەتكەن كۆزلۈك .

— ئۇ يەرنى نېمە قىلىسەن ؟··· سۈيى يوق ، ئېرىقلىرى تىنىپ كەتكەن .

— نېمە قىلىشىم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن !

— ئالساڭ ئال !··· ئەسكى كۆزلەكنىڭ ئەتراپىدا يەر دېگىنىڭ تولۇپ يېتىپتىغۇ ، سۈنى ئەكېلەلىسەڭ ، قانچىلىك ئىگىلىسەڭ ئىگىلىۋال .

ئەختەمنىڭ ئەزەلدىن مال بىلەن خۇشى يوق بولغاچقا قويلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ ، قويىنىغا سالدى . ئۆكۈز ھارۋىسىنى ھەيدەپ ھېلىقى خارابە كۆزلەككە كۆچۈپ چىقىپلا كەتتى . كۆزلەكتىكى تاشلىنىپ كەتكەن ئىككى ئېغىز كونا ئۆينى باشقىدىن ئېچىپ يېيىپ ، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئوڭلىدى . شۇ ئەتىيازدىلا قارنىڭ نېمىگە يۆلەپ قورۇق تام سوقۇپ ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ناھايىتىمۇ كەڭ بىر پارچە يەرنى قورۇق ئىچىگە ئالدى . يېزىچە كونا ئېرىقنى مىڭ مۇشەققەتتە چېپىپ ، بىر ئېرىق سۇ باشلاپ كەلدى .



ھازىر دېھقانلار بىنەم تەرمەيدىغان بولغاچقا ، كۆزلەكنىڭ يېنىدىكى بىنەمگە چىقىپ كېتىدىغان كونا يولدىنمۇ ئادەم ئاز ئۆتەتتى . كۆزلەكنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە تۈپ يوغان قارىياغاچ بار ئىدى . ئەختەم كۆزلەكنىڭ غورۇسىنى دەل مۇشۇ قارىياغاچلارنىڭ ئارىلىقىغا كەلتۈرۈپ ئاچقانىدى . كۈن تازا قىزىپ كەتكەن چاغلاردا قارىياغاچنىڭ گۈرۈلدەپ تاغ شامىلى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سايىسى بۇ ئوچۇقچىلىقتىكى كىشىگە ئارام بېرىدىغان بىردىنبىر ھۇزۇر جاي بولۇپ قالاتتى .

بىر كۈنى ئەختەم ھېلىقى قارىياغاچلار ئاستىدا سايىداپ ئولتۇراتتى . ئالدىدىكى يولدىن ئىككى دېھقان يىگىت ئۆتۈپ قالدى .

— ئەختەمكا ، مۇنۇ قارىياغاچلارنى بىزگە ساتامسەن ؟ — دېدى ئۇلار چېقىشىپ .

— ساتسام قانچىگە ئېلىشارسەن ؟ — دېدى ئەختەم .

— ھەربىرىگە ئەللىك سومدىن بېرەيلى . ساڭا بىكارغا كەلگەندەكلا پۇل دېگىنە .

— يولۇڭغا ماڭ !··· ساتسام ، بۇنى پەن تىلىپ ساتىمەن . پەن تىلدۇرسام ھەربىرىدىن قانچە مېتىر تاختاي چىقىدۇ ؟ مېتىرىنى ئىككى سومدىن ساتسامۇ قانچە پۇل بولىدۇ ؟···

— پاھ ، قالتىس ھېسابچى بولۇپ كېتىپسىنا ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى ، — بۇ كۈندە قارىياغاچنىڭ تاختىيىنى كىم ئالىدۇ ؟

— قوشۇق ياساپ سات ! — دېدى يەنە بىرى كۈلۈپ ، — قوشۇق ياسىساڭ سانى يوق قوشۇق بولىدۇ ، ئۆلگۈچە سېتىپ خەجلەيسەن .

— نېمە قىلسام دەرەخ ئۆزۈمنىڭ...

— ئەجەب سېنىڭ بولۇپ كېتىپتا !؟

— ھە ، پۈتۈن سۈرۈك بىر مەھەللىنى ھەرقايسىڭغا تاشلاپ بېرىپ چىقتىم ، ئەمدى ، ئايدالىدىكى بۇ تۆت تۈپ قارىياغاچ مېنىڭ بولماتتىمۇ ؟

— سېنىڭ بولسىمۇ بولسۇن ،— دېدى يەنە بىر يىگىت ،— قارا ، بۇ قارىياغىچىڭنىڭ شاخلىرى ھەر تەرەپكە سالپىيىپ ، جىن ئۇۋىسىدەك بولۇپ كېتىپتۇ . يان شاخلىرىنى كېسىپ ، ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ قويساڭ ، قارىياغاچمۇ تۈز ئۆسەتتى ، ئىشىك ئالدىڭمۇ ئاپتاپ كۆرەتتى .

— سېنىڭ پۈت - قولۇڭنى كېسىۋەتسە ماڭالامسەن ؟ دەرەخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش . نېمە قىلىمەن ئۇنىڭ جېنىنى قىيناپ !؟

— بوپتۇ ، ئەمىسە ساقال - بۇرۇتۇڭنىمۇ ئالماي يۈرۈۋەر . ئۆزىچە رەھىمدىل بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان بۇ «تەلۋە»نىڭ !...

ئەختەم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەنلا ھېلىقى ئىككىسى مەھەللىگە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە قاچتى . ئەختەم چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان توپىلىق يولغا قاراپ تۇرۇپ قالدى . «خەپ ، ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ، — ئۆزۈڭچە مېنى قوشۇق ياساپ ساتقۇدەك كۆنگە قالدۇ ، دەپ ئويلىشىۋاتامسەن ؟»

كۆزلەكنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىنەملىكلەرنىڭ يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدىغان قاپتاللىرىدا ئوت - چۆپلەر بەلگىچە ئۆسۈپ كېتەتتى . ئەختەم كۆز يېقىنلىشىشى بىلەن بىكار تۇرماي چۆپ



چېپىپ ، تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى . چۆپ چاپقىنى بارغاندا ئۇ بىر قاپاق سۇ ، بىرقانچە ناننى ئېلىپ يۇقىرىلاپ چىقىپ كېتەتتى . مەنزىلگە يەتكەندە «سۇنى ساقلىسام ئىسسىپ قالىدۇ ، ناننىمۇ چۇمۇلە ئولىشىۋالىدۇ . بەرىبىر يەيدىغان بولغاندىن كېيىن يەپلىۋالاي» دەپ ئولتۇرۇپ ، نانىنىڭ ھەممىسىنى يەپ ، قاپاقتىكى سۇنىمۇ ئىچىپ تۈگىتىپ ، ئاندىن كەچ كىرگۈچە باش كۆتۈرمەي چۆپ ئورۇيتتى .

بەزىدە ئۇ كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدىن ئېگىزلىككە چىقىپ ، يىراقتا كۆكۈچ چاڭ پەردىسى ئاستىدا يېيىلىپ ياتقان مەھەللىگە ، مەھەللە ئەتراپىدىكى ياپيېشىل ئېتىزلىقلارغا ھەسەت ئىچىدە قارايتتى . مانا ، كوممۇنا تۈزۈمى دەۋرىدە ئەختەم ئۆزى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ، شۇ مەھەللىدە ، شۇ يەردىكى چوڭ - كىچىك بىلەن بىللە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانىدى . يەر - مۈلۈك تەقسىم قىلىنىپ ، ھەربىر ئادەم ئۆز ئالدىغا دېھقانچىلىق قىلىدىغان بولۇۋىدى ، ئەختەم تىكەندەكلا يالغۇز قالدى . بۇ يېگانىلىقنى ئۇ ئۆزى تىلىۋالدىمۇ ياكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقمۇ !؟... بەزىدە ئۇ كۈچلۈك بىر كەلكۈن كېلىپ ، تۆۋەندىكى شۇ مەھەللىنىڭ سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشىنى تىلەيتتى ؛ بەزىدە ئەتىيازدا قاتتىق قار ئاپىتى بولۇشىنى ، مالغا بېرىدىغان ئوت - چۆپلىرى تۈگىگەن دېھقانلارنىڭ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ، «ئەختەم ، چۆپىڭدىن ئازراق ياردەم قىلساڭ» دەپ بويۇنلىرىنى قىسىپ تۇرۇشىنى كۈتەتتى .

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا ئەختەم ھېلىقى قورۇق ئىچىنى چىرايلىق چۆنەكلەپ ئېرىق ئېلىپ ، سورتلۇق ئالما كۆچەتلىرىنى قويدى . كۆچەتلەر ئارىسىغا بېدە تېرىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ،

ئۈچ - تۆت يىلغىچە ئۇ مەھەللىدىمۇ ئاز كۆرۈندى. ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى كۈزدە يىغقان ئوت - چۆپلىرىنى سېتىپ، چاي - تۇز قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. بەزى چاغلاردا ئۇ ئۆكۈز ھارۋىسىنى ھەيدەپ تۈگمەندە، ماگىزىن ئالدىلىرىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى - دە، سودىسى پۈتۈشى بىلەنلا يەنە كۆزدىن غايىب بولاتتى.

## 5

رەشىدە ھېيت - ئايەملەردە مەھەللىگە — ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئايەملەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇششاق بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەھەللە كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرگەندە نادىرنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى. مانا، بىر چاغلاردىكى گۈزەل قىز ھازىر ئۇرۇقلاپ قورايدەكلا بولۇپ قالغان؛ تۈگمەس ئائىلە مۇشەققىتى ۋە ئېغىر ئېتىز ئەمگىكىدىن ئۇنىڭ چىرايلىرى قارىداپ، كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى پۈتمەس بىر مۇڭ ماكان قىلغانىدى... رەشىدەنىڭ كۆرەڭ ئېرى ئۇنىڭ يېنىدا گىدىيىپ ماڭاتتى. ئانىسىنىڭ ئېتەكلىرىگە يېپىشىپ كېلىۋاتقان بالىلاردىن بىرەرىنىمۇ قولىغا ئېلىپ قوياي دېمەيتتى. بۇ ئەر ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بىر ئۆيلەنگەنلىكىگە قارىماي، رەشىدەنى ئورۇنسىز كۈنلەيتتى، ئۇنىڭ قىز ۋاقتىدا بىر يىگىت بىلەن قېچىپ قويغانلىقىنى ھەدېسىلا پېشانىسىگە قويۇپ زۇلۇم سالاتتى.

نادىرغا رەشىدە ھېلىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. بۇ قىز دادىسىنىڭ دوق - ھەيۋىلىرىگە پىسەنت قىلماي ئات كەينىگە مىنگىشىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ دۈمبىسىگە مەھكەم يېپىشقان ھېلىقى كۈننى ئۇ زادى ئۇنتۇيالمايتتى. شۇ



چاغدا نادىر قىزنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرۇۋشىنى ئۆز بەدىنىدە ھېس قىلغان، لېكىن ئۆز تەقدىرىنى ئىشىنىپ ئۆزىگە تاپشۇرغان بۇ قىزغا نادىر ئۆمۈرلۈك پاسىبان بولالمىدى، ئاجىز جورىسىنى ئېغىر كۈنلەردە قوغداپ قالالمىدى... ئۆز ۋاقتىدىكى خىيالىدا نادىر بۇ قىزنى ئالىقىنىدا كۆتۈرۈپ، ئەتىۋارلاپ كۈتمەكچىدى، ئۇنىڭ قولىدا بولغان بولسا رەشىدەنىڭ دىلى مەڭگۈ ئازار يېمەيتتى. ئۇ تولۇپ، سەمرىپ، ئاپئاق ئايال بولۇپ، تېخىمۇ گۈزەللىشەتتى... «خەپ! — دەيتتى نادىر ئىچىدە، — سەن ئەختەم ‹تەلۋە› ئىككى ئادەمنىڭ بەختىگە ئولتۇردۇڭ، ھەر ئىككىلىمىزنى ئۆمۈرلۈك ئازابقا قويدۇڭ. ساڭمۇ خۇدا بىر كۈنى كۆرسىتەر!».

بىر چاغلاردا نادىر ئەختەمنىڭ ئۆيلىنىشىنى كۈتكەنىدى. «ئاۋۋال بۇ ‹تەلۋە›مۇ بىر ئۆيلەنسۇن، — دەپ ئويلايتتى نادىر، — ئاندىن مەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى يولدىن چىقىرىمەن. شۇ چاغدا قويىنىنى ئىسسىتىپ تۇرغان ئايالىدىن ئايرىلىشنىڭ ئازابىنى ئۇمۇ بىر تېتىپ كۆرىدۇ...» نادىر ئەختەمدىن ئون ياشچە كىچىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا تايىنىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىشىگە ئىشىنەتتى. لېكىن، قېرىشقاندەك ئەختەم بۈگۈنگىچە ئۆيلەنمىدى. مانا ھازىر نادىر ئىككى - ئۈچ بالىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ يېشى ھېلىقىدەك ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىدىغان ۋاقىتتىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئەختەمگە خۇدادىن بىرەر تېگىشلىك جازانىلا تىلەيتتى، ئۇ جازانىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى.

بەزى چاغلاردا نادىرنىڭ خىيالىغا ئەختەمنى ساڭدا ئات ئېلىپ قېچىپ كېلىۋاتقان ھارۋىنىڭ چاقى ئاستىدىن

تارتىۋالغانلىقى كەلسە ، «نېمىشقىمۇ شۇ چاغدا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولغىيتتىم ، ئۆلۈپ كەتمەس ئىدى ، بىر يېرى مېيىپ بولۇپ ، ئۆمۈرلۈك ئازاب چەككەن بولسا ، ئۇنىڭدىن تاياق يېگەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇش بولار ئىدى !» دەپ ئۆكۈنىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ چاغدا نادىر ھېچنېمىنى خىيالىغا كەلتۈرمەي ، ئۇچقاندەك بېرىپ ئەختەمنى قۇچاقلاپ ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يۇلۇۋالغان . بۇ بىر ئاڭسىز ھەرىكەت بولۇپ ، كىشى قولىنى قىزىق مەشكە يېقىۋالسا ، نېمىگە يېقىۋالغانلىقىنى ئويلاپ بولغۇچە قولىنى تارتىپ بولغاندەكلا ئىش ئىدى .

## 6

لېكىن ، ئەختەم بۇ يېقىنقى يىللاردا نادىر خۇدادىن تىلىگەن جازاغا ئۇچرايدىغاندەك ئەمەس ئىدى . يېشى ئەللىكتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ يەنە ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئەمگەك قىلاتتى . چۈمۈلىدەك تىرىشىپ تاپقان - تەرگىنىنى يىغاتتى . ئۇنىڭ بېغى مېۋىگە كىرىشى بىلەنلا تۇرمۇشى گۈلدۈرلەپ ئىلگىرىلەپ كەتتى . ھەر يىلى مىڭلاپ سوملۇق ئالما ساتاتتى . ئىككى يىلدىلا كۈزلەكتىكى كونا ئۆيلەرنى چۇۋۇپ تاشلاپ ، ئاستىنى ئالما ساقلايدىغان ئامبار قىلىپ ، پىشايۋانلىق ئۆيلەرنى سالدۇردى . مېۋىلەرنى پەرۋىش قىلىش ، باغقا قاراش ئىشلىرىغا ئادەم ياللايدىغان بولدى . باغنىڭ قورۇق تاملىرى ئۈستىگە كۆملاچ لاي قويدۇرۇپ ئېگىزلەتتى . ھېلىقى قارىياغاچلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غورۇنىڭ ئورنىغا چىرايلىق دەرۋازا بېكىتتى . نادىر تەقدىرنىڭ ئەختەمگە بېرىۋاتقان بۇ ئامەتلىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە



كۆزىتەتتى .

باي بولغانسېرى ئەختەمنىڭ تەبىئىتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان يەنە بىر ئىللەت — بېخىللىق باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى . كۈزلۈكى ئۇنى تاشيول بويىدىكى ئالما سېتىپ ئولتۇرىدىغان دېھقانلار ئارىسىدا ئۇچراتقىلى بولاتتى . بۇ يەرگە دېھقانلار باغلىرىدىكى مېۋە - چېۋىلىرىنى ئاچىقىپ ، ئۆتكەن - كەچكەن شوپۇرلار ، يىراقتىن كەلگەن باققاللارغا سېتىشاتتى . ئەختەم پەيدا بولۇشى بىلەنلا يۈزسىزلىك بىلەن باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزاتتى . ئالمىنىڭ بىر كىلوگرامىنى باشقىلار قىرىق — ئەللىك تىيىندىن سېتىۋاتقان بولسا ، ئۇ «ئوتتۇز تىيىندىن بېرىمەن» دەپ ، باققاللارنى ھېلىقى بىنەم يولىدىكى بېغىغا باشلاپ چىقاتتى . خېرىدارلارنى ئۇ يەرگە ئاپىرىۋالغاندىن كېيىنلا ئالمىنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتەتتى . شۇنداق بولسىمۇ ئالغۇچىلار يەنە قاقشاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالمىلىرىنى ئالاتتى . چۈنكى ، بۇ ياش كۆچەتلىك باغنىڭ ساپ ھاۋادا يېتىلگەن مېۋىلىرى يوغان ۋە رەڭدار ئىدى . ئەختەم خېرىدارلارنى يولغا سېلىۋېتىپ ، پۇللارنى نەلەرگىدۇر تىقىشتۇراتتى ، ھېچكىمگە قىل چاغلىق نەرسىنى ئۆتكۈزمەيتتى .

بىر كۈنى ئەختەم تاشيول بويىغا سېتىشقا ئەكەلگەن ئالمىلىرىنى پۇل قىلىپ بولۇپ ، ئۆكۈز ھارۋىسىغا يۆلىنىپ تۇراتتى . نېرىراقتا ماشىنىغا ئالما قاچىلاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان بىر دېھقان ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كېلىپ ، ئەختەمدىن سېۋەت سورىدى :

— ئاۋۇ سېۋەتلىرىڭدىن بىر - ئىككىنى بەش مىنۇتقا بېرىپ تۇر ، ئەختەمكا ، ئالمىلارنى غاچ - غۇچ قاچىلاپ ، مۇنۇ ماشىنىنى

يولغا سېلىۋېتەيلى .

— بەرمەيمەن ! — دېدى ئەختەم .

— بىكارمۇ تۇرىدىغۇ ؟

— مەن بىكار ئەمەس ، دېدىمغۇ ؟

— بېرىپ تۇرساڭ نېمە بولىدۇ ؟

— بەرمەيمەن دېدىم ، بەرمەيمەن !

— نېمانچە قىلىپ كېتىسەن ، خۇنى ئىككى سوملۇق نەرسىغۇ ؟

— ساڭا يۈز سوملۇق دەۋاتقىنىم يوققۇ ؟

— ماڭا قارا ، بىر ئادەم ئۆلسە تۆت ئادەم كۆمىدۇ ، يەنە بىر - بىرىمىزگە لازىم بولۇپ قالىمىز جۇمۇ !

— كۆمىمىسەڭ كۆممە ، ئۆلگەندىن كېيىن سېنىڭ كۆمگەن - كۆممىگىنىڭنى مەن نەدىن بىلەي !...

شۇ ئىشتىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىمايدىغان بولدى . ئەختەمنىڭ بىرەر كەمبەغەلگە ياردەم قولىنى سۇنغىنىنى ياكى بىرەر تىلەمچىگە سۇنۇق - يارماق تەڭلىگىنىنىمۇ ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس ئىدى . بۇ مەھەللىگە كېلىپ - كېتىپ يۈرگەن تىلەمچىلەر ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايتتى .

مەھەللىدە ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغان بىر يېتىمچى بار ئىدى . بىر يازلىقى ئۇ ئەختەمنىڭ ئۆرۈلگەن تاملىرىنى سوقۇپ ، ئېرىقلىرىنى چېپىشقانىدى . قىشقا كەلگەندە ئۇ خىجالەت تارتىپ ، يەنە ئەختەمنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدى .

— ئەختەم ئاكا ، پۇللىرى بولسا ئەللىك — ئاتمىش سوم ياردەم قىلسىلا ، يازدا ئىش - پىشلىرى بولسا قىلىشىپ بەرسەم



تەڭشىلىپ كېتەر ، — دېدى ئۇ .

— ھوي ، سېنىڭمۇ تۆت ئەزايىڭ ساپساق تۇرۇپتىغۇ ، ياپياش تۇرۇپ مېنىڭدىن پۇل سوراشقا نومۇس قىلمامسەن ؟ ! — دېدى ئەختەم ، — پۇلۇڭ بولمىسا خاڭغا چىقىپ ئىشلە . تىرىش ، تىرماش ، باشقىلاردىن بىر چىشلەم لوقمىنى تالىشىپ تارتىپ يە ؛ بولمىسا ئۆلۈپلا كەت ، نېمە قىلىسەن جېنىڭنى باقالمىغاندىن كېيىن زېمىنگە يۈك بولۇپ ؟...

ئەختەم ھەر يىلى ھارۋىغا قاتقان ئۆكۈزىنى يېڭىلاپ تۇراتتى . يېڭىلىمىسىمۇ بولمايتتى ، ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن ئۆكۈز تاياق زەربىسىدىن دۈمبىلىرى يېغىر بولۇپ ، بىر يىلغا ئارانلا چىدايتتى .

— ھوي ئەختەم ، ھايۋانغىمۇ ئۇۋال ! — دېگۈچىلەرگە ، ئۇ :

— تىلسىز نېمە ئايىغاننى بىلەمدۇ ؟... خۇدا ئۆزى ئۇنى تىرىكىدە كۈچىدىن ، ئۆلگەندە گۆشىدىن پايدىلىنىشقا ياراتقان ! — دەپ جاۋاب بېرەتتى .

بىر قېتىم ، ئەختەم بازارغا يەنە ئۆكۈز سېتىۋېلىشقا كىرگەنىدى ، مال بازىرىنىڭ بىر چېتىدىكى ئادەم ئولاشقان يەرگە كۆزى چۈشۈپ ، قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ يېتىپ باردى . ئۇ يەردە ئەختەمنىڭ مەھەللىلىكلىرىدىن بىرى بىر ئۆكۈزنى ئالماقچى بولۇپ ، ئارقىنىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى . پېشانىسى ۋە ئىككى بىقىنىدا ئېقى بار بۇ ئالا ئۆكۈز ياش ۋە كۈچلۈك كۆرۈنەتتى . «بولىدىغان ئۆكۈزكەن» دەپ كۆڭلىگە پۈكتى ئەختەم . قانچىگە سودا بولۇۋاتقىنىنى بىلىش ئۈچۈن شىپقاپ توپنىڭ ئالدىغىراق ئۆتتى .

ئۆكۈزنىڭ باھاسى تۆت يۈز سومغا پۈتۈلگەنىدى . مالغا

قارىغاندا بۇ باھا خېلىلا تۆۋەن ئىدى. ھېلىقى ئۆكۈزنى ئالماقچى بولۇۋاتقان دېھقاننىڭ يانچۇقىدا پۇلى بولمىسا كېرەك، تونۇش بىرەرى ئۇچراپ قالارمىكىن، دەپ ئۈمىد بىلەن ئەتراپقا بويۇنداشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئەختەمگە چۈشۈپ قالدى.

— ئەختەم ئاداش، پۇلۇڭ بولسا بېرىپ تۇرغىنا، يېنىمغا پۇل سالماي چىقىپتىمەن. قارا، يامان ئەمەس ئۆكۈزكەن... پۇلۇڭنى ئۆيگە بېرىپلا...

ئەختەم ئۈنچىقماي قولىنى قوينىغا سالدى ـ دە، بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ، تۆت يۈز سومنى شاراقلىتىپ ساناپ بەردى. ھېلىقى دېھقان خۇشال بولۇپ، ئۆكۈزنى يېتىلەپ بازاردىن چىققاندا، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئەختەم شاقلا قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئارقاننى تارتىۋالدى.

— خوش!؟ — دېدى دېھقان ھەيران بولۇپ.

— ئۆكۈز ئۆزۈمگە كېرەك! — دېدى ئەختەم.

— سودىنى مەن قىلغان تۇرسام!؟...

— سودىنى سەن قىلغان بىلەن پۇلىنى مەن سانىغاندىمەن؟... ئالساڭ چاي پۇلۇڭنى ئالىسەن!

شۇنداق دەپ ئەختەم يەنە ئون سومنى قوينىدىن چىقىرىپ يەرگە تاشلىدى ـ دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي ئۆكۈزنى يېتىلەپ كەتتى.

— ھوي ئەختەم، يۈز بارمۇ سەندە!؟ — دەپ ۋارقىراپلا قالدى ھېلىقى بىچارە دېھقان.

ئەختەمگە بالا ـ قازا ئەنە شۇ تالاشقان ئالا ئۆكۈزدىن كەلدى.



شۇ قېتىم ئەختەم ھارۋىغا كۆمۈرنى بولۇشىغا بېسىپ، ئۆكۈزنى پۇتاقلىق ئۆرۈك ياغىچىدا ئايىماي دۇمبالاپ، خاڭ يولى بىلەن كېلىۋاتاتتى. داۋانغا كەلگەندە ھارۋىنىڭ چاقى بىر كاتاڭغا جاق قىلىپ چۈشۈپ توختاپ قالدى. ئەختەم ئاغزىنى بۇزۇپ، ھارۋىنى پىرقىراپ، ئۆكۈزنى تېخىمۇ قاتتىق ساۋىغىلى تۇردى. بىر چاغدا، قارا تەرگە چۆمگەن ئۆكۈز جان ئاچچىقىدا بىر يۇلقۇنۇۋىدى، نېمىدۇر بىرنېمە «پاس» قىلىپ ئۈزۈلۈپ، ئۆكۈز ھارۋىدىن چىقىپ كەتتى. ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن ھارۋا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ بىر تەرەپكە قىيسايدى ـ دە، ھارۋىنى يۆلىۋالماقچى بولۇۋاتقان ئەختەمنىمۇ بىللە سۆرەپ تۆۋەنگە غۇلىدى...

ئەختەمنى ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن ھارۋىكەشلەر ئۆرۈلگەن ھارۋىنىڭ ئاستىدىن تەستە تارتىپ چىقىپ، ھارۋىغا سېلىپ مەھەللىگە ئەكەلدى. شۇ كېچىدىلا ئۇنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈشتى. ھارۋا ئۇنى نەق بەلدىن باسقان بولۇپ، ھوشىنى بىلمەي ئىڭراپ ياتاتتى.

## 7

ئەختەم دوختۇرخانىدا بىر قىش يېتىپ، ئەتىيازغا يېقىن چىقتى. مەھەللىلىكلەرنىڭ كۆزىگە ئۇ ئەمدى باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئەختەم بىر تەرەپكە ئوبدانلا ئاقسايدىغان بولۇپ ساقايغانىدى. كېسەل ئازابىدىن ئورۇقلاپ، قاپقارا چاچ ـ ساقاللىرى چارلىشىپ، ئۇنىڭغا بىردىنلا قېرىلىق يەتكەندەك قىلاتتى. مىجەزىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالغانىدى.

كىشىلەر : «كۆرۈپ تۇرۇڭلار ، ئەختەم ‹تەلۋە › دوختۇرخانىدىن ساق چىقىپ قالسىلا ھېلىقى ئالا ئۆكۈزنى بوغۇزلىۋېتىدۇ» دېيىشكەنىدى . ئەختەم ئۇنداق قىلمىدى . قىشچە بىكار يېتىپ سەمرىپ كەتكەن ئۆكۈزنىڭ يېنىغا ئېھتىيات بىلەن يېقىنلىشىپ ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ ، ئالدىغا چۆپ تاشلىدى . ئۇنى ھارۋىغا قېتىشقىمۇ ئالدىراپ كەتمىدى . باغنىڭ بىر يىللىق كۆكىنى چېچەك ۋاقتىدىلا بىر باققالغا ساتتى . ئۆزى پات - پات مەھەللىگە كېلىدىغان ، مەھەللە مەسچىتىگە كىرىپ جۈمە نامىزىدىن قالمايدىغان بولۇپ قالدى . جۈمە نامىزىدىن يانغاندا ئۇ ئالدىغا ئۇششاق بالىلار ئۇچراپ قالسا يانچۇقلىرىنى كولاشتۇرۇپ ئۇلارغا كەمپۈت تەڭلەيتتى . بالىلار ئۇنىڭغا ئەيمىنىپ يېقىنلاپ ، قولىدىكى كەمپۈتنى كاپلا ئېلىشاتتى - دە ، قېچىپ كېتىشەتتى . ئەختەم ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ ھىجىيىپ قوياتتى . كىشىلەر چاقچاق قىلىپ : «يائاللا ، مۇنۇ ‹تەلۋە › مۇ كۈلىدىكەن - ھە ؟… بالدۇرراق ھارۋىنىڭ ئاستىدا قالسا بوپتىكەن !» دېيىشىدىغان بولدى .

بىر كۈنى نادىر پېشايۋاندا كەتمەن ساپلاۋاتاتتى ، دەرۋازىدىن ئاقساقلاپ كىرىپ كېلىۋاتقان ئەختەمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .

— كەل ، ئەختەمكا ، ئۆيگە كىر ! — دېدى ئۇ ئالدىغا چىقىپ .

— سېنى كۆڭلۈم تارتىپ … ، — دەپ نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىدى ئەختەم پەلەمپەيدىن چىقىۋېتىپ .

نادىر ئەختەمنى ئۆيگە باشلاپ ئالدىغا داستىخان سېلىپ ، بىر پىيالە چاي قۇيدى ، ئاندىن :

— خوش ، قەدىمىڭ بۇياققا يېتىپ قاپتۇ ؟ — دەپ سورىدى .



— ھە ئۇكا ، — دېدى ئەختەم ، — مۇشۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن بۇيان ئادەم خۇمارى بولۇپ قالدىم… ئەھلىمەھەللە ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا يەتكۈزگەچ مۇشۇنچىلىك يەر دەسسەپ قالدىم ، دېگىنە ، بولمىسا شۇ ھارۋىنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلۈپلا قالاتتىممىكىن… سىلەر قانداق قارايسىلەركىن ، مەنمۇ خەقنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس . مانا ، سەنمۇ بىر چاغدا مېنى بىر بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدىڭ ، ئېسىمدە بار . شۇڭا ، كۆڭلۈمدە سېنى ھەممىدىن يېقىن كۆرىمەن… ساڭا سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى…

ئەختەم سۆزىنى توختىتىپ ، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى نادىرغا تىكتى .

— نېمە مەسلىھەتتى ، ئاكا ؟

— گەپنىڭ قىسقىسى ، ئۆيلىنەي دەيمەن !

— ياخشى گەپ ، — دېدى نادىر ، — بۇرۇنراق شۇنداق قىلىدىغان گەپتى . قارا ، پۇل تاپتىڭ ، بىر چىرايلىق ئۆيلەرنى سالدىڭ ، نېمە راھىتىنى كۆردۈڭ ؟… ئۆي دېگەن ئايال كىشى بىلەن ئاۋات بولىدىغان نېمە .

— راست ئېيتتىڭ ، ئۇكا ، راست ئېيتتىڭ ، ھېلىمۇ ئۆيلەنسەم كەچ ئەمەستۇ ؟

— ھېلىمۇ كەچ ئەمەس ، جان بار يەردە قازا بار…

— راست ئېيتتىڭ . مەنغۇ ئۆيلەنمەيلا ئۆتۈپ كېتەي دېگەن ، سەن دېگەندەك ، ئادەم دېگىنىڭ ھەممىشە بىر خىل ئۆتمەيدىكەن ، تىرىك جاننىڭ ئاغرىق - سىزلىقى ، ئۆلۈم - يىتىمى بولىدىكەن… مانا ، دوختۇرخانىدا ياتقىنىمدا باشقىلارنىڭ ئاش - تاماق ئەكېلىۋاتقان خوتۇن ، بالا - چاقىسى ، يوقلاپ كىرىۋاتقان

ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قوشنا ـ قولۇملىرىنى كۆرۈپ : «مەن نېمە بولغان ئادەممەنوي ! ؟» دەپ ئىچىمدىن تۇگىشىپلا كەتتىم . دوختۇرخانىنىڭ ھېلىقى تەمسىز تاماقلىرى ئېغىزغا تېتىسا ، بىللە ياتقان ئاغرىقلار ئۆيىدىن كەلگەن تاماقلىرىدىن بىرەر قاچىدىن سۇنۇشىدۇ . يوقلايدىغان ھېچنېمىسى يوق قانداق ئادەمدۇ بۇ ! دەپ قېلىشىۋاتامدىكىن ، دەپ خىجىل بولىمەن . مانا ، شۇنداق چاغدا مەھەللە جامائىتى بىر ـ ئىككى نۆۋەت يوقلاپ بېرىپ قويۇۋىدى ، تاغدەك خۇش بولۇپ كەتتىم... يەنە قارا ، ئادەم دېگەننىڭ ئالدى ـ كەينىدە چىرىغىنى يېقىپ قالىدىغان بىرەر ئەۋلادى بولمىسىمۇ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . دوختۇرخانىدا بىللە ياتقان بىرەيلەننىڭ ئۈچ ـ تۆت ياشلىق بىر ئوغلى باركەن ، ئاپىسىغا ئەگىشىپ كېلىدۇ . شۇمتەكنىڭ تاتلىقلىقىنى دېمەمسەن ، بىر كۈنى ياتسام ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ، كارىۋاتتىن ساڭگىلاپ قالغان قولۇمغا قورسىقىنى يېقىپ تۇرۇپ يۈزۈمنى سىلىماسمۇ ، يۈرىكىم «شۇررىدە» ئېرىپ كەتتى . ئويلاپ باقسام ، ئانامدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ھېچكىم مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ باقماپتۇ...

ئەختەم گېلىغا بىرنېمە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ گەپتىن توختاپ قالدى .

— بىرەر لايىق بارمۇ ؟ — دەپ ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى نادىر .

— لايىق دېدىڭما ؟... لايىق دېگىنىڭ يەنە ئادەم بولغاندىن كېيىن چىقىپ قالىدىكەن . دېگىنە . ئاۋۇ ئاياغ مەھەللىدىكى تۇغۇت ئانىسى بولۇپ يۈرگەن تۇل خوتۇننى بىلىسەن ، شۇ خوتۇننىڭ يېشى ئوتتۇزغا بېرىپ قالغان بىر قىزى بار ، دەيدۇ .



ئوتتۇز دەيدۇ ، بەلكىم ئوتتۇزدىنمۇ ئېشىپ كەتكەندۇ ، بولمىسا مەندەك بىر قېرىغا سالا قىلامدۇ ، دەيسەن... يەنە ، مۇنۇ بىزنىڭ مەھەللىدىكى مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە بىر مۇساپىر قىز بار ئىكەن . ئون سەككىز ياشلاردا بارمىش . مەيلى يىگىرمىدىمۇ بولسۇن ، ئىسمىنى ئايشىگۈل دېدىمۇ ، بىر نەرسە ، دېدى . مەزىن ئاخۇنۇم ئوبدانراق بىر لايىق چىقسا ، چېتىپ قويۇپ ساۋابىنى ئالسام ، دەپ ساقلاۋېتىپتۇدەك . ئۇنىمۇ كۆردۈم ، بولىدىغان بالا ئىكەن... شۇ ئىككىسىنىڭ قايسىغا توختايدىغىنىمنى بىلمەي ئالدىڭغا مەسلىھەتكە كىرىشىم . يېشىڭ مەندىن كىچىك بولسىمۇ ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ ماكان تۇتتۇڭ ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىسەن...

شۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە ئەختەمنىڭ پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقىپ كەتتى . ئۇ كىر ياغلىقى بىلەن پېشانىسىنى ئېرتىپ ، ئالدىدىكى سوۋۇپ قالغان چاينى بىر ئوتلاپ ، نادىرغا قارىدى . نادىر «ئەلۋەتتە ، ئۆزىنى توختاتقانراق بىرىنى ئالغىنىڭ ياخشى» دېمەكچىدى ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە مۇنۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمگە يىللاردىن بېرى كۆڭلىدە ساقلاۋاتقان ئاداۋىتى چۈشكەندەك بولدى ـ دە ، ئىختىيارسىز ئاغزىدىن :

— ئەلۋەتتە ئالغاندىن كېيىن ياشراقىنى ئال ، ئاكا ، پۇلۇڭنىڭ قەدرىنى چاقىدىغان ۋاقتىڭ مانا مۇشۇ ! — دېگەن گەپ چىقىپ كەتتى .

— سەنمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ ، — دەپ قىمىرلاپ كەتتى ئەختەم ، — ھېلىقى ئوتتۇزدىن ئاشقىنىنى ئالسام ، تۆت كۈندىلا ئانىسىدىن پەرقسىز بولا . ئۇنىڭدىن شۇ مەزىن ئاخۇنۇم سالا قىلغانغا تۇراي . چالا ـ پۇچۇق بىر ئەرگە

تەگكەن دەيدۇ . نېمە بولسا بولمامدۇ . ماڭا بۇ مەھەللىدە ياش ۋاقتىمدا بەرمىگەن ، ئەمدى كىم قىز بېرەتتى··· ياش ، كۈچى بار ، چىرايىمۇ بىر ئوبدان ئىكەن··· ئەمىسە ، مەن كەتتىم ، ئۇكا ، توي بولغۇچە بۇ گەپلەر ئاغزىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن ـ ھە ! مۇنداق ئىشنى دۈشمەن ئاڭلايدىغىنىنى ئوبدان بىلىسەن···

— خاتىرجەم بول ، ئەختەمكا ، مەن كىچىك بالىمىدىم .

نادىر ئەختەمنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىپ ، باراڭنىڭ ئاستىدىكى بەندىڭدە ئولتۇرۇپ موخوركا ئوراپ چەكتى . ئەمدى ئۇ كەتمەن ساپلايدىغان ئىشنى ئۇنتۇغانىدى . ئۇ ئەختەم ئېلىشنى قارار قىلغان ھېلىقى قىزنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . يېقىندىن بېرى مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە شۇنداق ناتونۇش بىر قىزنىڭ كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگىنى نادىرنىڭمۇ كۆزىگە چېلىققانىدى . ئۇ چىرايى بىر ئوبدان ، ياش ، ساغلام قىز كۆرۈنەتتى . «قېنى كۆرەرمىز ، بۇ بۇلبۇل سەن قېرى توكۇرنىڭ قەپىسىدە قانچە كۈن تۇراركىن !» دەپ ئويلىدى نادىر .

## 8

ئەختەمنىڭ تويى كۈزگە يېقىن داغدۇغىسىزلا بولۇپ ئۆتتى . كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا «قىز ھەققىي ئۈچۈن مەزىن ئاخۇنۇم ئەختەمدىن خېلى بىرنېمە يۇلۇپتۇدەك» دېگەن گەپ بار ئىدى . ئەختەمنىڭ مەزىنگە قانچىلىك بىرنېمە بەرگىنى نامەلۇم ، قىزغا بولسا پەقەت ئىككى قۇرلا كىيىم ـ كېچەك ئالغانىدى .



مۇساپىرچىلىقتا ئاچ ـ توق يۈرگەن بۇ قىز خاتىرجەم ۋە ئىسسىق بىر ئۆينىڭ بولۇشىنىلا ئارزۇ قىلىپ قالغانىدى .

ئايشىگۇل ئەختەمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئوڭچە قورۇ ، چىرايلىق ئۆي ، ئامباردىكى يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى كۆرۈپ ، ئۆز تەقدىرىگە شۈكۈر قىلدى . تەگكەن ئادىمى ياشتا چوڭ ، پۇتى توكۇر بولسىمۇ ، كىشىلەر ئېيتقاندەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئاز سىغمىغىنى ئەختەمنىڭ كوماك چىشى بولدى . ئەختەمنىڭ ئۈدۈلدىكى ئىككى چىشى ھارۋىنىڭ ئاستىدا قالغاندا ئۇۋۇلۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇنى ئوڭشىۋېلىش ئەختەمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى .

— ياشلىرىنىڭ چوڭلۇقىمۇ مەيلى ، — دېدى ئايشىگۇل توي كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ، — ئاۋۇ كوماك چىشلىرىنى بۇگۈنلا بېرىپ سالدۇرۇپ كەلسىلىمىغۇ ، كۆزگە غەلىتىلا كۆرۈنىدىكەن .

— ھە ، چىشلىرىمنى دەمسىز ؟ — دەپ ھىجايدى ئەختەم ، — ھېلىقى ھارۋىدىن يىقىلغاندا تاشقا تەگكەنمىكىن··· بولمىسا قالغان چىشلىرىم مانا ساپساقلا···

ئەختەم ئۆكۈز ھارۋىسىنى قېتىپ ، شۇ كۈنىلا ناھىيە بازىرىغا ماڭدى . ئايشىگۇل يەڭنى تۈرۈپ ، ھويلا ـ ئارامنى بېسىقتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىدى . ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ ، كىگىز ـ كېچەكلىرىنى تالاغا ئاچىقىپ قاقتى ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سېلىپ ، تام ـ تورۇسلارنى سۈپۈردى ، چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرنى جاي ـ جايىغا قويۇپ ، كېرەكسىزلىرىنى ئامبارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا جايلىدى . ئەختەم بازاردىن قايتىپ ئۆيىگە كەلگەندە ھويلا بۇرۇنقىدىن ئازادىلىشىپ ، ئۆينىڭ ئىچى يورۇپ ، چىرايلىق بولۇپ قالغانىدى .

شۇ قىش ئەختەمنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى . ئۇ تالا ـ تۈزلەرگە ئانچە چىقمايدىغان ، ھەپتىدە بىر قېتىم مەھەللە مەسچىتىگە كېلىپ ئوقۇيدىغان جۈمە نامىزىغىمۇ كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . ياش ئايالى ئۇنى ئاجايىپ بىر سېھىرلىك دۇنياغا باشلاپ كىرگەنىدى . ئايشىگۈل مۇساپىرچىلىقتا يۇرۇپ ، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ئېپىنى بىلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئاپئاق ، يۇمشاق بەدىنى ، نازلىق ئەركىلەشلىرى ئەختەمنى ئەقلىدىن ئازدۇراي دەپ قالدى . بۇ كۈزلەكتە باشقا يات ئادەم بولمىغاچقا تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى ، ئەتراپتا قوشنا ـ قولۇممۇ بولمىغاندىن كېيىن سۆز ـ چۆچەككە قېلىشتىن ئەنسىرەشمۇ ئوشۇقچە ئىدى . شۇڭا ، ئايشىگۈل ناھايىتى ئېچىلىپ كەتتى . ئۇ ناخشا ئېيتاتتى ، ئۇسسۇل ئوينايتتى . مۇنداق چاغدا ئەختەم ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ چاۋاك چېلىپ ، ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلاتتى . ئۇ دۇنيادا تاماق يېيىش ، ئۇخلاشتىن باشقا مۇنداق ھوزۇر ئىشلارنىڭمۇ بارلىقىغا ھەيران بولاتتى . پۇل تېپىپ راھىتىنى كۆرمەي ، دوم يېتىپ ، دوم قوپۇپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىگە ئېچىناتتى ، خۇشاللىقىدىن بەزىدە ئۇ تۆت پۇتلۇق بولۇپ ، ئايشىگۈلنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ، تاكى ئاقساق پۇتى ئاغرىغۇچە ئۆينى ئايلاندۇراتتى…

قىش كېتىپ ، باھار كەلدى . بىنەملىكلەرنىڭ كۈنگەي باغرىلىرىدىن دەسلەپىدىلا قار كېتىپ ، تەبىئەت ئويغىنىشقا باشلىدى . ئاندىن داللار ئاچ يېشىل مايسىلارغا پۈركىنىپ ، دۆڭلەردە قىپقىزىل لەيلىقازاقلار ئېچىلىپ كېتىشتى… باھار كېلىشى بىلەن ئەختەمنىڭ ياش خوتۇنى ئىچ پۇشۇقى ھېس



قىلىدىغان بولۇپ قالدى . ئەختەمنىڭمۇ ئەمدى كەتمەننى ئېلىتىش ، هارۋىنى ئوڭشاش ، ئۆكۈزنى تاقىلىتىش ، باغقا ئىشلەمچى يالاش دېگەندەك سىرتقا چىقىپ پۇتتۇرىدىغان ئىشلىرىمۇ خېلى بار ئىدى . مۇنداق چاغلاردا ئۇ كۈزلەكنىڭ دەرۋازىسىغا داتلىشىپ كەتكەن يوغان قۇلۇپنى سېلىپ ، ياش خوتۇنىنى ھويلىغا قاماپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى .

— سەن بىلمەيسەن ، — دەپ چۈشەندۈرەتتى ئۇ ئايالىغا بۇ ئىشنى ، — بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى يامان . كۆرەردە ـ كۆرمەستە كىرىپ ، قولىغا چىققان بىرنېمىلەرنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېرىشىدۇ…

ئېگىز تاملىق ھويلىنىڭ ئۈستىدىن باھار قۇشلىرى ئۇچۇپ ئۆتۈشەتتى . ئىچى سىقىلغان ئايشىگۈل بەزىدە شوتىنى قويۇپ ئۆگزىگە چىقىپ ، يىراقلارغا قارايتتى . ئەتراپتا يېشىللىققا پۈركەنگەن دۆڭلۈكلەر ، يەلپۈنۈپ تۇرغان دالا گۈللىرى ، تۆۋەندە — يىراقتىكى دەرەخلىكلەر ئارىسىدا كۆكۈچ تۈس ئېلىپ يېيىلىپ ياتقان مەھەللىلەر كۆرۈنەتتى . قايسىبىر هارۋا يولىدىن يولۇچىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالاتتى :

سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كىيسەم ،
ساڭا ئوخشامدىمەن يارىم…

تاغ شامىلى ناخشىنىڭ ئاخىرىنى يەنە نەلەرگىدۇر ئېلىپ قاچاتتى . ئايشىگۈلنىڭ شۇ دالىدا يۈگۈرۈپ قىيغاتقۇسى ، هارغاندا مايسىلار ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىپ ، تىنىق باھار ئاسمىنىغا قاراپ خىيال سۈرگۈسى كېلەتتى…

بىر كۈنى ئەختەم كۈزلەككە بىرنەچچە ئىشلەمچىلەرنى باشلاپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسلا ياش يىگىتلەر ئىدى، ئۇلار باغنىڭ ئېرىقلىرىنى چېپىپ، تام شورىلىرىنى ئېتىپ، ئىككى كۈنچە ئىشلىدى. ئەختەم ئۇلارغا پېشايۋاندا چاي بېرەتتى، داستىخاننى ئۆزى سېلىپ، ئايالىنىڭ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن سۇنۇپ بەرگەن چايلىرىنى ئۆزى دوڭغاسلاپ يۈرۈپ توشۇيتتى. ئەختەم خوتۇنىنى كۆرسەتمەي سىرلىق تۇتقانسېرى ئىشلەمچىلەرنىڭ قىزىقىشى ئېشىپ، ئايشىگۈلنىڭ چىرايى تاسادىپەن غىل - پال كۆرۈنۈپ قالغۇدەك بولسا، بىر - بىرىگە كۆز قىسىپ كۈلۈشۈپ قوياتتى. ئايشىگۈل ئۆيدە تۇرۇپ، پۇچقاقلىرىنى تۇرۇپ، يۇڭلۇق ئاياغلىرىنى پېشايۋاندىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان بۇ ئىشلەمچىلەردىن كېلىشۋاتقان ئەرلەرگە خاس تاماكا ۋە تەرنىڭ كۈچلۈك پۇرىقىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىگە يۇتاتتى. ئۇلارنىڭ ياش ۋە بېجىرىم قىياپىتىنى ئېرىنىڭ بىر تەرەپكە قىيسىيىشىپ، ماكچىيىپ كەتكەن گەۋدىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ شۈركۈنگەندەك بولاتتى.

ئىشلەمچىلەر كېتىشى بىلەنلا بۇ كۈزلەك چۆلدەرەپ قالغاندەك بولۇپ، ئايشىگۈل غەمكىنلىشىپ قالدى. ئۇ نېمىدۇر بىرنېمىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى، نېمىنى يوقاتقانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى. ئەختەم ياش ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ، قىشتىكى كۆڭۈللۈك كەيپىياتنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى. ئايشىگۈل بەزىدە بۇلۇتلار ئارىسىدىن «پالىلدە» كۆرۈنۈپ قالغان ئايدەك «ۋىلىققىدە» كۈلۈپ قالاتتى - دە، يەنە غەمكىنلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداق شامالنىڭ ئۇچۇپ يۈرگىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. دۇنيادا ئادەملەرنىڭ



قورسىقى تويغاندىن كېيىن، خىيالىغا كېلىدىغان ئىشلار ئازمۇ دەيسىز ؟...

ئەختەمنىڭ ئۆيىدىكى سوغۇقچىلىق مەھەللىدىكىلەرنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتتى. «ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇڭلار، — دەپ مۇلاھىزە قىلىشاتتى بەزىلەر، — يۇرت ئاتلاپ چىققان چوكان بوشمۇ، ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ، ئەختەمنى سويغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ قويۇپ قاچىدۇ!...»

ئايشىگۈل كۈزگە يېقىن راستتىنلا قېچىپ كەتتى. بۇ ئىش ئەختەم ئىككى تاغار بۇغداينى ئۆكۈز ھارۋىغا بېسىپ، دەرۋازىنى ئوبدان قۇلۇپلاپ، تۈگمەنگە كەتكەن كۈنى بولغانىدى. ئەختەم كەچكە يېقىن ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، دەرۋازىنى ئېچىپ، ھارۋىنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيدەپ كەلدى، ئاندىن:

— ھاي، ئايشىگۈل، ئامبارنى ئاچ، ئۇننى ئەكىرىۋېتەيلى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۆي ئىچىدىن جاۋاب بولمىدى. ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى داغدام ئوچۇق تۇراتتى. ئەختەم ئايالىنى ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، دوڭغاسلاپ مېڭىپ ئۆيگە كىردى. ئۆيدىمۇ ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى - دە، ئالدىراپ ھويلىغا قايتىپ چىقتى. ئۇزۇن شوتا ھويلىنىڭ ئارقا تېمىغا يۆلەكلىك تۇراتتى. ئەختەم شوتا بىلەن چىقىپ تۆۋەنگە قارىدى. تام تۈۋىدىكى يۇمشاق توپىدا يۇقىرىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن بىرىنىڭ ئېنىق ئاياغ ئىزى تۇراتتى. ئەختەم ھويلىدىن چىقىپ، تام تۈۋىدىن باشلانغان ھېلىقى ئىزنى قوغلىشىپ خېلى يەرگىچە باردى. بۇ ئىز يىراقتىكى توپىلىق يولغا، توپىلىق يوللار دالىنى كېسىپ

ئۆتىدىغان چوڭ تاشيولغا، بۇ تاشيوللار بولسا ئالەمنىڭ يەنە ئەختەم بىلمەيدىغان تالاي يوللىرىغا بېرىپ تۇتىشاتتى... ئايالنى ئىزدەپ كېتىپ بارغان ئەختەمنىڭ خىيالىغا تۇيۇقسىز بىر ئىش كەلدى ـ دە، ئالدىراپ كەينىگە ياندى. ئۆيگە كىرىپلا كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى كىچىك كونا ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇقتىكى كونا پاختىلىق ئىشتاننىڭ پۇچقىقىدا ئۇ ساقلاپ يۈرگەن نەق پۇللار ئۆز پېتىچە تۇراتتى. ئايشىگۈل پەقەت قاچا ـ قۇچىلار تىزىقلىق ئۇستەلنىڭ يېنىدىكى چوڭ ساندۇقتىن بىر ـ ئىككى قۇر كىيىمنىلا ئېلىپ ماڭغانىدى. ئەختەم تېخىمۇ ھەيران بولدى. دۇنيادا پۇل، مالغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان مۇھەببەت، كۆڭۈل دېگەن نەرسىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇ تېخى ئانچە چۈشەنمەيتتى.

شۇ كېچە ئەختەمگە بۇ كۈزلەك گۆردەك قورقۇنچلۇق ۋە جىمجىت بىلىندى. ئۇ دەرۋازىسىنىمۇ ئوچۇق قويغانىدى. تىرىق قىلغان ھەربىر ئاۋازغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالاتتى. ئاپئاق تاڭ ئېتىپ كەتتى، ئايشىگۈلدىن شەپە بولمىدى. ئەختەم ئايالىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆڭلىدە جەزملەشتۈردى ـ دە، ئەتىگەندىلا مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— قاچتى! — دېدى ئەختەم مەزىننىڭ ئۆيىگە كىرىپلا.

— نېمە قاچتى؟ — دېدى پەرىجىسىنى قوزۇقا ئىلىۋاتقان مەزىن ئاخۇنۇم ئەختەمنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي.

— ئايشىگۈل قاچتى!

— نەگە قاچىدۇ؟

— شۇنداق بولىدىغىنىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تالا ـ تۈزگىمۇ چىقارماي يۈرەتتىم، — دېدى ئەختەم، — تۈنۈگۈن تۈگمەنگە بېرىپلا قايتىپ كەلسەم، ئۆيدە يوق... ئارقا تامغا شوتا قويۇقلۇق



تۇرۇپتۇ، تامدىن چۈشۈپلا قېچىپتۇ.

— قاچقان بولسا مېنى نېمە قىل، دەيسەن؟

— ئەمدى... بارىدىغان يېرىنى سىلىنى بىلەمدىكىن دەيمىنا.

— مەن نەدىن بىلەي... شەھەرگە كىرسەم دەڭدە يۈرۈپتىكەن. «مۇشۇ يەردە ئاچام بولىدىغان، قايسى يېزىدىلىقىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدىم» دېدى. قارىسام، تۈزۈكلا قىز. «يۈر، قىزىم، مەن سېنى بىزنىڭ مەھەللىگە ئاچىقىپ، ئوبدانراق بىر ئادەمگە چېتىپ قوياي. شەھەر يېرىدە مۇنداق قاڭقىپ يۈرسەڭ يامان ئادەملەر بۇزەك قىلىپ كېتىدۇ، ئاچاڭنىمۇ ئاستا ـ ئاستا سۈرۈشتە قىلىپ تېپىۋالارسەن. ئايال كىشى دېگەنگە ئاۋۋال باشپاناھ بولىدىغان بىر ئەر لازىم» دەپ باشلاپ چىقتىم. مانا، تەقدىر نېسىپ، ساڭا بۇيرۇغانىكەن، خوتۇن قىلدىڭ. سېنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتكەن ئادەمنى ئەمدى مەن نەدىن تېپىپ بېرەتتىم؟... خوتۇن دېگەننى چىڭ تۇتۇش كېرەك ـ دە!

— مېنى چىڭ تۇتمىدى، دەمدىلا؟!

— چىڭ تۇتتۇم، دەپ دەرۋازىغا ئاتنىڭ كاللىسىدەك قۇلۇپنى سېلىۋالساڭلا ھېساب ئەمەس ـ دە!... تاپقان پۇلۇڭنى ئەسكى چاپىنىڭنىڭ ئەستىرىگە تىقىپ، قولىغا بىر تىيىن تۇتقۇزمىغانسەن؟ يىراق ـ يېقىنلارغا ئاپىرىپ كۆڭلىنى ئاچمىغانسەن؟

— مانا، خۇدا تۇرۇپتۇ، كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان بىرەر ئىش قىلغان بولسام...

— ئەمىسە، ئەتراپىنى ئوبدانراق سۈرۈشتۈرۈپ باق يا بولمىسا ئۆزى قايتىپ كېلىپمۇ قالار...

## 9

يەنە بىر قىش ئۆتۈپ ، باھار كەلدى . كەچ كۈزدە ئىسسىق يۇرتلارغا كۆچۈشۈپ كەتكەن پەسىل قۇشلىرى بىر - بىرلەپ قايتىپ كەلدى . ئېدىرلاردا تورغايلار چۇرۇقلىشاتتى ، قارىغۇجىلار ئېرىق بويلىرىدىن سازاڭ ئىزدەيتتى ، باشلىرى ئۈستىدىن قاتارلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارنى كۆرگەن دېھقان بالىلىرى : «ئارغامچا ! ئارغامچا !…» دەپ سەكرىشەتتى . ئايشىگۈلنىڭ شۇ كۈنگىچە دېرىكى بولمىدى . ئەختەم ئۇنى ئىزدەپ شەھەرگىچە باردى ، خېلى سۈرۈشتۈردى ، ھېچكىم ئەختەم سۈرەتلەپ بەرگەن چوكاننى كۆرگىنىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى . ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ، ئايشىگۈلنىڭ ئۆيدىكى پۇل-دۇنيادىن ھېچنېمىنى ئالماي كەتكىنى ئەختەمنى ئويغا سالىدىغان بولۇپ قالدى . ئەمدى ئۇ كونا ئىشتاننىڭ پۇچقىقى ، يوتقاننىڭ ئەستىرى ، ئامبارنىڭ تورۇسلىرىدىكى ئاللىقانداق بىر يەرلەرگە تىقىشتۇرۇقلۇق پۇللىرىغا ئۆزىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى ، نادىر مەھەللىنىڭ ئىككى - ئۈچ ياش بالىلىرى بىلەن ئۆستەڭ بويىدىكى چىملىقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . يىگىتلەر ھاراق ئىچىشىۋاتقان بولۇپ ، نادىرغىمۇ زورلاپ بىر رومكا ئىچۈرۈپ قويغانىدى . شۇ چاغدا يول ئۈستىدە ئەختەم پەيدا بولدى - دە ، نادىرنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— ئەختەمكا ، سەنمۇ بىرەر رومكا كۆتۈرۈۋېتەمسەن ؟ دەردىڭگە داۋا بولىدۇ ، — دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرى چاقچاق قىلىپ .



— ئىچمەيمەن ، — دېدى ئەختەم .

نادىر بايىقى بىر رومكا ھاراق بىلەن قىزىپ قالغانىدى :

— شۇنداق قىلىپ ، خوتۇندىن ئايرىلدىڭ ، ئەختەمكا ؟ — دەپ سوراپ قالدى .

— خوتۇندىنلا ئايرىلسام مەيلىتتىغۇ ، — دېدى ئەختەم ، — بالامدىنمۇ ئايرىلدىم .

— بالامدىن ! ؟

— ھە ، ئۇنىڭ قورسىقىدا بالا بار ئىدى . ئىككى جاندىن بىراقلا ئايرىلدىم .

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئەختەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشۈپ ، مەڭزىدە توختاپ قالدى .

— ھېلىقى چاغ ئېسىڭدە باردۇ ، ئەختەمكا ؟ — دەپ سورىدى نادىر .

— قايسى چاغنى دەيسەن ، ئۇكا ؟ خۇدايىمنىڭ كۈنلىرى تولا ، قايسىبىرى ئېسىمدە قالسۇن .

— ئېسىڭدە ، تازا ئېسىڭدە !… ھېلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن نېمە بولۇۋاتقان چاغ . سەن بىزنى بىر قىش ئۆستەڭدە ئىشلەتتىڭ . بىر كۈنى : كىيىملىرىم ناھايىتى بېزەپلىشىپ كەتتى . رۇخسەت قىلساڭ ، ئۆيگە بېرىپ كىيىم - كېچكىمنى بىر يۆتكەپ كەلسەم ، دېدىم . سەن ماڭا تازا قاراپ كېتىپ : «كىيىمىڭنى يەڭگۈشلىۋېلىپلا كېلىسەن ، باشقا ئىش يوق - ھە ! ؟» دېدىڭ . «ھە ، كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلىۋېلىپلا كېلىمەن» دېدىم . «بوپتۇ بار !» دېدىڭ .

ئۆيگە كەلسەم ئايالىم پايپېتەك بولۇپ سۇ ئىسسىتىپ يۇيۇپ ، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ قويماقچى بولدى . سۇ

ئىسسىغۇچە دەپ ئەر - خوتۇن بىردەم ياتماقچى بولدۇق. ئەمدىلا يېتىپ تۇراتتۇق، سەن بىر - ئىككى شايكاڭنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردىڭ. «قوپ ئورنۇڭدىن، كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن!» دەپ مېنى يوتقاندىن تارتىپ چىقاردىڭ... ئېسىڭدىدۇ؟

— ئېسىمگە كەلدى، ئۇكا، بۇ سورىغۇچىلىكى يوق بەك كونا خامانغۇ؟...

— نېمە دېدىڭ؟!... ساڭا كونا بولغان بىلەن مېنىڭ هازىرغىچە يۈرىكىمدە...

— ئۆزۈڭ شۇ چاغدا «كىيىملىرىمنى يەڭگۇشلىۋېلىپلا كېلىمەن» دېگەنىدىڭ، قارىساق، قاراڭغۇ چۈشكىچە كەلمىدىڭ، بارساق ئايالىڭ بىلەن يوتقانغا كىرىۋاپسەن...

— شۇ چاغدا سەن ئوتتۇزدىن ئېشىپ قالغان خېلى چوڭلا ئادەم ئىدىڭ. مەن يىگىرمىدىن ئەمدىلا ئاشقان يىگىت ئىدىم. توي قىلغىنىمغا ئىككى - ئۈچ ئايمۇ بولمىغانتى... سەنمۇ ئادەمغۇ؟

— ۋايتاڭەي، ئۇكا، بەزى ئىشلىرىمنى ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭمۇ ئادەملىكىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئانامغىمۇ رەھىم كەلمىگەن...

— يەنە ئاڭلاپ تۇر، شۇ كۈنى مېنى ئىش ئورنىغا ئاپىرىپ كېچىلەپ كۈرەش قىلدىڭ، پېشانەمدىكى مۇنۇ تارتۇق سەندىن يېگەن بىر مۇشتتىن قالغان... يازدا بىنەمگە ھەيدىدىڭ، كۈزدە يەنە ئۆستەڭگە ئەكەلدىڭ. كۈدە - كۆرپىمىزنى كۆتۈرۈپ سەرسان بولۇپ، بىر يىل ئۆيگە قايتالمىدۇق. شۇ چاغدا ئايالىمنى دادىسى ئۆيۈمدىن ھەيدەپ كەتتى. مۇشۇ مەھەللىدە ئۆزۈم كۆيۈپ -



پىشىپ تاللىۋالغان قىزىم ئىدى. ئارىمىزغا تىكەن بولدۇڭ... خەۋىرىڭ بار، ئىككى ئۆيلەندىم، تۇرمۇش دەپلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن... يېگەن تاياقلىرىمنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم، شۇ قىلغىنىڭنى ئۇنتۇيالمىدىم. سېنىڭمۇ شۇنداق بىر ئازابلىنىپ بېقىشىڭنى تىلىگەنىدىم، ئۆزۈڭ خوتۇن تۇغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ كىرىپ قالدىڭ. ياشراقىنى ئال، دېگىنىممۇ شۇ ئىدى. مانا، خۇدا ساڭىمۇ كۆرسەتتى. سەنمۇ تارتىپ باق، ئاكا، ھەسرەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن ئادەم ئادەممۇ؟ قارا، كۆزۈڭدىن ئازراق ياش چىقىۋىدى، ئەمدى بىر ئادەمدەك كۆرۈندۇڭ!...

ئەختەم ئاسقاق پۇتىنى ئالدىغا سۇنۇپ ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك ياش بالىلارنىڭ بىرى:

— ئەختەمكا، ھەرقاچان خوتۇنۇڭ بۇ چاغقىچە كۈچى باردىن بىرنى تېپىپ تەگدى دېگىنە، بالاڭ تۇغۇلغان بولسا، چوڭ بولغاندا كىملەرنىڭ ئىشىكىدە بويىنىنى قىسىپ يۈرەركىن ...، — دەپ سالدى.

يېنىدىكى ئاغىنىسى گەپ قىلىۋاتقاننى «بولدى قىل» دېگەن مەنىدە جەينەكلەپ قويدى. ئەمما، ئەختەمگە ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ «لەپپىدە» قارىدى -دە:

— قويۇشە ئاۋۇ نېمەڭدىن! — دېدى.

— نېمىدىن؟! — دەپ ھەيران بولدى نادىر.

— هارىقىڭدىن!

— ئىچسەڭ ئۆزۈڭ قويۇپ ئىچ. هاراق ئىچمەيدىغان ئادەمگە هاراق قويۇپ بېرىپ گۇناھىڭغا قالايلىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ گۇناھىنى تارتساقمۇ يېتەر!

ئەختەم يېرىملىشىپ قالغان هاراقنى بوتۇلكىسى بىلەنلا قولىغا ئالدى ـ دە ، كۆتۈرۈپ غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپلىۋەتتى .

— مانا ، — دېدى بىرەيلەن ، — هاراق دېگەننى شۇنداق ئىچەمدا ؟ !

— قانداق ئىچىدۇ ؟

— بىرەر سائەت پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىچىدىغان نېمىنى سەن بىر دۈم كۆمتۈرۈپلا يوق قىلدىڭغۇ .

— مە ، ماۋۇ پۇلغا يەنە هاراق ئەكېلىپ ئىچىش !

ئەختەم يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن بەش سوملۇقتىن بىرنى چىقىرىپ چىملىققا تاشلىدى ـ دە ، ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ كېتىپ قالدى .

## 10

هېلىقى خىسلەتلىك سۈيۈقلۇق ھەقىقەتەنمۇ كارامىتىنى كۆرسەتتى . شۇ كېچە ئايشىگۈل ئەختەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىياپەتتە پەيدا بولدى . بىردە قىز شوخ ناخشىلارنى ئېيتىپ ، پىرقىراپ يىراقلاپ كېتەتتى ، بىردە ئەركىلەپ كېلىپ ، ئەختەمگە چىرمىشاتتى... هاراقنىڭ پەيزى تارقالغاندا ئەختەم ئاللىقاچان كىگىز ئۈستىدىلا ئۇخلاپ قالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ چىرايىدىن تېخىچە كۈلكە ئۆچمىگەنىدى...

ئەتىسى ئەختەم بېشى ئاغرىپ ، ناهايىتى خارامۇش قوپتى ، تېڭىرقاپ ئەتراپىغا قارىدى . كېچىدىكى كۆڭۈللۈك كۆرۈنۈشلەر نەلەرگىدۇر غايىب بولغان بولۇپ ، يەنە شۇ سوغۇق ، كۆڭۈلسىز ئۆي ، يېگانە ئۆزىلا قالغانىدى...

كەچكە يېقىن ئەختەم تاشيول بويىدىكى يېمەكلىكلەرنى



ساتىدىغان كىچىك بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى .

—هارىقىڭدىن قۇي ! — دېدى ئۇ دۇكانغا كىرىپلا مال ساتقۇچىغا قاتار تىزىقلىق تۇرغان بوتۇلكىلارنى شەرەتلەپ .

— قانداقىدىن ؟

— هاراق دەۋاتىمەنغۇ ، قانداقى دېگىنىڭ نېمىسى ؟

— قىزىلىدىنمۇ ، ئاقتىنمۇ ؟

— تازا كۈچلۈكىدىن .

— قانچىلىك ؟

— يېرىم بوتۇلكا .

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەختەر هەر كۈنى كەچكە يېقىن مۇشۇ دۇكانغا كېلىپ هاراق ئىچىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭغا هېلىقى ئۈستەك بويىدىكى يېرىم بوتۇلكا ئۆلچەم بولۇپ قالغانىدى . يېرىمنى بىراق كۆتۈرەتتى ، زاكۇسكىمۇ يېمەي ، ئۆيىگە بېرىپ خىيال سۈرۈشكە ئالدىرايتتى ، ئايشىگۈل بىلەن ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ زېرىكمەيتتى ، يەنە ئۇنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئۆينى ئايلاندۇراتتى . خىيالىدا ئۇنىڭ بالىسىمۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ قالغان بولۇپ ، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئۈستىرا كۆرمىگەن ساقاللىرىنى تارتىپ ئوينايتتى... دەسلەپتە ئەختەمگە هاراق ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا تەسىر قىلاتتى ، كېيىن ئۇنى يول ئۈستىدىلا تۇتىدىغان بولدى . ئاخىرىغا بېرىپ ئۇ قاۋاقتىنلا دەلدەڭلەپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى .

قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان بىر قىش كۈنى ئەتىگەنلىكى ، كۆمۈردىن قايتقان هارۋىكەشلەر مەهەللىگە ئەختەمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ كەلدى . بىچارە مەستچىلىكتە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ، ئۆيدىكى هېلىقى ئۆزىنى تاشلاپ كۆڭۈللۈك

خىياللارنى سۇرىدىغان كىگىزنىڭ ئۈستىگە يېتەلمەي يولدىلا يىقىلىپ توڭلاپ قالغانىدى. «هاراق ئىچىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش دۇرۇس ئەمەس» دەيدىغان گەپ بولسىمۇ، مەھەللە مەزىنى ئەختەمنى ئۇنچىقماي يۇيۇپ كېپەنلىدى. ئۇنىڭ نامىزىغىمۇ خېلى كۆپ ئادەم داخىل بولدى. جامائەت تاۋۇتنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ تۇپراقلىققا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ تاۋۇتنى ئېلىپ ماڭغان ئاشۇ توپىنىڭ ئىچىدە ئۆز ۋاقتىدا ئەختەمدىن تاياق يېگەنلەرمۇ، بىر سېۋەتنى سوراپ ئالالمىغان باققالمۇ، پۇل سوراپ بېرىپ هارغۇچە دەشنام يېگەن هېلىقى يېتىمچىمۇ، بازاردىن چىقىپلا قولىدىكى ئۆكۈزىنى تارتقۇزۇپ قويغان دېھقانمۇ بار ئىدى. شۇ تاپتا ھەممىنىڭ ئېسىدىن ئۇ ئۆتمۈش كۆتۈرۈلگەندەك قىلاتتى... نادىر جامائەتنىڭ ئارقىسىدىن ئېملەرگىدۇر پۇتلىشىپ ئاران يېتىشىپ كەلمەكتە ئىدى. ئېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەختەم بىلەن ئۆستەڭ بويىدىكى چىملىقتا پاراڭلاشقاندا، كەچ كۈزنىڭ كېچىكىپ چۈشكەن يامغۇرىدەك سىرغىپ، ئېقىپ ئەختەمنىڭ مەڭزىدە توختاپ قالغان ئىككى تامچە ياش كەتمەيتتى. ئاچچىق بىر سېزىمدىن ئۇنىڭ بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچى ئېچىشقاندەك بولاتتى...

1991 - يىل 4 - ئاي، ئىلقا



# ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس

پىشمايىن سىرى مەۋجۇت خام قالدى ئالەم ئۆزى پېتى،
يا تېشىلمەي گۆھىرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.
گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ ھەركىم ئاڭا مەنە ئېيتسىمۇ،
ئەسلىي چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.
— فارابى

«ئىلى گېزىتى»نىڭ 1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سانىغا بېسىلغان: «ياش ئوقۇتقۇچى قاسىم سىدىق ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، فىزىكىغا ئائىت يېڭى ئىلمىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى... » دېگەن خەۋەرنى ئوقۇپ ھەيران قالدىم. مەن بىلىدىغان قاسىم سىدىق فىزىكىچى ئەمەس، بەلكى شائىر ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەملىك ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىتابخانلىرىمىزدا چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. قانداق قىلىپ بۇ ئاپتورىمىز بىر ئەدەبىياتچىدىن فىزىكا نەزەرىيىچىسىگە ئايلىنىپ قالدى؟... بىزنىڭ ئىسلاھات روھىغا تولغان بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە خىلمۇخىل مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاسىمنىڭ ھەممە نەرسە ئۈستىدە ئۆزگىچە تەپەككۇر يۈرگۈزىدىغان «غەلىتە» مىجەزىمۇ كۆپچىلىككە ئايان. شۇڭا، قاسىم سىدىق ھەققىدىكى بۇ يېڭى خەۋەر مەندە قىزىقىش پەيدا قىلدى. ئۇنى ئالاھىدە زىيارەت

قىلدىم. بىرقانچە قېتىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ فىزىكىغا ئائىت يېڭى قاراشلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن يۈزە بولسىمۇ چۈشەنچە ھاسىل قىلدىم. مېنى ھەممىدىن قىزىقتۇرغىنى بۇ نەزەرىيە ئەمەس، قاسىمنىڭ شۇ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئۆز نەزەرىيىسى شەرھلەنگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇرۇش، مۇھاكىمىگە قويۇش ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرۈپ بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى بولدى. شائىرنىڭ بۇ يېڭى سەرگۈزەشتىلىرىنى كەڭ كىتابخانلارنىڭمۇ ئاڭلاپ بېقىشىغا سۇندۇم.

## شائىرنىڭ چۈشى

بىزنى ئوراپ تۇرغان بۇ بىپايان كائىنات ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلسا، سىرلىقلىقى بىلەن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. كېچە ئاسمىنىنى بېزەپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار زادى نېمە؟ ئالەمنىڭ چېكى قەيەردە؟ قۇياش، ئاي، يەر شارى ۋە پۈتۈن ئالەم جىسىملىرىنى پىرقىرىتىۋاتقان قۇدرەت زادى نەدىن كەلگەن؟ نېمىشقا تەبىئەتتە ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى شۇنچە قانۇنىيەتلىك؟... ئىنسان ئالەم توغرىسىدىكى مۇشۇنداق سانسىز سوئاللار ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، قىياس، تەسەۋۋۇر ۋە ئىلمىي تەجرىبە ئۆتكۈزۈشلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنيانى بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. تەبىئەت ئىنساننى ياراتتى، ئىنسان تەبىئەتنى تونۇشقا باشلىدى. ئېھتىمال بۇ تەبىئەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى بولسا كېرەك. لېكىن، بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىز كائىنات توغرىسىدىكى بىلىملەر



قامۇسىنىڭ بىر ۋارىقىلا، خالاس. مېخانىكىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ ئالىم نيوتون ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئالەم توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى بىر دېڭىزغا ئوخشىتىپ: «مەن ئاشۇ دېڭىز بويىدا ئويناۋاتقان بىر بالىغا ئوخشايمەن؛ بەزىدە يالتىراق ۋە چىرايلىق بىرەر تاشنى تېپىۋېلىپ خۇشال بولدۇم، لېكىن ھەقىقەت دېڭىزىغا تېخى يېتەلمىدىم» دېگەنىدى.

چەكسىز كائىناتتا سادىر بولۇپ تۇرغان ھادىسىلەر شۇنچىلىك رەڭگارەڭ ۋە شۇنچىلىك سىرلىق. دەل ئاشۇ سىرلىقلىق كىشىنى جەلپ قىلىدۇ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. يالغۇز مەخسۇس پەن خادىملىرى، ئالىملارلا ئەمەس، ھەركىمنىڭ ئالەم ئۈستىدە ئويلىنىش ھوقۇقى بار. تەبىئەتنىڭ ئالىي مېۋىسى بولغان ئىنسان دەل ئاشۇنداق تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى بولغاچقا، باشقا بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىز ھەممىمىز ئۇخلاش، تاماق يېيىش، كۈندىلىك ئىشلارنى بېجىرىشتىن سىرت، يەنە بەزىدە ئىختىيارسىز ئالەم توغرىسىدىكى خىياللارغا كېتىپ قالىمىز... بىزنىڭ ياش شائىرىمىز قاسىم سىدىقنىمۇ خېلىدىن بېرى ئالەم توغرىسىدىكى مۇشۇنداق قىزىقىشلار چۇلغىۋالغانىدى. ئالەمدە ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان ماددىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، دەيدىغان بولساق، ئۇنداقتا، شۇ ماددىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ماكانى بولۇپ تۇرغان بوشلۇق نېمە؟ ئېينىشتېيىنىڭ بوشلۇق ئەگرىلىكى نۇقتىئىنەزەرىگە قارىغاندا، بوشلۇقمۇ مۇئەييەن بىر شەكىلگە ئىگە نەرسىمۇ، قانداق؟ ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قارشى تەرىپى بولىدۇ. ئۇنداقتا، «ھەرىكەت»نىڭ قارشى تەرىپى «جىملىق»، «بارلىق»نىڭ

قارشى تەرىپى «يوقلۇق» بولالامدۇ؟ «جىملىق» ۋە «يوقلۇق» دېگەنلەر زادى ئوبيېكتىپ مەۋجۇتمۇ، يوق؟…

غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى قەدىمىي، خىلۋەت يېزىلارنىڭ بىرى — دادامتۇ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بۇ شائىرىمىز دائىم يۇقىرىقىدەك سوئاللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى.

شائىرنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىكى سوزۇلۇپ ياتقان ئېتىزلاردا كۆپكۆك بۇغداي مايسىلىرى يەلپۈنەتتى، ئېتىز يوللىرىدا دولىسىغا كەتمەن سالغان دېھقانلار، تۆۋەندىكى بۇلاقلاردىن سۇ ئاچىقىۋاتقان سەھرا قىزلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. يۇقىرىدا بىنەملىكلەر، ئۇنىڭمۇ يۇقىرىسىدا ئاق باش تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كېچىلىرى يىراقتىكى تاشيولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى، توپىلىق يېزا يولى بىلەن يىراقلاپ كېتىۋاتقان يولۇچىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مانا بۇ مۇھىت قاسىم سىدىقتا نۇرغۇن شېئىرىي تۇيغۇلارنى ئاتا قىلغان.

بىر شېئىرىدا ئۇ:

ئاسمان يېپىنچامدۇر، زېمىن بۆشۈكۈم،
يۇلتۇزلار خەزىنەمنىڭ لەئەل - ياقۇتى.
دېڭىزلار پىيالەم، كەۋسىرىم پەيۋەس،
قۇياشلار ئۆمرۈمنىڭ مەڭگۈلۈك ئوتى.

دەپ يازغانىدى. ئاشۇ قۇياش، ئاشۇ يۇلتۇزلار ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ پىكرىنى تولىمۇ يىراقلارغا ئەكېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىياللىرى كۆز يەتمەس ئاسمان جىسىملىرى، ئاتوم، مولېكۇلا



ۋە قانداقتۇر بوشلۇق، يوقلۇق دېگەندەك نەرسىلەر ئارىسىدا تېنەپ يۈرەتتى. تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان قىزىقىش ئۇنىڭدىكى ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەسنى بىر مەزگىل بېسىپ كەتتى. ئۇ ئالەم توغرىسىدىكى بۈيۈك پىكىرلەر ئىلكىدە ئويلىناتتى، كىتاب كۆرەتتى، ئويلىناتتى، كۈندۈزى ئويلىغانلىرىنى بەزىدە چۈشىدىمۇ كۆرەتتى. ئاخىرىدا قاسىم سىدىق ئۆزىنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى يېڭى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، ئۈچ پارچە ماقالە يېزىپ چىقتى. بۇ ماقالىلىرىدە ئۇ ئاساسەن «شەكىل» ۋە «بوشلۇق»تىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى شەرھلەشنى چىقىش قىلدى.

ئالدى بىلەن بىز قاسىم سىدىق ئىلگىرى سۈرگەن كۆزقاراشلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى يەڭگىل مۇلاھىزىلەرگە ئۆگىنىپ قالغان كىتابخانلارنىڭ ئېغىر پەننىي ئاتالغۇلار بىلەن يېزىلغان تۆۋەندىكى سەھىپىلەرنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەي ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن:

«شەكىل» نېمە؟ قاسىم سىدىق «بوشلۇق نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسلىرى» دېگەن ماقالىسىدە فىزىكىلىق شەكىلگە تەبىر بېرىپ: «فىزىكىلىق شەكىل ئەلۋەتتە بىر خىل ئوپتىك مۇئەييەنلىك، يەنى ئۇ ئەمەلىي گەۋدە (سۇبستانسىيە)نىڭ شەكلى» دەپ يازغان بولسا، «بوشلۇق ۋە ئالەمنى بىلىش مەسىلىسى» دېگەن ماقالىسىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ: «شەكىل — مۇئەييەن ئوپتىك ۋە گېئومېترىيىلىك قىممەت. ئاپتور ھازىرچە شەكىلگە يۇقىرىقىدەك تەبىر بېرىشنى لايىق تاپىدۇ» دەپ يازىدۇ.

قاسىم «شەكىل»نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىزاھلاپ،

ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ بىرى — شەكىل بىلەن كۈچنىڭ مۇناسىۋىتى.

«ھەممىمىزگە مەلۇمكى، — دەپ يازىدۇ قاسىم سىدىق، — مۇئەييەن فىزىكىلىق شەكىل مۇئەييەن فىزىكىلىق كۈچنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. كۈچ ئىپادىلىمەيدىغان شەكىل مەۋجۇت ئەمەس. بىز ھەرقانداق بىر فىزىكىلىق شەكىلنى بۇزماقچى بولىدىكەنمىز، كۈچ ئىشلەتمەي بۇزالمايمىز. بۇ ھال شەكىلنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.» بۇ مۇلاھىزىدىن قاسىم «شەكىل = كۈچ» دېگەن نەتىجىنى چىقىرىدۇ.

«ئېينىشتېين كەڭ مەنىلىك نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدە ماكان - زامان ئەگرىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بوشلۇققا شەكىل بېرىدۇ، — دەپ يازىدۇ قاسىم مۇلاھىزىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئېينىشتېين بوشلۇققا شەكىل بېرىپلا قالماي، ئۇنى ئەمەلىي گەۋدە (سۇبستانسىيە) سۈپىتىدە تونۇيدۇ… ئېينىشتېيننىڭ بۇ كۆزقارىشىنىڭ كېيىنچە تەجرىبىدە ئىسپاتلانغانلىقى ھەممىگە مەلۇم، يۇقىرىقىلاردىن: شەكىل = كۈچ، بوشلۇق = شەكىل، دېمەك، بوشلۇق = كۈچ دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ».

مانا بۇ قاسىم سىدىقنىڭ «بوشلۇق = كۈچ» فورمۇلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي جەريانى، ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بۇ: «ھەرقانداق شەكىل كۈچ ئىپادىلەيدىكەن، ئېينىشتېين نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا بوشلۇقمۇ شەكىلگە ئىگە نەرسە، دېمەك، بوشلۇقمۇ كۈچ ئىپادىلەيدۇ» دېگەن گەپ بولىدۇ.



ئىككىنچىسى — شەكىل بىلەن مىقدار (ياكى «چەك») نىڭ مۇناسىۋىتى.

«شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، — دەپ يازىدۇ قاسىم، — ھەرقانداق ئوپتىك ۋە گېئومېترىيىلىك قىممەت (شەكىل) گە ئىگە نەرسە كونكرېت مىقدارغا ئىگە، يەنى ئۇنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ. ئۆلچىگىلى بولىدىغانلا نەرسىلەر چەكلىك بولىدۇ. شەكىل بىلەن مىقدارنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەكىل = مىقدار دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.» (شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى: قاسىم سىدىق «ھەجىم» نىمۇ «شەكىل» گە يىغىنچاقلىغان.)

يۇقىرىقى مۇلاھىزىسىدىن قاسىم سىدىق «ماددا — بوشلۇق ئالىمى چەكلىك بولىدۇ» دېگەن خۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نەتىجە ئېينىشتېيننىڭ ئالەمنىڭ كۆلىمى ھەققىدىكى كۆزقارىشى بىلەن ئوخشاش.

قاسىم سىدىق ئوتتۇرىغا قويغان «بوشلۇق نەزەرىيىسى» نىڭ يەنە بىر مۇھىم ئۇقۇمى — يوقلۇق، قاسىم «يوقلۇق» نى ئۆزىدىن ئەڭ كۆپ ئەمگەك تەلەپ قىلغان تېما دەپ قارايدىكەن. قاسىم ئۆز تېزىسلىرىدا پۈتۈن كائىناتنى ماددا، بوشلۇق ۋە يوقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ قاتلاملىق ئالەم دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ يەردىكى «يوقلۇق» دېگەن نېمە؟ «يوقلۇق ۋە ئالەمنى بىلىش مەسىلىسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە ئۇ «يوقلۇق» قا تەبىر بېرىپ: «يوقلۇق — شەكىلسىزلىك ۋە چەكسىزلىك سۈپىتىدىكى بارلىق» دەيدۇ. يەنە ئۇ: «ماددا بىلەن بوشلۇق ئوبيېكتىپ چىنلىق بولغىنىدەك، يوقلۇقمۇ ئوبيېكتىپ چىنلىق ‹يوقلۇق› نى فىزىكا، شۇنداقلا ھەرقانداق پەننىڭ مۇھىم

ئۇقۇمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەك» دەپ يازىدۇ .

قاسىم «يوقلۇق»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشتا ئىككى نۇقتىنى ئاساس قىلىدۇ . ئۇنىڭ بىرى «چوڭ پارتلاش ئالەم نەزەرىيىسى» . «چوڭ پارتلاش ئالەم نەزەرىيىسى ياكى كۆپىيۋاتقان ئالەم نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا ، — دەپ يازىدۇ قاسىم ، — ئالەم ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ . ئالەم پەقەت ماددا ۋە بوشلۇق (مەيدان)تىن ئىبارەت ئىككى قاتلامغىلا ئىگە ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ، دەيدىغان بولساق ، ئۇنداقتا بۇ ئالەم قەيەرگە كېڭىيىدۇ ؟ كېڭىيىش ئىمكانىيىتى بولغان بىرەر ئورۇن بولمىسا ئالەم تاقىشىپ قېلىشى كېرەك ـ دە !··· كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى ، كۆپىيۋاتقان ئالەم نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزىلا ‹يوقلۇق › نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . »

قاسىم «يوقلۇق»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنداق بىر تۈز سىزىق سىزدى :

A ———— B ··········· C

بۇ يەردىكى A نۇقتا بىلەن B نۇقتا ئارىلىقى ئىككى قاتلاملىق ماددا — بوشلۇق ئالىمىنىڭ ئەمەلىي رادىئۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ، B دىن C غا قاراپ سوزۇلغان ئۈزۈك سىزىقلار بولسا ، شەكىلسىزلىك ۋە چەكسىزلىك سۈپىتىدىكى «بارلىق» بولغان «يوقلۇق»نى ئىپادىلەيدۇ . ئالەمنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە B ھامان C غا قاراپ سۈرۈلۈپ بارىدۇ . لېكىن C غا مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ . چۈنكى ، C ھەرگىز بىر نۇقتا ئەمەس ، بەلكى «يوقلۇق»نىڭ بەلگىسى . قاسىم سىدىق : «مۇبادا C نىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېتىراپ قىلىنمىسا ، ئىككى قاتلاملىق ئالەمنىڭ كۆپۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىمەنىلىك بولىدۇ» دەپ قارايدۇ ۋە



ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى C······B —— A فورمۇلىسىغا «مەڭگۈلۈك فورما» دەپ نام بېرىپ : «ماددا بوشلۇق ۋە يوقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆتمۈشتىمۇ ، ھازىرمۇ ئاشۇ فورمۇلا بويىچە بولغان ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ . بۇ دېگەنلىك : A بىلەن B نۇقتىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئارىلىقى 200 مىليارد يورۇقلۇق يىلى . بۇ ئارىلىق بىر يورۇقلۇق يىل ياكى تىرىليون يورۇقلۇق يىلى بولغان تەقدىردىمۇ ، C······B —— A فورما ساقلىنىۋېرىدۇ ، دېگەن سۆز .

قاسىم سىدىق «يوقلۇق»نى ئىسپاتلاشتا كەلتۈرگەن ئىككىنچى دەلىلدە «شەكىل» بىلەن «ئارقا كۆرۈنۈش»نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدۇ . ئۇ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ :

«بىزگە مەلۇمكى ، مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە ھەرقانداق نەرسە جەزمەن ئۆزىگە نىسبەتەن غەيرىي شەكىلگە ئىگە بولغان ئىككىنچى بىر نەرسىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ . ھەرقانداق شەكىل جەزمەن ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ، ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىسا شەكىلمۇ بولمايدۇ . » مەسىلەن ، ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان كىتابنىڭ شەكلى ئۆزىگە ئۈستەلنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ . مەيلى بۇ كىتاب ئۈستەل ئۈستىدە بولسۇن ياكى باشقا يەردە بولسۇن ، ھامان ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئايرىلالمايدۇ . قاسىم «ئارقا كۆرۈنۈش» ھەققىدىكى بۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ : «نۇرغۇن ماتېرىياللاردا ، — دەيدۇ قاسىم ، — ئالەم شارىنىڭ سىرتىدا نېمە بارلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش مەنىسىزلىك ، دەپ يېزىلغان . ماھىيەتتە مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى دەل مۇشۇ يەردە . ماددا ۋە بوشلۇقتىن ئىبارەت ئالەم شارىنىڭ سىرتىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ۋە ئۇنى نەزەردىن ساقىت

قىلغان ھەرقانداق نەزەرىيە ئالەمنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنگىلىيەلمەيدۇ . ‹شەكىل ئارقا كۆرۈنۈش شەرتى ئاستىدا مەۋجۇت › دېگەن ئالدىنقى شەرتكە ئاساسەن ئىككى قاتلاملىق ئالەم شەكلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تامامەن ھەقلىقمىز . ئومۇمىي ماددىي ئالەم ئومۇمىي ئەگرى بوشلۇق ئالەمنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ . ئۇنداقتا ، بۇ ئەگرى بوشلۇق ئالەمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى نېمە؟ ئومۇمىي ماددا ۋە بوشلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەم شارىنىڭ سىرتىدا يەنە ماددا ۋە بوشلۇق بار ، دېيىش بىمەنىلىك بولىدۇ . ئەمدى پەقەت ئىككى قاتلاملىق ئالەم شارىنىڭ سىرتىدا ھېچ نەرسە يوق ، دېيىشتىن باشقا چارىمىز قالمىغاندەك تۇرىدۇ . بۇ يەردىكى ‹يوق › دەل بىزنىڭ ‹يوقلۇق › ئۇقۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىزنىڭ ئاساسى . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئالەملىك ئومۇمىي ئەگرى بوشلۇقنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى جەزمەن مەۋجۇت ، ئۇ بولسىمۇ شەكلى ۋە چېكى بولمىغان ‹يوقلۇق ›تىن ئىبارەت . ئەگەر بىز ‹يوقلۇق ›نى ئېتىراپ قىلمايدىكەنمىز ، ئىككى قاتلاملىق ئالەم شەكلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ۋاز كەچكەن بولىمىز - دە ، ئالەمنى شەكىلسىز قىلىپ قويىمىز » .

قاسىم يۇقىرىقى مۇلاھىزىدىن : «ئالەم ئېينىشتېين قاتارلىقلار تەسۋىرلىگەندەك ماددا ۋە بوشلۇقتىن ئىبارەت ئىككى قاتلامغىلا ئىگە چەكلىك ئالەم ئەمەس ، بەلكى ، يوقلۇقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ قاتلاملىق چەكسىز ئالەم» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى .

زامان - ماكان ئەگرىلىكىدىن «شەكىل»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ، «شەكىل»دىن «ئارقا كۆرۈنۈش»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ، «ئارقا كۆرۈنۈش»تىن «يوقلۇق»نى كەلتۈرۈپ



چىقىرىش — مانا بۇ قاسىم سىدىقنىڭ تەپەككۇر يولى . مەنتىقە جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى «چۈش»لىرى خېلىلا مۇكەممەللىككە ۋە مول تەسەۋۋۇرغا ئىگىدەك قىلىدۇ . ئۇ يەنە ھەرىكەت ۋە جىملىق ، يادرو كۈچى ، بوشلۇقنىڭ سىقىلىشى ، بوشلۇقنىڭ كۋانتلىنىشى دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر ئۈستىدە ئۆز «چۈشى»نى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ئولتۇرۇش تېمىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس ، ئىشقىلىپ ، تىنچ يېزا مۇھىتىدىن ئىلھاملىنىپ ، يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان بۇ شائىرىمىز ئەمدى پۈتۈن كائىناتقا «ئاشىق» بولۇپ ، تەبىئەت قانۇنلىرى توغرىسىدىكى خىياللار ئىلكىدە توختىماي «چۈش» كۆرىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ئۆزىنى قىيىنىغان بۇ «مەشۇقى»نىڭ سىرىنى تېپىپ چىقىپ ، جاھانغا يېيىۋېتىشنى نىيەت قىلغانىدى . بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق بىر شېئىر يازغانىدى :

كېلىپ مۇھەببەتنىڭ ئاستانىسىگە ،
بولدۇم ئاشىق ، تەبىئەت جەزبىسىگە .
مېنى ھالال ئاشىق ، دەپ ئويلاپ قالماڭلار ،
ئوغرىلىققا چۈشىمەن خەزىنىسىگە .
ئوغرى بولماي ئاشىق بولغان قېنى ، كىم ؟
ئەزەلدىن ئوغرىدۇر پەيلاسوپ - ھەكىم !
سىرىڭ ئېلىپ قىلۇر ئاندىن ئۇنى پاش ،
شۇلاردىن مىراستۇر بۇ خۇيۇم بەلكىم !
تەبىئەت سىرىڭغا ئاشىقمەن سۆزسىز .
ئالىمەن - يايىمەن ، مەن شۇنداق يۈزسىز .

## دادامتۇدىن ئۈرۈمچىگە

يۇقىرىدا مەن قاسىم سىدىقنىڭ ماقالىلىرىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ئۆزۈمنىڭ چۈشىنىشىچە بايان قىلىپ ئۆتتۈم. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرى مېنىڭچە ئالەمنىڭ چوڭ قانۇنىيەتلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ كۆزقاراشلارنى ھازىرچە دەسلەپكى قىياس، تەسەۋۋۇرلاردىن ئىبارەت، دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئىلىم - پەن ئىشلىرىدا تەسەۋۋۇرنىڭ رولىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئىلمىي تەسەۋۋۇر كەلگۈسىدىكى زور كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتنىڭ بىخى. دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان «مۆۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى لى دېبىڭ: «ئىلمىي تەسەۋۋۇر كۆپىنچە چەكسىز خىيال ۋە رومانتىزم تۈسىنى ئالغان بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. ئېھتىمال، قاسىمنىڭ بۇ كۆزقاراشلىرىغىمۇ شائىرلارچە جۇشقۇن ئىلھام ۋە ئالەم توغرىسىدىكى رومانتىك تۇيغۇلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولسۇن، ئۇ بۇ قېتىم، ئەمما ئۆزىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قوللىرىنى ئىشقىلاپ، ئەمدى بۇ ماقالىلىرىنى قەيەرگە ئەۋەتىش، كىملەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇش ئۈستىدە ئويلاندى. چۈنكى، ھەرقانداق بىر يېڭى كۆزقاراش ئىلمىي تەنقىد، مۇھاكىمە ۋە ئىلمىي تەجرىبىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىگەندىلا ھەقىقەتكە يېقىنلاشقان ھېسابلىنىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى بەلكىم بىرەر پەن خادىمى بىرنەچچە ئېغىز ئىلمىي دەلىللەر بىلەنلا رەت قىلىۋېتەلەيدىغان ئاساسسىز خىيال ياكى



ئەرزىمەس قۇرۇق گەپلەردۇ؛ ياكى بولمىسا باشقىلار تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغان كونا نەزەرىيىدۇر. ئىلىم - پەن تارىخىدا ئۇقۇشماستىن باشقىلار ئىسپاتلاپ بولغان ھەقىقەتلەرنى ئىسپاتلايمەن، دەپ يىللاپ ئاۋارە بولىدىغان، باشقىلار كەشىپ قىلىپ بولغان نەرسىلەرنى كەشىپ قىلدىم، دەپ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئىشلار ئازمۇ!؟...

شۇنداق قىلىپ، قاسىم سىدىق ئۆزىنىڭ «بوشلۇق»، «يوقلۇق»، «ئۈچ قاتلاملىق ئالەم» دېگەندەك «غەلىتە» ئۇقۇملار بىلەن تولغان تېزىسلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ، قالغان ھەممە ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ، مەكتەپمۇمەكتەپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. يانچۇقىدىكى ئاخىرقى پۇللىرىنى قېقىشتۇرۇپ قەغەز سېتىۋېلىپ، ماقالىلىرىنى شاپىگراپىتا كۆپەيتىپ باسقۇزۇپ، ئالاقىدار ئورۇن ۋە ئادەملەرگە ئەۋەتتى.

دەسلەپتە غۇلجا ناھىيىلىك مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، قاسىمنىڭ يېڭى قاراشلىرى ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە بولدى. لېكىن، مەسىلە بۇ يەردە ھەل بولمىدى. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۆتۈنۈپ، قاسىمغا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەردى. قاسىم بۇ تونۇشتۇرۇشنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرىپ، ھەرقايسى پەن - تېخنىكا تارماقلىرىغا يۈگۈردى. ئۇ يەردىكى بىرەيلەن ئۇنىڭغا: «مۇتەخەسسىسلەرنى چاقىرىپ مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پۇل كېرەك. بۇ چىقىمنى مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان كىشى تۆلەيدۇ» دەپ، خېلى كۆپ پۇلنىڭ گېپىنى چىقاردى.

بىزنىڭ بۇ نامرات شائىرىمىز تەپەككۇرغا باي بولسىمۇ ، پۇل دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ قەغەزگە گاداي ئىدى… نۇرغۇن پايپاسلاشلاردىن كېيىن ، ۋىلايەتتىكى بەزى رەھبەر ۋە تونۇش - بىلىشلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى «فىزىكا ئىلمى جەمئىيىتى» نامىدىن بىر مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىپ بەردى . يىغىن «غۇلجا شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى»دە ئۆتكۈزۈلدى . مەن يىغىندىن ئېلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلاپ باقتىم . مېنىڭچە ، بۇ مۇھاكىمە يىغىنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى ۋە ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىدىكى بىرنەچچە نوپۇزلۇق فىزىكا مۇئەللىملىرىنىڭ تەييارلىق قىلىشى بىلەن يامان ئەمەس ئېچىلغان . بۇ يەردە قوللاشمۇ ، رەت قىلىشمۇ ، ھېسداشلىقمۇ ، يوشۇرۇن مەسخىرە قىلىشمۇ… ئىشقىلىپ ، بىر يېڭى قاراش ، ئەنئەنىۋى رامكىلارغا سىغمايدىغان يېڭى تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا چىققاندا سادىر بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى كۆرۈلگەن . يېڭى قىياس ھامان رامكىدىن ھالقىغان ، بۆسۈش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ . دەسلەپتە بەزىلەرگە ھەتتا ساراڭلىقتا ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈۋاتقاندەكمۇ بىلىنىشى مۇمكىن . ھەرقانداق ئىلمىي پەرەز رەت قىلىش بىلەن دەلىللىنىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەي قالمايدۇ .

غۇلجا شەھىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۇتۇقى شۇ بولدىكى ، يىغىنغا قاتناشقان سەكسەندىن ئارتۇق قىزىققۇچىلار مۇشۇنداق مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى پات - پات چاقىرىپ ، گۇمانىي كۆزقاراشلار ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ تۇرۇشنىڭ چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىجابىي رولى



بارلىقىنى تونۇپ يەتتى . كۆپچىلىك قاسىم سىدىق ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان نەزەرىيە مەيلى توغرا ، مەيلى خاتا بولسۇن ، ئۇنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش روھىنىڭ ئالقىشلاشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى .

لېكىن ، قاسىم سىدىق بۇ مۇھاكىمىدىكى ئۆزىنى رەت قىلغان پىكىرلەردىن قانائەت ھاسىل قىلمىدى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، بەزىلەر مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدىن چەتلەپ كەتكەندى ، يەنە بەزى يولداشلار بولسا ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان كۆزقاراشلىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى ئاڭقىرالمىغاندەك قىلاتتى . فىزىكا نەزەرىيىلىرى ۋە دەرسلىكلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ قىلىنغان رەت قىلىش پىكىرلىرى قاسىمنى قايىل قىلالمىدى . ئەگەر قاسىم سىدىقنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان قاراشلىرى ئىلگىرىكىلەر سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ بولغان ياكى دەرسلىكلەردىن جاۋابى تېپىلىدىغان مەسىلىلەر بولسا ، ئۇنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى . دەرسلىكلەر كۆپىنچە ئومۇمىي ساۋات خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ . ئومۇمىي ساۋات پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتا ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم - پەننىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىنى چۈشەندۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدۇ . لېكىن ، ئالەم چەكسىز ، ئىنسانلارنىڭ بىلگەنلىرى بىلمىگەنلىرىنى كۆزدە تۇتقاندا بىر تەرەپلىمە ۋە نىسپىي بولىدۇ . بۈگۈنكى «ھەقىقەت» ئەتىكى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ . شۇنچە مۇكەممەل دېيىلگەن پىتولمى ئالەم سىستېمىسى ئاخىر نېمە بولدى ؟ «يېنىش ئېلېمېنتى» (فىلوگىستون ) ، «قايتا پارچىلانمايدىغان»

(ئاتوم) ۋەھاكازالارنىڭ تەقدىرى نېمە بولدى؟ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا بەزى كىشىلەر فىزىكا نەزەرىيىسى ئەمدى مۇكەممەللىشىپ بولدى، دېيىشىۋىدى، نىسپىيلىق نەزەرىيىسى ۋە كانت مېخانىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى فىزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ھازىرچە مۇكەممەللىشىشتىن يىراقتىلىقىنى ئىسپاتلاپ قويدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەييار بىلىملەر بەزىدە يېڭى قىياس، يېڭى تەسەۋۋۇر ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى دەل ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولالماي قالىدۇ. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ يېڭى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش روھىنى بوغىدىغان رامكا قىلىۋالماسلىق كېرەك. ئىلمىي ھەقىقەتكە يېقىنلىشىش تارىخى — ئىنكار قىلىش ۋە يېڭىلاش تارىخىدىن ئىبارەت. ئۇنداق بولمىغان بولسا پەن ئارىستوتېلدىلا توختاپ قالغان بولاتتى...

مەن قاسىمدىن:

— ئاڭلىسام، بەزى يولداشلار: قاسىم سىدىقنىڭ كۆزقارىشى نيۇتون ۋە ئېينىشتېينلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا توغرا كەلمەيدۇ. ئۇلار ئىنكار قىلىنىپتۇ، دەيدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورىدىم. قاسىم:

— بۇنداق گەپ خېلى ئىلمىي كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقتى. مېنىڭچە، مەسىلە ئۇنچىۋالا دەرىجىگە بارمىسا كېرەك. مۇبادا مەن ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلاردا ئازراق بولسىمۇ ھەقىقەت بولۇپ، نيۇتون بىلەن ئېينىشتېينغە چېقىلىپ ئۆتكۇدەك كىچىككىنە بولسىمۇ قۇدرەتكە ئىگە بولسا، بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان نەرى بار؟ مۇئەييەن دەۋرنىڭ پەننىي چۈشەنچىلىرى مۇتلەق چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس دىن ئەمەس، تەبىئىي پەن ئالىملىرى ھەرگىزمۇ خۇدا ئەمەس؛ پەننى



دوگمىلاشتۇرۇش، ئالىملارنى مەبۇد قىلىۋېلىش ئىلىم ـ پەننىڭ ئۆزىنىڭ روھىغىمۇ خىلاپ. داڭلىق ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپ لىيۇدۋىگ فېيىرباخ: «ھاياتىڭدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىڭ — ئەزەلدىن ئادەت بولۇپ قالغان قائىدىلەرگە چېقىلمىغانلىقىڭ ۋە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىڭدۇر... كەمچىلىك — زەپەر قۇچالمىغان ئارتۇقچىلىق، يەنى ئۇ ئارتۇقچىلىق سۈپىتىدە ئىپادىلىنىش شارائىتىنى تاپالمىغان ئارتۇقچىلىقتۇر» دېگەنىدى. دەرۋەقە، كوپېرنىك ئەينى دەۋردىكى ئادەت بولۇپ قالغان قائىدە ـ قاراشلارغا قانائەت قىلغان ۋە زادىلا «جىنايەت» ئۆتكۈزمىگەن بولسا، نيۇتون ۋە ئېينىشتېينلارمۇ ئەنە شۇنداق قانائەتچان بولغان بولسا، بىز بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن رېئاللىقىنى كۆرەلمىگەن بولاتتۇق، — دېدى.

قاسىم سىدىق ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ قاتلاملىق ئالەم» نەزەرىيىسىدىكى ماددا ۋە بوشلۇقنىغۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى «يوقلۇق» زادى نېمە؟ ئالەم توغرىسىدىكى ھەرقانداق بىر ئىلمىي تەسەۋۋۇرنى يەڭگىللىك بىلەن رەت قىلىۋەتمەي، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. قايسىبىر ئالىم: «مىسالغا بىز دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ناھايىتىمۇ كىچىك بىر تال قۇرت بار، دەپ پەرەز قىلايلى، بۇ قۇرت ئۆزىنىڭ تولىمۇ كىچىكلىكى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن دېڭىز بېتىگە مەڭگۈ چىقالمايدۇ، دەيلى، ئۇ چاغدا، بۇ قۇرتتا پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولغان بولسا، ئالەمنى ئۇ سۇ بىلەن قورشالغان دۇنيا، دەپلا چۈشەنگەن بولاتتى» دەپ يازىدۇ. پۈتۈن كائىناتقا نىسبەتەن ناھايىتىمۇ كىچىك بولغان بىز — ئىنسان ھەرىكەت ئىقتىدارىمىز ۋە

بىلىملىرىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە ئاشۇ قۇرتقا ئوخشاش بىچارە ئەھۋالدا بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن .

قانداقلا بولسۇن ، قاسىم سىدىق غۇلجىدا چاقىرىلغان بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىدىن مەمنۇن بولدى . ئۇ : «مۇھاكىمە سورۇنىدا بولۇنغان قارشى پىكىرلەر مېنىڭ ئۆز كۆزقاراشلىرىمنىڭ توغرىلىقىغا بولغان ئىشەنچەمنى كۈچەيتىۋەتتى» دەيدۇ . قاسىم سىدىق ئەمدىلىكتە ئىلىم ئەھلى كۆپرەك توپلاشقان ئۈرۈمچىگە بېرىپ ، ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ، ماقالىسىنى بىرەر ئىلىم - پەن ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرۇپ ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇش قارارىغا كەلدى . ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، بۇ «سەھرالىق»نىڭ كاتتا شەھەردە چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى كاستۇم - شىم ، شىبلىت ئېلىپ كىيدۇرۇپ قويدى . بىر دېھقان سۈپۈرگە ساتقان پۇلىغا ماشىنا بېلىتى ئاچىقىپ ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . قاسىم بىر ئامال قىلىپ بانكىدىن بەش يۈز سومچە قەرز ئېلىپ يانچۇققا سالدى - دە ، ئۆيدىكى يەتتە جاننى خۇداغا ئامانەت قىلىپ ئۈرۈمچىگە يول ئالدى . قاسىم : «شۇ چاغدىكى ئەھۋالىم بارلىق دەسمايىسىنى يىغىپ تاۋكاغا قاراپ ماڭغان قىمارۋازنىڭ ، ھالىغا باقماي شامال تۈگمىنىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان دونكىخوتنىڭ ياكى ياۋروپادىن يېڭى قىتئە ئىزدەپ يولغا چىققان بىر تەۋەككۇلچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى . مەغلۇپ بولسام شەخسىي ئۆزۈمنىڭ مەغلۇبىيىتى بولىدۇ . غەلىبە قىلسام شەرەپ مىللىتىمگە ، دۆلىتىمگە بولىدۇ دەيدىغان ياخشى نىيەتلا مېنى داۋاملىق ئالغا بېسىشقا ئۈندەيتتى»



دەيدۇ .

قاسىم سىدىق ئۈرۈمچىگە ناھايىتى چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن بارغانىدى ، لېكىن ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولۇپ چىقمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ يازغانلىرىنى مەلۇم بىر فىزىكا تەتقىقات ئورنىغا ئاپىرىۋىدى ، ئۇلار : «بۇ بىزگە مۇناسىۋەتسىز ، نەزەرىيىگە ئائىت مەسىلىلەر ئىكەن» دەپ جاۋاب بەردى ؛ مەلۇم پەلسەپە تەتقىقات ئورنىغا كۆتۈرۈپ بېرىۋىدى ، «بۇ بىز بىلەن ئالاقىسىز ، فىزىكىغا دائىر مەسىلىلەر ئىكەن» دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ كىملىكىنى ، نەدىن كەلگەنلىكىنى ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى . مۇنداق كوچىلاپ كەلگەندە بىزنىڭ بۇ سەھرادىن كەلگەن ، شۇنداقلىقىغا باقماي فىزىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆز ئېچىپ يۈرگەن شائىرىمىز ناھايىتىمۇ «ئەرزىمەس» بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالاتتى . قاسىم سىدىقنىڭ تازا ئوقۇپ بىلىم ئالىدىغان دەۋرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا توغرا كېلىپ قالغاچقا ، ئۇ ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىلا ئوقۇپ پۈتتۈرەلىگەن . شۇ ئېغىر يىللاردا يالغۇز ئانىسىنى بېقىپ ، كۈننى ئېلىش ئۈچۈن ئۇدۇل كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ، ئەترەتتە نومۇرغا ئىشلىگەن ، خاڭلاردا كۆمۈر چاپقان ، ئەلگەك ياساپ ، ئېشەك ھارۋا بىلەن يېزىمۇيېزا سۆرەپ يۈرۈپ ساتقان ، كېيىن شەھەردىكى بىر تۇغقىنى بىلەن شېرىكلىشىپ ، تۇغقىنىنىڭ يېڭى ۋېلىسىپىتىنى سېتىپ دەسمايە قىلىپ باققالچىلىقمۇ قىلغان . پەنجىمدىكى بىر ئۆرۈكلۈك باغنى بېقىپ ياتقان يىلى ئۇنى يېزا مەكتىپى چاقىرتىپ كېلىپ خەلق ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ

ئىشلەتكەن . كېيىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئۇنى مائارىپ ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن . ئۇ يەردە ئۇ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل ئوقۇغان . ھازىر ئۇ دادامتۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى . مۇنداق «قىسقىچە تەرجىمىھال»نى ئاڭلىغاندا ، پەن قانۇنىيەتلىرىنى پەقەت مەخسۇس كەسىپ ئىگىلىرىلا كەشىپ قىلالايدۇ ، دەيدىغان ھۆكۈمنى كاللىسىغا ئورنىتىۋالغان بەزىلەرنىڭ قاسىمنىڭ ماقالىسىنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە بولغان گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيەتتى - دە ، بېشىنى چايقاپ ئاستىلا كېتىپ قالاتتى . شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ بىر دوتسېنتى قاسىمنىڭ دەردىنى چۈشەنگەندەكلا : «ئۇكام ، بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ مەسىلىلەرگە قارىشى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە . ئۇلار سىزنىڭ يازغانلىرىڭىزنى باھالىمايدۇ . ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈپ ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ» دېدى .

مەكتەپتە قانچىلىك ئوقۇغانلىقى بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي بىلىمىنى ئۆلچەشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم بولالايدىغانلىقى ناتايىن . بەزىلەر شارائىتىنىڭ يار بەرمەسلىكى سەۋەبىدىن مەكتەپتە كۆپ ئوقۇيالمىسىمۇ ، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ يەنە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق تولۇقلاپ كېتەلەيدۇ . ئەگەر سىز قاسىم سىدىقنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققۇدەك تەئەللۇقاتلىرىنىڭ ئاساسلىقى كىتابلار ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ كىتاب جازىلىرىدا ئەدەبىي كىتابلاردىن كۆرە پەلسەپە ، پسىخولوگىيە ۋە تەبىئىي پەنگە ئائىت كىتابلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز . قىزىقىش دائىرىسى ناھايىتىمۇ كەڭ بولغان بۇ شائىرىمىز ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش جەھەتتە كۆپ



ئەجىر قىلغان . 70 - يىللارنىڭ بىر قىشىدا ، دادامتۇلۇقلار غۇلجا ناھىيىسىنىڭ توققۇزتارا مەھەللىسىگە ئۆستەڭ چاپقىلى چىققاندا قاسىمنىڭ سامانخانىدا ياتقانلىقىنى ھازىرمۇ ئەسلىشىدۇ . شۇ چاغدا ئۆستەڭ چاپقۇچىلار ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ياتىدىغان كوللېكتىپ ياتاق ناھايىتىمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىدى . كىشىلەر ياتاقنى موخوركىنىڭ ئاچچىق ئىسىغا تولدۇرۇپ ، ئاغزى بېسىلماي پاراڭ قىلىشاتتى . بۇ غوۋغادىن ئۆزىنى قاچۇرغان قاسىم بىر دېھقاننىڭ بۇرۇن ئېغىل قىلغان بىر سامانخانىسىنى تېپىپ ياتاق قىلىۋالغانىدى . بۇ چاغدا ئۇ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى كۆرۈۋاتاتتى . پەلسەپە ئۇنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان دۇنياسى ئىدى . سامانخانىنى ئۇ ئۆزى ياسىۋالغان جىنچىراغ گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى . چىتەن ئىشىكتىن گۇرۇلدەپ سوغۇق شامال كىرەتتى . قاسىم بولسا يوتقانغا مەھكەم ئورىنىۋېلىپ كىتاب ۋاراقلايتتى . بەزىدە شائىرانە ئىلھامغا كېلىپ :

يۈرىكىمگە ئوخشايسەن چىراغ ،
زۇلمەت باسقان بۇ شۇم كېچىدە .
پۈتمەس - تۈگىمەس سېھرىي كۈچ بىلەن ،
ياناقتىسەن بوران ئىچىدە…

دەپ شېئىرمۇ يادلاپ قوياتتى . ئۆستەڭ چاپقۇچىلار بۇ سامانخانىنى «قاسىمنىڭ ھۇجرىسى» دېيىشەتتى . قاسىمنىڭ يېڭىدىن خەنزۇچە ئۆگىنىۋاتقان چېغىدا قىلغان بىر ئىشىمۇ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ . بىر كۈنى ئانا ئوغلىنىڭ

يوتقىنىنىڭ ئەستىرىگە قاراپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى . قاسىم يوتقاننىڭ ئاپئاق كىرلىكىنى خەنزۇچىدا ئۇچرايدىغان قىيىن خەتلەرنى يېزىپ تولدۇرۇۋەتكەنىدى . ھەممىدىنمۇ ھەيران قالارلىقى قاسىمنىڭ «بۇ كىرلىكنى يۇيمايسەن» دەپ ئاپىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالغىنى بولدى . شۇ چاغدا ئانا ياقىسىنى تۇتۇپ : «خۇداغا ئامانەت !» دەپلا قالغانىدى...

شۇنداق ، قاسىم سىدىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا سىستېمىلىق بىلىم ئالالمىغان ، ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ئۇنى بۇ ئارزۇسىغا يەتكۈزمىگەن . تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئۇنى تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلغان . لېكىن ، كەشپىياتلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر ئېدىسون ، تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى ، ئېلېكتر ئېلېمېنتىنىڭ پېشۋاسى فارادېي ، ۋېلىسىپىت رېمونت قىلغۇچىلاردىن كېلىپ چىققان ، ئايروپىلاننىڭ كەشپىياتچىلىرى ئاكا - ئۇكا رايىتلار... پەن تارىخىدا يەنە مۇشۇنداق قانچىلىغان كىشىلەرنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن . ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ؟ تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن خىلمۇخىل ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولمىغان ؟ ئۇلار قىيىن شارائىتلاردىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ، دادىل پىكىر قىلغانلىقىدىنلا نەتىجە يارىتالىغان . ئەمما ، قاسىم سىدىق مۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەرنى مىسالغا ئېلىپ سۆزلىگەن بولسا ، شۇلارغا ئۆزىنى سېلىشتۇرغان بولۇپ قېلىپ تېخىمۇ كۈلكىگە قالاتتى . شۇڭا ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقىلا مەجبۇر بولدى . ھەتتا ئىلگىرى چەت ئەلدە فىزىكا ئوقۇغان بىرەيلەن ئۇنىڭغا : «ئاڭلىسام ، سىز ئەدەبىياتچىكەنسىز ، ئەدەبىيات دېگەن سۆز ئويۇنى ، ئىلىم - پەندە سۆز ئويۇنى ئاقمايدۇ» دېدى .



توغرا ، مەلۇم بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئەدەبىيات ھەقىقەتەنمۇ «سۆز ئويۇنى» . لېكىن ، ئۇ ھەركىم ئاغزىغا كەلگەننى دەۋەرسە بولۇۋېرىدىغان «سۆز ئويۇنى»مۇ ئەمەس ؛ ئۇ بىر تىل سەنئىتى ، شۇنداقلا ئۇ ئۆز قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا ئىجادىي ئەسەرلەرنى بەرپا قىلىپ ، ئىنسانلارغا مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان پەن . ئەدەبىيات ئىلمى ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن يالغۇز ئەدەبىياتنىلا بىلىپ قالماي ، تەبىئىي پەن ، پەلسەپە ۋە باشقا كائىناتتىن كىشىلىك تۇرمۇشقىچە بولغان ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىلىملەردىن خەۋىرى بار ، تەپەككۇرغا باي ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ «سۆز ئويۇنى» جايىغا چۈشىدۇ ، كىشىلەرنى قايىل قىلالايدۇ ، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىسى چوڭقۇر بولىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، بىر شائىرنىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتى بىر ئالىمنىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتىدىن ھەرگىزمۇ كەم بولمايدۇ ؛ ئەدەبىيات بىلەن باشقا پەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان توسۇقمۇ يوق . قەدىمكى رىمنىڭ داڭلىق پەيلاسوپى لوكىرىتىس كار پۈتۈنلەي تەبىئەتنى تەتقىق قىلغان ئادەم ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ «ماددا خۇسۇسىيىتى ھەققىدە» ناملىق تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى يىرىك ئەسىرى بولسا شېئىر ئىدى . ئۇلۇغ رۇس ئالىمى لومونوسوف يالغۇز تەبىئىي پەن ئالىملا بولۇپ قالماستىن ، يەنە كۈچلۈك ئەدىب ئىدى . ئۇ شېئىرلارنى يېزىپ يېڭى رۇس شېئىرىيەت ژانىرىغا ئاساس سالغان . ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن شائىر نىزامى ، سەئىدى ، ئىبنى سىنالار يالغۇز ئەدىبلا بولۇپ قالماستىن ، يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ كۈچلۈك مۇتەپەككۇرى ، ئالىملىرى ئىدى . كىشىنىڭ ئېسىدىن

چىقمايدىغان، پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي رۇبائىيلارنى يېزىپ قالدۇرغان ئۆمەر ھەييام ئەينى يىللاردا شاھ رەسەتخانىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان، يېڭى كالېندار تۈزۈپ چىققان، ئالگېبرالىق تەڭلىمىلەر ئۈستىدە ئىلمىي ماقالىلەر يازغان. يەنە شۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەرەب يازغۇچىسى ئەل جاھىز ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىشكەن ئالىمى بولۇپ، ئۇنىڭ «مەخلۇقاتنامە» دېگەن ئەسىرى ئەرەبلەر تارىخىدىكى تۇنجى زوئولوگىيە كىتابى بولۇپ قالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسلىق تراگېدىيىلىك ئەسەرلىرىنى يازغۇچى سېنېكا پەيلاسوپ ۋە سىياسىي ئەرباب ئىدى. XV ئەسىردە فرانسىيىدە ئۆتكەن روسسۇمۇ ئەڭ داڭلىق مۇتەپەككۇر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە تەسىرى كۈچلۈك ئەدىب ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپلا قالماستىن، ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ كونا ئەنئەنىلەرگە قارشى كەسكىن ئىدىيىلەرنى ئىپادىلىگەن. ئېنگېلس: «ھەقىقەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن پۈتكۈل ھاياتىنى بېغىشلىغان دېسە مانا مۇشۇ دىدېرۇدەك كىشىلەرنى دېسە بولىدۇ» دەپ يۈكسەك باھا بەرگەن. مۇتەپەككۇر دىدېرۇ «تەبىئەتنى چۈشەندۈرۈش»، «ماددا ۋە ھەرىكەت توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قائىدىلەر»گە ئوخشاش داڭلىق پەلسەپە ئەسەرلىرىنى يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «رەسسامچىلىق توغرىسىدا»، «ئارتىسلىك دېمەك گەپ سېتىش ئەمەس»، «دراما سەنئىتى ھەققىدە» قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئېستېتىكىغا ئائىت نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان، شۇنداقلا «لامۇرنىڭ جىيەنى»، «راھىبە»، «تەقدىرپەرەس ياك ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى» دېگەن رومانلارنى



يېزىپ، فرانسىيىنىڭ XIII ئەسىردىكى ئاساسلىق يازغۇچىلىرى قاتارىغا ئۆتكەن. تارىختىكى مۇنداق مىساللارغا نەزەر ئاغدۇرسىڭىز، بىردە «سۆز ئويۇنى» قىلىدىغان ئەدىبلەرنىڭ جىددىي ئىشلەيدىغان ئالىملارغا، بىردە ئالىملارنىڭ «سۆز ئويۇنى» قىلىدىغان ئەدىبلەرگە ئايلىنىپ قالغىنىنى كۆرىسىز. تارىختا شۇنداق بولغانىكەن، بۇگۈنكى ئەدىبلىرىمىزنىڭ پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىنتىلگىنىگە خاپا بولماسلىقمۇ بولىدۇ.

قاسىم سىدىق تاپا - تەنىلەرگە پەرۋا قىلماي، يەنە باشقا ئاتاقلىقلارنى ئىزدەشكە باشلىدى. «بوشلۇق»، «يوقلۇق»، «ئۈچ قاتلاملىق ئالەم» دېگەن مەسىلىلەر ئۇنىڭ مېڭىسىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى··· پەن تەتقىقات ئورنىدىكى مەلۇم بىر ئەرباب قانداقلا بولسۇن قاسىمنىڭ ھېلىقى «چىگىچ» مەسىلىلەر يېزىلغان تېزىسىنى ئوقۇپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى خۇش قىلدى ۋە ئۇ قاسىمدىن:

— چەت ئەل تىللىرىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى قاسىم.

ھېلىقى كىشى كۈلۈپ:

— سىز ئاۋۋال چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىڭ، چەتنىڭكى نۆۋەتتىكى ئىلىم - پەن ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇڭ، — دېدى.

چەت ئەل تىلى دېگەندە ھازىر خەلقئارادا ئېقىپ يۈرگەن چوڭ تىللاردىنلا بىرقانچىسى بار. چەت ئەللەردىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ھەر كۈنى يۈزلەپ ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى خەۋەر قىلىنىپ تۇرىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللار ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ

ئۇلگۇرىدۇ . قاسىم سىدىقنىڭ ھەم تىل ئۆگىنىپ ، ھەم بارلىق يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولۇشتەك مۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى مۇمكىنمۇ ؟

قاسىم :

— يائاللا ، ئۇنداق بولسا بۇ بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەسكەن ! — دەپ قايتىپ چىقتى .

بۇ كىشىنىڭ سۆزىنى سەممىي دېمەسلىككە ھېچقانداق ھەققىمىز يوق . دەرۋەقە ، كۆپ خىل تىللارنى ئۆگەنگەندە كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ . لېكىن ، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان بىر كىشىنىڭ كاللىسىدا ھازىرقى زامان پەن ئۇچۇرلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى ئاساسىدا مەلۇم بىر ئىجابىي قاراش شەكىللەنسە ، ئۇ بۇ كۆزقاراشلارنىمۇ ئاۋال چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ ، ئاندىن ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىممۇ ؟… قاسىمنىڭ ئىدىيىسىدىن بۇ پىكىرمۇ ئۆتمىدى ، ئۇ : «بىر مىللەتنى ئۆز مىللىي تىلىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ نەتىجە يارىتالمايدۇ ، دەپ كىم ئېيتىپتۇ ؟ ھازىرقى زامان ئىلىم - پەننىڭ دەسلەپكى ئۇلىنى سالغان قەدىمىي يۇنانلىقلار ئەينى ۋاقىتلاردا زادى قانچىلىك چەت ئەل تىلى بىلگەن ؟… » دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

يەنە بەزى پېشقەدەملەر ئۇنىڭ يازغانلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ : «ھەي ، سىز تېخى ياش ئىكەنسىز ، يەنىمۇ ئۆگىنىڭ» دېدى . قاسىم ئۇچراشقان ئادەملەر ئىچىدە : «ماقالىڭىزنى بىر - ئىككى بەت كۆرۈپلا تاشلىۋەتتىم . ھەممىسى قۇرۇق گەپ ، مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ ! » دېگۈچىلەرمۇ بولدى . ئېھتىمال ، ئۇلار قاسىمنى تۇيۇقسىز كاللىسىغا ئالىم بولۇش خىيالى كىرىپ



قالغان بىر ساراڭ بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . راست - دە ، چەت ئەلدە دۆلەت ئىچىدىكى ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىدا تەربىيىلەنگەن شۇنچىۋالا بىلىم ئىگىلىرى تۇرغان يەردە قاسىمدەك بىر سەھرالىقا فىزىكىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭ گەپ قىلىشنى كىم قويۇپتۇ ؟

شۇنداقمۇ ئادەملىرىمىز باركى ، مەلۇم بىر ساھەدىكى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىۋېرىپ كاللىسىنىڭ تەييار بىلىملەر ئىسكىلاتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇقماي قالىدۇ . يىللار ئۆتكەنسېرى ، مۇنداقلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ئۆزىگە رامكا بولۇپ قېلىپ ، ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرگە توغرا كەلمەيدىغانراق گەپ بولۇپ قالسىلا قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ . ئۆزى شۇنچىۋالا بىلىمى تۇرۇپمۇ يېڭى نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقتىن ، ئۆزىدىن بىلىمى تۆۋەنرەك كىشىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ . مۇنداق بىلىملا ئىگىلەپ ، ئۇنى ئىشلىتىپ تۆھپە يارىتالمايدىغان ئادەملەر پۇللا يىغىپ خەجلىمەيدىغان بېخىللارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ . پۇل يىغىپ خەجلىمەيدىغان مۇنداق كىشىلەرنى «پۇلى بار كەمبەغەل» دېسە بولىدۇ . ئۇلار بىلەن ئادەتتىكى كەمبەغەلنىڭ پەرقى شۇكى ، ئادەتتىكى كەمبەغەل پۇلى بولمىغاچقا خەجلىمەيدۇ ، «پۇلى بار كەمبەغەل» بولسا پۇلى تۇرۇپمۇ خەجلىمەيدۇ . كەمبەغەل قانداقلا بولسۇن «پۇل تېپىپ قالسام ئۇنداق قىلاتتىم ، مۇنداق قىلاتتىم» دەپ شېرىن خىياللارنى سۈرىدۇ ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ، راستتىنلا ئۇنىڭ قولىغا پۇل چۈشۈپ قالسا ، ئەلۋەتتە ئويلىغان ئارزۇلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ؛ ھېلىقى «پۇلى بار

كەمبەغەل»نىڭ بولسا قانچە پۇل تاپقىنى بىلەنمۇ ئەھۋالى ئۆزگەرمەيدۇ ، پەقەت ئۇنىڭ پۇلىنىڭ سانى ئاشىدۇ .
پەن ساھەسىدىكى گىگانتلاردىن بولغان نيۇتون يىگىرمە ئۈچ يېشىدا ، ئېينىشتېين يىگىرمە ئالتە يېشىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم نەزەرىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغانىدى . بۇ چاغ ئۇلارنىڭ ياش ۋە دادىل تەپەككۇر قىلىدىغان چېغى ، شۇنداقلا ئومۇمىي بىلىمنىڭ ئاسارتىگە ئانچە چىرمىلىپ قالمىغان ۋاقتى ئىدى .
ئېينىشتېيننىڭ ھاياتىنى بىزگە تونۇشتۇرىدىغان ئاپتور چىن گۇەنگىن ئۆزىنىڭ «ئېينىشتېين» دېگەن كىتابىدا : «شۇ چاغدا ئېينىشتېين بىلىم جەھەتتىن دۇنيادا داڭقى چىققان نوپۇزلۇق ئالىملاردىن خېلى تۆۋەن ئىدى . لېكىن ، ئانچە ئىش كۆرمىگەن ، تەجرىبىسىز بولغاچقا ، ئۇنىڭدا تارىخ قالدۇرغان قاتمال قاراش ، شۇنىڭدەك مۇۋەپپەقىيەت ئەكەلگەن ئېغىر بوغچىمۇ يوق ئىدى ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايتتى» دەپ يازسا ، «مەيدان» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى لېدىنىڭ : «بەلكىم ئېينىشتېيننىڭ تەلىيى — ئالغان تەربىيىسىنىڭ ئۇنچىلىك سىستېمىلىق بولماسلىقى ، شۇنداقلا ، كاتتا ئالىم نوپۇزلۇقلىرى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرمىگەنلىكىدە بولسا كېرەك» دەپ چۈشەندۇرىدۇ .
بىزنىڭ قىسمەن نوپۇزلۇقلىرىمىز ئاغزىدا ياشلار يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك دېيىشمۇ ، كۆڭلىدە ئىقرار قىلمايدۇ ، ئۇلار ئۆزىنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ھازىر قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان ئادەملەرنىمۇ «ھېچنېمە بىلمەيدىغان كىچىك بالا» دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى .
قاسىم سىدىقنىڭ بەزى ئىشلاردىن قاتتىق كۆڭلى قالدى . قورساق كۆپۈكىدە ئۇ مۇنداق بىر شېئىر يازدى :



ئۆزى تۇخۇم تۇغمايدۇ ، بۇ ھورۇن مېكىيان ،
تۇغۇپ بەرسەڭ باسىدۇ ، قىلىدۇ پالاق .
تۇزەشنىڭ ئورنىغا بۇزىدۇ دائىم ،
تۇزىگەنلەرنى چوقىلاش ئاڭا خاس «ئەخلاق» .

رۇكۇلدايدۇ ھەر كۈنى كونا مۇقامغا ،
چىقمايدۇ ئۇنىڭدىن يېڭىراق سادا .
ئۇنىڭچە ئىلىم ـ پەن مازار ۋە مەبۇد ،
نيۇتون پەيغەمبەر ، ئېينىشتېين خۇدا .

ئەمدى ھاجەت ئەمەس گويا تەپەككۇر ،
پەقەت لازىم ئىمىش سەجدە ـ ئىقتىدا .
قەدىرلىك — نادانلىق ، چاكىنا ئېتىقاد ،
پاراسەت قەدىرسىز ئۇنىڭ ئالدىدا .

ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەندەك ، قاسىمنىڭ كۆزقاراشلىرىنى دىئالېكتىكىغا ، ماركسىزملىق پەلسەپە روھىغا ئۇيغۇن ئەمەس ، دېگۈچىلەرمۇ چىقىپ قالدى . بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ، ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى ، ئۇلار «دىئالېكتىكا» ، «ماتېرىيالىزم» دېگەن ئۇقۇملارنى ئادەم قورقۇتىدىغان ۋاستە قىلىپ ئىشلىتىدۇ ؛ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مۇشۇنداق قالپاقلارنى كىيدۈرۈۋالسىلا ھەرقانداق كۆزقاراشلارنى مۇھاكىمە قىلمايلا رەت قىلىۋەتكىلى بولىدۇ . زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردە دىنىي سوت نۇرغۇن پەن ئالىملىرىنى «دىنغا قارشى چىقتى» ، «خۇدانى رەت قىلدى» دەپ ئەيىبلەپ

سوراققا تارتقاندى. لېكىن، ماركسىزم دىن ئەمەس، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا بىلەن ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئۆزى بىر ئىلمىي ھەقىقەت؛ ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى توغرا تونۇش يولىدىكى ھەربىر ئىزدىنىش دىئالېكتىكا ۋە ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىشىش ئۈچۈن تاشلانغان ھەربىر قەدەمگە باراۋەر.

شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، بىزنىڭ بۇ سوتسىيالىستىك مەملىكىتىمىزدە قانداقلا بولسۇن يەنە ئىلىم - پەننى چۈشىنىدىغان، يېڭى شەيئىلەرنى قوللايدىغان بىلىم ئىگىلىرى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. نۇرغۇن نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىڭ ئاپتورى بولغان پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قاسىم سىدىقنىڭ تېزىسلىرىنى تولۇق كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «بۇ قاراشلار ماركسىزملىق پەلسەپىگە زىت ئەمەس، ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ئىختىرانىڭ چەكلىگۈچىسى، تەپەككۇرنىڭ زىندانى ئەمەس، ئۇ ئىلھاملاندۇرغۇچى ۋە ئۆزىنى تولۇقلىغۇچى كەمتەرلىكى بىلەن يېتەكلىگۈچى!» دەپ كەسكىن ئېيتتى. ئۇ قاسىمنىڭ ماقالىسىگە: «قاسىم سىدىقنىڭ فىزىكىلىق بوشلۇق ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار فىزىكىلىق سۇبستانسىيە شەكىل ۋە كۈچ، بوشلۇق، فىزىكىلىق ‹يوقلۇق› ۋە ئالەمنىڭ ئۈچ قاتلاملىقى ھەققىدىكى قاراشلىرى فىزىكا، بولۇپمۇ ماددىي دۇنيا قۇرۇلما نەزەرىيىسىدىكى يېڭى تەپەككۇرنى گەۋدىلەندۇرگەن. بۇنداق قاراش خېلى زور ئىلمىيلىققا، بۆسۈش خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئەگەر ئۇ تولۇقلىنىپ قوبۇل قىلىنسا بىزنىڭ فىزىكىلىق ئالەم قاراشلىرىمىز يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن. پەن قانۇنلىرى بىرى ئاساسىدا بىرى ئىختىرا قىلىنىپ كەلگەن،



بىلىش تارىخىمۇ بىر قاتلامدىن يەنە بىر قاتلامغا كۆتۈرۈلگەن. بۇنداق ئىختىرالار ئومۇمەن ئالدىنقى قائىدىلەرگە قانائەتلەنمەسلىك، باشقا نەرسىلەر ئۈستىدىكى تەجرىبە جەريانى، تاسادىپىي تەسەۋۋۇر ياكى ئوخشىتىشلار ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. ئۇ قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن بىلىش ۋە تېخنولوگىيىلىك ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ كەلگەن. قاسىم سىدىقنىڭ تەبىئەت ئىلمىدە نەزەرىيىۋى فىزىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى ئۈستۈن، قائىدە تۈزۈش ۋە ئىخچاملاش ئىقتىدار ياخشى ئىكەن. قوللاشقا ئەرزىيدۇ... يوقلۇق بىلەن ‹فىزىكىلىق يوقلۇق›، بىر نەرسە ئەمەس، يوقلۇق، فىزىكىلىق يوقلۇق، ماددا ۋە بوشلۇقتىن كېيىنكى تەتقىق قىلىنمىغان ئۈچىنچى قاتلام سۈپىتىدە يەنىلا پەلسەپىۋى بارلىق. بۇلار زىت ئەمەس. مېنىڭچە، قىزغىن قوللاش، پىكىر ئوچۇقچىلىقى، ئىقتىسادىي ياردەم مۇھىم. مىللىتىمىز تەبىئەت ئىلمىنى يوقىتىپ قويغىنىغا بەش ئەسىر بولدى. قوللاش ۋە باشقا مىللەت ئالىملىرىغا بۇ ئۇچۇرنى يەتكۈزۈش لازىم. تەبىئەت ئىلمىي قانۇنىيەتلىرى سەمەت ھەل قىلىنسا ئەمەت ھەل قىلىدىغان زۆرۈر نەرسىلەر بولۇپ، يازغۇچىنىڭ يازمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان ئەسىرى ئەمەس» دەپ تەپسىلىي پىكىر يازدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ پەلسەپە پروفېسسورى باۋۇدۇن توختى قاسىمنىڭ «‹بوشلۇق نەزەرىيىسى›نىڭ ئاساسلىرى» دېگەن ماقالىسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «بۇ ماقالە ئەسلىدە ئېينىشتېيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ يېزىلغانىكەن. ئېينىشتېيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى زامان بىلەن ماكاننىڭ

هەرىكەت قىلىۋاتقان ماددا بىلەن بولغان باغلىنىشنى فىزىكىلىق دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تولۇقلاپ، دىئالېكتىكىغا تۆھپە قوشقاندى. يولداش قاسىم سىدىقنىڭ بۇ ماقالىسى نەزەرىيە جەھەتتە مانا شۇ مەسىلىنى دەلىللەپ كىشىنى ناھايىتى قايىل قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ماقالە ھەجىم ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ كەڭ ۋە تەپسىلىرەك يېزىلغان بولسا تېخىمۇ ئوبدان بولغان بولاتتى. ھەرقانداق بىر ئىلىم ـ پەنگە ئوخشاش فىزىكا بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن، فىزىكا تەتقىقاتى ئەگەر ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلىدىكەن، قىڭغىر يولغا كىرىپ قالماي قالمايدۇ. بۇ ماقالە ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭغا ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكا پرىنسىپلىرى مۇناسىپ ھالدا ياخشى سىڭدۈرۈلۈپتۇ. بايان ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە ئۇنىڭغا خىلاپ ئەھۋاللار مەۋجۇت ئەمەس. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىمىزدا بەزى ئىجتىمائىي پەن جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلىرىمىز بولسىمۇ، تەبىئىي پەن جەھەتتە، بولۇپمۇ ماتېماتىكا، فىزىكا قاتارلىق ئاساسىي پەنلەردە تېخى كۆپ ئارقىدىمىز. بۇ جەھەتتە يولداش قاسىم سىدىق ئالغا بىر قەدەم تاشلاپتۇ. شۇڭا ياردەم بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. ماتېماتىكا، فىزىكا تەتقىقاتىدا قاسىم سىدىققا ئوخشاش ياش ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ يەنىمۇ كۆپ مەيدانغا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ئۆز پىكرىنى يازدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىمتىھان ۋاقتىدىكى ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، بىر



مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. يىغىنغا فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى. بۇ فاكۇلتېتنىڭ شەۋكەت تۇرسۇن، شەمشىدىن شاكىر، قۇببەس يولداش قاتارلىق ئۈچ نەپەر دوتسېنتى قاسىم سىدىقنىڭ «بوشلۇق نەزەرىيىسى»گە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى بايان قىلغان ئىككى پارچە ماقالىسىگە: «بىرىنچى، بۇ ماتېرىياللاردا ئادەتتىكى فىزىكا ئۇقۇملىرىنى بىۋاستە ئىنكار قىلىدىغان مەزمۇن يوق، ئاساسىي جەھەتتىن ئىجادىي پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇلارنى كلاسسىك فىزىكا ياكى ئەمەلىي نەزەرىيىۋى فىزىكا چۈشەنچىلەرگە قارىتا تەنقىد، دەپ چۈشىنىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىككىنچى، ئالەمنى ماددا، بوشلۇق، ‹يوقلۇق›تىن تۈزۈلگەن، دەپ قاراش ۋە شۇنداق چۈشەندۈرۈش دىئالېكتىك پەلسەپە پرىنسىپلىرىغا خىلاپمۇ ئەمەس. لوگىكىلىق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە؛ ئۈچىنچى، ‹چەكلىك ۋە چەكسىز ئالەم› كۆزقارىشىنى ئۆز شەرتلىرىگە نىسبەتەن توغرا، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە شەكىلنىڭ مىقدارىغا، شۇنداقلا ‹چەك›كە ئىگە بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ؛ تۆتىنچى، ‹مۇئەييەن شەكىل بەلگىلىك كۈچنىڭ تەسىرىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ› دېيىش فىزىكىدىكى كۈچ ئۇقۇمىغا زىت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يەنە بىر خىل بايان قىلىنىش شەكلى؛ بەشىنچى، ‹يوقلۇق›نى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئومۇمىي ئالەملىك بوشلۇق شەكىلگە ئىگە ئەمەلىي گەۋدە بولىدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ شەكىل جەزمەن دىئالېكتىك پەلسەپە نۇقتىسىدىن ‹شەكىلسىزلىك ۋە چەكسىزلىك›تىن ئىبارەت بولغان ‹يوقلۇق›نى ئارقا كۆرۈنۈش

قىلغان بولىدۇ» دەپ باھا يازدى.

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى سابىت ھامۇتمۇ قاسىم سىدىقنىڭ ماقالىلىرىگە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ: «يولداش قاسىم سىدىقنىڭ ‹بوشلۇق نەزەرىيىسى›نىڭ ئاساسلىرى ئۇستىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشىنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇ ئىزدىنىشتە لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق ئالەمنىڭ ئۈچ قاتلىمى بايان قىلىنىپتۇ. مېنىڭچە، قاسىمنىڭ فىزىكىلىق شەكىل فىزىكىلىق كۈچنىڭ ئىپادىلىنىشى (ئىكەنلىكى)، شەكىلسىز ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى، يەنى شەكىل دەل كۈچ دېگەنلىك بولىدىغانلىقى، فىزىكىلىق بوشلۇق، فىزىكىلىق شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكى، بوشلۇق دېگەنلىك كۈچ دېگەنلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىدىيىسى دادىل ئىدىيە. مۇشۇ ۋەجىدىن مەن قاسىمنىڭ بوشلۇق ھەرىكىتىنى ماددا ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەپەككۇرىنى، بوشلۇق ھەرقانداق شەكىلدىكى ماددىنىڭ ئىچى - سىرتىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقى ئۇستىدىكى مۇھاكىمىسىنى كەسىپداشلارنىڭ سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرۈشىگە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ يەنە ھەرقانداق ئەمەلىي گەۋدە ۋە شەكىل ئىپادىلىنىشتە ‹يوقلۇق›نى شەرت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشى، ماددا ھەرىكىتى مۇتلەق، جىملىقى نىسپىي، بوشلۇق جىملىقى مۇتلەق، ھەرىكىتى نىسپىي نۇقتىئىنەزەرى بىزنىڭ ماددىي دۇنيانى ئىلگىرىلەپ چۈشىنىۋېلىشىمىزغا قولايلىق ئەكېلىشى مۇمكىن» دەپ باھا يازدى.



## تاسادىپىيلىقمۇ ياكى مۇقەررەرلىكمۇ؟

قاسىم سىدىق ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلار ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇنۇگۈن ياكى بۈگۈن، ياكى بولمىسا قانداقتۇر بىر كېچىدە ئۇخلاپ، ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇنىڭ تەبىئەت ئۇستىدىكى ئۇزۇن يىللىق ئويلىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى.

بىزنىڭ بۇ «غەلىتە» كۆزقاراشلىرىنى ئويلاپ تېپىشقا ئامراق قەھرىمانىمىز كۆپچىلىككە تولىراق بىر شائىر سۈپىتىدە مەلۇم. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي شېئىرلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇ شېئىرلا يېزىپ قالماستىن، «ئاتا - بالا» ناملىق پوۋېست، «مۇنچىدا»، «خىلۋەتتىكى چۈغلۇق» قاتارلىق ھېكايىلەرنىمۇ يېزىپ، پىروزا ئىجادىيىتىدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى ئاشكارىلىغان. لېكىن، ئەدەبىيات قاسىم سىدىقنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپى.

بىر ئادەمنىڭ نەدە تۇرۇشى، نېمە قىلىشى لازىملىقىنى بەلگىلەپ بەرگىلى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ نەلەردە يۈرۈشىنى، ئىشتىن قايتىپ بارغاندىن كېيىن نېمىلەر ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىمەك تەس. قاسىمنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دادامتۇ، ئىشلەيدىغان ئورنى ئوتتۇرا مەكتەپ، كەسپى ئەدەبىيات مۇئەللىمى بولسىمۇ، ئويلايدىغان نەرسىلىرىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ناھايىتىمۇ كەڭ. خىلمۇخىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى

ئوقۇشقا ھېرىسمەن بۇ شائىرىمىزنىڭ سېتىۋالغان كىتابلىرىنىڭ قىممىتى ئائىلە بىساتىنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت خەنزۇچە كىتابلار. ئۇ ئەدەبىيات، پەلسەپە، فىزىكا، خىمىيە، پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، ئالەمشۇناسلىق ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆرۈپ چىقىپ خاتىرە قالدۇرغان، ماقالىلەر يازغان. ئۇ باشقىلار يازغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە «‹ئىشتىھالىق كېسەل›دىكى چىنلىق تۇيغۇلىرى»، «ئاچچىق - چۈچۈك پاراڭلار» قاتارلىق ئوبزورلارنى ئېلان قىلغان. گېزىت - ژۇرناللاردا «خاراكتېرنىڭ ئۈچ تەركىبى ۋە بەدىئىي خاراكتېر توغرىسىدا»، «زوقلانغۇچىلار پسىخولوگىيىسىنىڭ زۆرۈرلۈكى»، «زوقلانغۇچىلار پسىخولوگىيىسىنىڭ كاتېگورىيىلىرى»، «قايتا ئىجاد قىلىش ۋە ئىمكانىيەت»، «ماتېرىيال نەزەرىيىسى توغرىسىدا»، «جىن گۇدىل نەتىجىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى»، «خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىمۇ ئىسلاھاتقا موھتاج»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنس ئالامەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي رولى»، «ئىنتوناتسىيە ۋە ئۇنىڭ رولى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان بەزى ئىلمىي قاراشلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

قاسىمنىڭ «ئاچچىق - چۈچۈك پاراڭلار» ناملىق ئوبزورىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى شېرىپىدىن ئۆمەر: «خېلىلا سالمىقى بار يېرىك ئەسەر، چوڭقۇر ئىلمىيلىقتا، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە» دەپ باھالىغان بولسا، 



دوتسېنت ئەخمەتبېك: «بىر تەرەپتىن، ئىجادىي مۇستەقىللىققا ئىگە نەزەرىيە تەتقىقاتى... يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەم نەزەرىيە، ھەم ئەمەلىي جەھەتتىن ئادىل باھالايدىغان ئوبزور» دەپ كۆزقارىشىنى يازغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنس ئالامەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي رولى» ناملىق ماقالىسى ئۈستىدە تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمان: «ماقالە ئاپتورى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىكى جىنس ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى رولىغا خېلى دىققەت قىلغان ۋە بۇ ھەقتە خېلى ئىزدەنگەن. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ماقالىنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ» دەپ يازغان. «زوقلانغۇچىلار پسىخولوگىيىسىنىڭ زۆرۈرلۈكى» دېگەن ماقالە ھەققىدە پسىخولوگىيە دوتسېنتى ۋاھاپ غاپپار: «تەكلىپ خاراكتېرلىك مۇھىم ئىلمىي ماقالە... قىسقا بولسىمۇ ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى زور، بۇ ئىلىم - پەن ئەھلى ئۈچۈن ئىلھام ۋە ھەيدەكچىلىك بولۇپ، تەلەپ ئەمەلگە ئاشسا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى يەنە بىر ئىلمىي قورالغا ئىگە بولغۇسى» دەپ يازغان بولسا، «زوقلانغۇچىلار پسىخولوگىيىسىنىڭ كاتېگورىيىلىرى» دېگەن ماقالە ھەققىدە «بۇ ماقالىنى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە، نەزەرىيىۋى يېتەكچى قوللانما خاراكتېرلىك ئىلمىي ماقالە، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ» دەپ باھا يازغان. ئۇنىڭ «ماتېرىيال نەزەرىيىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى ھەققىدە پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلام نەزەرىيىسى بويىچە خېلى ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە... بۇنداق نەزەرىيە شىنجاڭ ئاز سانلىق

مىللەتلىرى ئىچىدە ئاز ئۇچرايدۇ... مەن مۇنداق ياخشى ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازغان.

ھەتتا بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا قاسىم سىدىق «بالىلىق شېئىرلار ھەققىدە» دېگەن بىر ماقالىنى يېزىپ، يېڭى بىر شېئىر شەكلىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بەزىلەر قاسىمنىڭ بۇ نەرسىسىنى كۆرۈپ، «قاسىم ساراڭ بوپتۇ»مۇ دېيىشكەن. كېيىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىلىرى قادىر ئەكبەر، مەھمۇت زەيدىلەر ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، «بالىلىق شېئىرلار ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر بىر يېڭى ئاكسىئوما، تەتقىق قىلىشقا ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان پىكىر، ئىلمىي قىممىتى بار، نەزەرىيە جەھەتتىن بىر يېڭىلىق، دەپ قارايمىز» دەپ يازغان. ئىشقىلىپ، بۇ «غەلىتە» مىجەزلىك شائىرىمىزنىڭ كاللىسىدا يېڭى - يېڭى پىكىرلەر پات - پات ئۇچقۇنداپ تۇرىدۇ. ئۇقۇشسام، ئۇ يەنە «ئىلھامنىڭ سىرى» سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىمدىكى ئىلمىي ئەسىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن يېزىپ پۈتتۈرۈپتۇ. «يوشۇرۇن قىممەت — ئىجادىيەت - مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنى ژۇرنالغا سۇنۇپتۇ. ھازىر «ئومۇمىي مېتودولوگىيە»، «ناتۇرال تىللار»، «ئىجادىيەت - ئىجادىي قىممەت - ئىجادىيەتنىڭ نىسپىيلىكى» قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىۋېتىپتۇ.

كىتاب ئوقۇش قاسىم سىدىقنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ھۇزۇر ئىش بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزى: «پۇرسەت تاپسىلا ماتېرىيال كۆرىمەن. ئاساسىي ئۇقۇملارنى ئىگىلەش، ئۇقۇملار بىلەن



ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى بايقاش، بۇ زىددىيەتلەردىن يېڭىچە لوگىكىلىق نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىش مېنىڭ تەپەككۇر ئادىتىم» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «نۇرغۇن كىشىلەردە قاتمال قاراش بار. ئۇلار تەييار ئۇقۇملار بىلەن قانائەتلىنىدۇ. ئۆگىنىش، ئۆگەنگەنگە قانائەت قىلماي يېڭى نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش... قانائەتسىزلىك مېنىڭ ئېتىقادىم» دەيدۇ. بىر شېئىرىدا ئۇ:

قانائەت مەن ئۈچۈن يار بولغان قاچان؟
روھىمدا ئەبەدىي ئاچلىق ھۆكۈمران.
تۈنۈگۈن ئىزدىگەن ۋىسال خوپ كەلدى،
ئەتىنى ئويلىسام سىزىمەن ھىجران.

دەپ يازغانىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ «قوينى قاسساپ سويسۇن، تەبىئىي پەن بىلەن غەربلىكلەرلا شۇغۇللانسا بولىدۇ» دەيدىغان ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش روھىغا تۈپتىن قارشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. «دەرۋەقە، ئىلىم - پەن تەتقىقاتى مۇشكۇل خىزمەت، — دەيدۇ ئۇ، — لېكىن، ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشمۇ ئەمەس. پەننى سىرلىقلاشتۇرۇش پەننىڭ روھىغىمۇ خىلاپ، ئىلىم - پەندە بۈگۈن غەربلىكلەرنىڭ ئىلگىرىلەپ كەتكىنى پاكىت، لېكىن ئەينى ۋاقىتلاردا غەرب دۇنياسىنىڭ شەرقتىن كېيىن قالغانلىقىمۇ پاكىت ئىدى. غەربلىكلەرنىڭ ھازىرچە ئىلگىرى كېتىشى ۋاقىت، شارائىتلا مەسىلىسى... ئېنگېلس: بىر مىللەت پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرماقچى بولىدىكەن، بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن

ئايرىلماسلىقى كېرەك ، دېگەن . چۈشكۈنلۈكنىڭ ئورنىغا ئۈمىدۋارلىقنى ، تەركىدۇنياچىلىقنىڭ ئورنىغا ئەمەلىي پائالىيەتچانلىقنى دەسسەتسەك ، بىزمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايمىز . » قاسىمنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىمۇ ئوقۇپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ :

مەن ئەھلى زۇننار مەغرىبى ئەمەس ،
مەغرىبلا ئىلىمنىڭ چىرىغى ئەمەس .
غېرىب بولسام ئادالەتنىڭ غېرىبى ،
لېكىن ، پاراسەتنىڭ غېرىبى ئەمەس .

قاسىم سىدىق بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا تەبىئەت دۇنياسىغا قىزىقىپ بەزى نەرسىلەرنى يېزىشقا باشلىغان . دەسلەپتە ئۇ «ئالەملىك ئىرسىيەت ۋە ئالەم گارمونىيىسى» دېگەن تېما ئۈستىدە ئىزدەنگەن . بۇنىڭدا ئۇ «ئىرسىيەت ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش لازىم ، يەنى ئىرسىيەتنى نوقۇل بىئولوگىيىلىك ئۇقۇم ھالىتىدىن ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . خىمىيە ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇ مەكتىپىدىكى بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىرلىكتە «ئېلېمېنت سەن نەدە ؟ » ناملىق بىر كىچىك ماقالىمۇ يېزىپ چىققان . ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى «بوشلۇق نەزەرىيىسى» توغرىسىدىكى ماقالىلىرىمۇ تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس .

1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇ «ئىلى گېزىتى»دە «ئەدەبىي بوشلۇق نۇقتىئىنەزەرى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە



ئېلان قىلدى . بۇ ماقالىدە «بوشلۇق»نىڭ يېزىقچىلىق ۋە زوقلىنىش پائالىيىتىدىكى ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن . بۇ ئەسەر پسىخولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار : «ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى ، — دەپ يازىدۇ قاسىم ، — بوشلۇق ھادىسىسىگە پەلسەپىۋى نۇقتىدىن نەزەر تاشلاش لازىم . بوشلۇقنى پەلسەپىۋى ئابستراكتسىيە (ئۇقۇم ) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش تامامەن مۇمكىن . ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش ۋە خاسلىقلارنى بوشلۇق نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش قىلىپ ئانالىز قىلغاندا نۇرغۇن مەسىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ . ئەدەبىي بوشلۇق يۇقىرىقى پەلسەپىۋى بوشلۇق ئىچىدە ئىزاھلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ كونكرېت بىر تارمىقى بولۇپ قالىدۇ » .

قاسىم شۇنىڭدىن كېيىنلا «بوشلۇق نەزەرىيىسى» (بۇ نەزەرىيىنى «شەكىل نەزەرىيىسى» دېگەن بولسا ئىسمى جىسمىغا لايىق بولغان بولاتتى ) دېگەن ئومۇمىي تېما ئۈستىدىكى ئەمگىكىنى باشلىۋەتتى . ئۇ گەرچە دەسلەپ پەلسەپىۋى يىغىنچاقلاشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىلىرى بىرئاز كونكرېتلىشىپ ، فىزىكا ۋە ئالەمشۇناسلىقتىن ئىبارەت پەنلەرگە بېرىپ تاقالدى . ئېينىشتېين ئوتتۇرىغا قويغان زامان ـ ماكان ئەگرىلىكىنى «شەكىل»گە يىغىنچاقلاش قاسىم سىدىقنىڭ چىقىش نۇقتىسى . دەرۋەقە ، ھازىر ھەرقانداق مەزمۇندىكى ئالەمشۇناسلىق ئالەمنى شەكىلگە يىغىپ قويىدۇ . «شەكىل جەزمەن ئارقا كۆرۈنۈش شەرتى ئاستىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ . » مانا بۇ قاسىم ئوتتۇرىغا قويغان شەكىلنىڭ تاشقى

شەرتى . بىز ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان شەكىلنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىساق ، قاسىم بىر تەرەپلىمە ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ ؛ «ئارقا كۆرۈنۈش» ئېتىراپ قىلىنسا ، مۇقەررەر ھالدا «يوقلۇق» مۇ ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ . ھەرقانداق شەكىل جەزمەن مۇئەييەن مىقدارغا ، مۇئەييەن كۆچكە ئىگە ؛ ئەگەر بىز كۆچ ئىپادىلىمەيدىغان ۋە چەكسىز بولغان شەكىلنى تېپىپ چىقالىساق ، يۇقىرىقى ھۆكۈم بىر تەرەپلىمە بولىدۇ .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، قاسىمنى كۆزدە تۇتقاندا «بوشلۇق نەزەرىيىسى»نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىلىق ئەمەس . ئۇنىڭ تەپەككۇر يولىنى بويلاپ ماڭسىڭىز ، ئۇ مەنتىقىي ئىزچىللىق ۋە مەنتىقىي مۇقەررەرلىكتىن ئىبارەت .

## ئۇ نېمىگە ئېرىشتى ؟

غۇلجىدىكى بەزى يولداشلار قاسىمغا : «ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلمىساڭ بولامدىكىن ، بۇ ئىشنىڭ بىر باشقا چىقمايدۇ» دېگەندە ، قاسىمنىڭ «تەتۈرلۈكى» تۇتۇپ ، زادى ئۇرۇمچىگە بىر بېرىپ ئۆز كۆزقاراشلىرىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىر تەرەپ قىلىپ كەلمەكچى بولغانىدى . ئاخىردا بۇ خۇددى كىچىك باللارنىڭ «كېچەلمەيدۇ ، ھە - ھە !» دەپ بەرسە ، پاتقاقنى تېخىمۇ كەچكىنىدەك ئىش بولۇپ چىقتى .

قاسىمنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىشتىكى مەقسىتى ، بىرىنچىدىن ، ئىلىم - پەن تارماقلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئىدى . قاسىمنىڭ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە تايانغان قورالى ھازىرچە لوگىكا ۋە پەلسەپە . ئۆز نەزەرىيىسىنى تەجرىبە



ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇچۇن ئۇنىڭدا مۇۋاپىق تەجرىبە لايىھىسى ۋە تەجرىبە شارائىتى يوق . مىقدارلىق ئانالىز ، ماتېماتىكىلىق ئىسپاتلاش جەھەتلەردە ئۇ كەسىپ ئەھلى ئەمەس . ئالدى بىلەن ، ھازىرقى مەنتىقىي قۇرۇلما مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى . بۇ ئىش لوگىكا باسقۇچىدىلا ئۇجۇقۇپ كەتسە ، قالغان ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھاجىتى قالمايتتى ؛ ئىككىنچىدىن ، قاسىم ئۆزىنىڭ يېڭى نەزەرىيىسىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا «ھازىرچە بۇ نەزەرىيىنىڭ ئەھمىيىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن ، ھېچبولمىغاندا ئۇ ، ئالەم چەكلىكمۇ ياكى چەكسىزمۇ؟ دېگەن تالاش- تارتىشقا خاتىمە بېرىدۇ ، ‹شەكىل كۆچ ۋە مىقدار › دېگەن چۈشەنچە قوبۇل قىلىنسا ، ئالەمنى بىلىشنىڭ يەنە بىر مېتودى مەيدانغا كەلگەن بولىدۇ» دەپ قارايتتى . شۇڭا ، دەسلەپكى قەدەمدە قاسىم ئۆز ماقالىلىرىنى بىرەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرۇپ ، كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇشى ، كەسىپ ئەھلىلىرىگە ئۆز كۆزقاراشلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇچۇر بېرىشى لازىم ئىدى .

لېكىن ، قاسىم ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرنەچچە پروفېسسور ۋە دوتسېنتلارنىڭ باھالاش پىكرى تۇرۇپمۇ ئۆز ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىدىغان ئورۇن تاپالمىدى . ئىلىم - پەن ، نەشرىيات تارماقلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابى ناھايىتى ئاددىي — بىزنىڭ بۇ ژۇرناللىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش . سىزنىڭ يېڭى نەزەرىيە ئىكەن . باسالمايمىز ، دېگەندىن ئىبارەت بولدى . قىزىق يېرى شۇكى ، قاسىمنىڭ بۇ يېڭى قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە دەل ئاشۇ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلغان كىتاب - ژۇرناللىرىنىڭ تەسىرىمۇ زور بولغانىدى .

پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مەقسىتى نېمە؟ باشقىلار تەرىپىدىن بايقالغان، ئىسپاتلانغان قانۇنىيەتلەرنى تونۇشتۇرۇپلا قويۇشمۇ ياكى شۇ ئاساستا ئۆزىمىزمۇ يېڭى نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەنىمۇ بىر قەدەم ئالغا بېسىشمۇ؟... قاراڭ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئورۇنلىرىمىز جاپالىق ئىشلەپ، ئىلىم - پەننىڭ نۇرغۇن نەتىجىلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەردىيۇ، بۇ ئومۇملاشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان نەتىجىنى قوبۇل قىلالمىدى.

ئالىي مەكتەپلەردىن ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىغا، ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىدىن تەھرىر بۆلۈملەرگە چېپىپ يۈرۈپ، قاسىمنىڭ ئايىغىنىڭ پاشىنىسى چۈشۈپ قالاي دېدى. ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ئانچە - مۇنچە پۇل ئەۋەتىپ تۇرغانىدى. ئۈرۈمچىدە تۇرغان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى بۇ پۇللارمۇ تۈگەپ، يانچۇقىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا ئۆيدىن خەت كېلىپ قالدى. خەتتە ئانىسى: «بالام، ئانچە - مۇنچە شېئىر دېگەندەك بىرنېمىلەرنى يېزىپ تۇرغان ۋاقتىڭدا ئاز بولسىمۇ قەلەم ھەققى ئېلىپ تۇراتتىڭ، تۇرمۇشىمىزغا ياردىمى بولاتتى. ھېلىقى بوشلۇق، يوقلۇق دېگەن بىرنېمىلەر كاللاڭغا كىرىۋالغاندىن بېرى ئۆيدىمۇ ھەممە نېمە يوق بولغىلى تۇردى. ئەمدى بولدى قىلىپ قايتىپ كەلسەڭ!» دەپ يازغانىدى. قاسىم سىدىق ماقالىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»غا تاپشۇرۇپ، نائىلاج غۇلجىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

قاسىم ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا غۇلجىدىن سودىگەرچىلىك قىلغىلى چىقىپ كەتكەنلەر چېغىدا ئۆيىگە خېلى يانچۇقىنى تومپايتىپ قايتىپ كېلىشتى. قاسىم بولسا يەلكىسىگە بىرمۇنچە



قەرزنى ئارتتۇۋالدى. قاسىمنىڭ يېزىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش ھەققى بار ئىدى. قەرز ئىگىلىرى پۇللىرىنى سۈيلەۋەرگەچكە، قاسىم يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن شۇ پۇلنى ئېلىپ قەرزىنى تۆلىمەكچى بولۇۋىدى، بۇ پۇلمۇ پۈتمىدى. قاسىم يېزا باشلىقى بىلەن «ئالىيلىرى» دەپ ئانچە - مۇنچە چاقچاقلىشاتتى. «ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، ئۇنىڭغا قارىتىپ مۇنداق بىر شېئىر يېزىپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالدى.

## «ئالىيلىرى»غا ئەرز - ھال

ئەيلىيىن ئەرزىم بايان، ئالىيلىرى،
بولسىمۇ دەردىم ئايان، ئالىيلىرى.
قىلمىشىمدىن خەستە روھىم ئالدى نەپ،
بولدى چۆنتەككە زىيان، ئالىيلىرى.

پۇل بۇزۇپ قىلدىم سەيىر «بوشلۇق»نى مەن،
ئاقىۋەت قالدىم قۇچۇپ «يوقلۇق»نى مەن.
خەجلىسەممۇ «يوقلۇق»ىمدىن مىڭ تۈمەن،
كەلمىدى بىر بۇردا نان، ئالىيلىرى.

بالىۋاقام «يوقلۇق»ىمدىن داد، دېدى.
ئەرزىمەس نەغمەڭنى بەس، توختات، دېدى.
تاڭغىچە ياقماي چىراغ ئۇخلات، دېدى.
ئاھ ئەجەب قىينالدى جان، ئالىيلىرى.

كەلدى ھەم قەرزىڭنى بەر ، دەپ قانچىسى ،
كۆزدە خەنجەر ، تىللىرىدا قامچىسى .
قىلدى كۆكرەكنى ماكان خەنجەر بىسى ،
ماڭا تار كەلدى جاھان ، ئالىيلىرى .

ئۆز پۇلۇمغا «ھەق» دېدىم ، كۆپ جورۇدۇم ،
بارچىكى خەيرەندىلەرنى دورىدىم .
ئۆز گۆشۇمنى ئۆز يېغىمدا قورۇدۇم ،
بولدى گويا قەستى جان ، ئالىيلىرى .

ۋاقتىدا بۇ ئىشقا بەرھەم بەرسىلە ،
قانچە پۇل بولسا شۇنچە دەرھەم بەرسىلە .
پۇلنى جىقراق ، دەردنى كەم ـ كەم بەرسىلە ،
شۇندا تىنچىيدۇ زاۋان ، ئالىيلىرى .

قاسىم سىدىققا ئوخشاش ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ نەپ تېگىدىغان شائىرلىقنى تاشلاپ ، ھەممىنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان «يوقلۇق» بىلەن ھەپىلىشىدىغان ، ئىلمىي مەقسەت ئۇچۇن شۇنچە نۇرغۇن بەدەل تۆلەيدىغان «ئەخمەق»لەر ئارىمىزدا ھازىر ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك .

× ×

مېنىڭ بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىشتىكى مەقسىتىم ھەرگىزمۇ قاسىم سىدىقنى مەدھىيىلەش ياكى «بوشلۇق



نەزەرىيىسى»نىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا باھا بېرىش ئەمەس . دېمەكچى بولغىنىم ، پارتىيىمىز تۈزگەن ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دەۋرىمىز ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتىدۇ . لېكىن ، بەزىلىرىمىزنىڭ ئېڭى رېئاللىققا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ . بۈگۈنكى ياشلىرىمىز ئىلىم ـ پەننى ئىگىلەپلا قالماي ، يېڭى قىياس ، يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولدى . بىز ئۇلارغا ئۆز كۆزقاراشلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى دەلىللەش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرەيلى !

بۈگۈنكى ئىلمىي پەرەزلەر ئەتىكى كەشپىياتنىڭ بىخى . پەندە تەكشى يول يوق . بەزى كۆزقاراشلار ئىسپاتلانغىچە نۇرغۇن سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ . كوپېرنىكنىڭ «يەر قۇياشنى ئايلىنىدۇ» نەزەرىيىسى دەسلەپتە بىر خىل قىياستىنلا ئىبارەت ئىدى . پەقەت ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكى ئىسپاتلانغان . ھالبۇكى ، ئىسپاتلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ ئۇ ھەقىقەت ئىدى . قىياس ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ خاتا چىقىپ قېلىشىدىن نېمانچە قورقىمىز ؟ دەلىللىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرسەكلا ، مەلۇم بىر نەزەرىيىنىڭ ناتوغرىلىقىنى ئىسپاتلاش جەريانىدىمۇ كىشىلەر نۇرغۇن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بىلىۋالايدۇ . ئېينىشتېين «نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىلىم ـ پەن تارىخىمىزغا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارلا يېزىلىپ ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلاردىن ئىلگىرى يول ئىزدىگەن مەغلۇپ بولغۇچىلار يېزىلمايدۇ ؟ مانا بۇ ئادالەتسىزلىك ، مەلۇم بىر يولدا مېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشمۇ ئىلىم ـ پەنگە قوشۇلغان چوڭ تۆھپە» دېگەنىدى .

ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى مۇشكۇل خىزمەت . ئەگەر بىر كىشى

يىللاپ ئەجرى قىلىپ ، ئاخىردا ماقالە يېزىپ ئۆزىنىڭ يېڭى بىر ئىلمىي قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويسا ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئورۇن ، ماقالىسىنى ئېلان قىلغۇدەك مەتبۇئات چىقمىسا بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن بىزدە باشقىلارنىڭ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ژۇرناللار بولىدۇيۇ ، ئۆز ئىچىمىزدىكى يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلگۈچى كۈچلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بىرەر ژۇرنال تەسىس قىلىنمايدۇ ؟ ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش ، مىللىي قورۇنۇش ، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىجاد قىلىپ بەرگەن نەرسىلىرىگىلا تايىنىپ جان بېقىش مىللەتنى تەپەككۇر ھۇرۇنلۇقىغا ، كىرىزىسكە باشلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . ئىلمىي ھەقىقەتنى ئۆگىنىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ ، ئۇ تەتبىق قىلىنغاندىلا ئاندىن كۈچكە ئايلىنالايدۇ . دادىل بولايلى ، «كەلگۈسىدە ئىشەنچلىك چىقماي قېلىش ئېھتىمالى بولغان قىياسنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىمۇ ھامان ھېچقانداق بىر قىياسنىڭ بولمىغىنىدىن ياخشى» مانا بۇ سۆزنى مەشھۇر خىمىيە ئالىمى مېندېلېيېف ئېيتقان !

1991 - يىل ، غۇلجا



# ئاخىرقى سۆھبەت

«داۋۇتجان ناسىر ۋاپات بوپتۇ !»

ئۈشتۈمتۇت تارقالغان بۇ خەۋەر ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ گۈلدۈرلىگەن چاقماقتەك ھەممىنى تاڭ قالدۇردى . ئەجەلغۇ جىمى تىرىك جاننىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان رەھىمسىز مۇقەررەرلىك . لېكىن ، داۋۇتجان تېخى ياش ئىدىغۇ ؟ تېخى ئاخشامقى سورۇندىلا ئۇ زوق بىلەن ناخشا ئېيتىۋىدىغۇ ؟... ئاھ ، بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى شۇنچىلىكمىدۇ ؟ !...

شۇ كېچە كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچتى . ھەسرەت بىلەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ تەقدىرگە نالە قىلدىم... بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان جىمى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېغىر بىر غەشلىك باستى . يىراقلاردىن كېلىۋاتقان يولۇچى ئىختىيارسىز ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ، كاسىپلارنىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى . تۇرۇپلا ئادەملەر يەنە ئېسىنى يىغقاندەك بولۇشۇپ ، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئالدىراش ئاختۇرۇشتى . مەھەللە - كوي ، بازار - رەستە ، ھەممە يەردە داۋۇتجاننىڭ ناخشىسى ياڭراشقا باشلىدى . بۇ — خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىگە تۇتقان ماتەمى ، سېغىنىشى ، ھۆرمىتى ئىدى... شۇ ناخشىلارنى ئاڭلاپ كېتىۋاتقىنىمدا ماڭا داۋۇتجان ھېلىمۇ بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك بىلىندى .

لېكىن ، نېمىلا بولسۇن داۋۇتجاننىڭ جىسمى ئارىمىزدىن كەتكەن ، ئۇنىڭ توي - تۆكۈن ، مەشرەپ - ئولتۇرۇشلارنى قىزىتىش ئۈچۈن غۇلجىنىڭ تېرەكلىك كوچىلىرىدىن ئالدىراش مېڭىپ ئۆتىدىغان قەدىمى ئەمدى مەڭگۈگە توختىغانىدى .

كىشى ياخشى بىر دوستىدىن ئايرىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن خاتىرىلىك كۈنلىرىنى ئۇنتۇمايدۇ . شۇ جۇدالىق مىنۇتلاردا ئىختىيارسىز ئېسىمگە داۋۇتجان بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبىتىم چۈشتى .

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتچىلەرنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىدىغان بىر كىتابچە ئىشلىمەكچى بولۇپ بىزگە خەت يېزىپ ، داۋۇتجان ناسىرنىڭ ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈنگەنىكەن . ئۇ چاغدا داۋۇتجان چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاپ چىقىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتۇق . داۋۇتجان كېلىپ ئارىدىن ئىككى ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇنى زىيارەت قىلىپ باردىم . كۆزۈمگە داۋۇتجان ئىلگىرىكىدىن سەل سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈندى . بىز داۋۇتجاننىڭ ساراي ئۆيىدىكى بىر ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ گەپلەشتۇق :

— كىتابلارغا يازغۇدەك نېمە گەپ بار دەيسىز ، مويكا مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم ، پېشقەدەملەردىن ئانچە - مۇنچە ناخشا - ساز ئۆگەندىم…

ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ئەنە شۇنداق ئاددىي گەپلەر بىلەن باشلاندى . ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرىگە ئوخشاش داۋۇتجاندىمۇ ئۆز ھاياتىنى بوياپ كۆرسەتمەيدىغان ، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى خالىمايدىغان پەزىلەت بار ئىدى .



داۋۇتجان ناسىر غۇلجا شەھىرىنىڭ مويكا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ دادىسى ناسىر ئاكا خۇش پېئىل ، ناخشىچى ئادەم بولۇپ ، ھارۋىكەشلىك قىلاتتى . داۋۇتجان كىچىكىدىلا دادىسىغا ئەگىشىپ مەشرەپ - ئولتۇرۇشلارغا بېرىپ ، ناخشا - ساز تىڭشاشنى ياخشى كۆرەتتى . ناسىر ئاكا ھارۋا ھەيدەپ يىراق سەپەرلەرگە چىققاندا ، ناخشىغا خۇمار بۇ ئوغلىنى بىللە ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمايتتى . داۋۇتجان ئەگرى - توقاي ھارۋا يوللىرىدا چايقىلىپ ئولتۇرۇپ ، ئاپتاپلىق دالىدا چۇرۇقلىشىۋاتقان تورغايلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە دادىسى ئېيتقان ناخشىلارنىڭ ئاھاڭىنى تەكرارلايتتى . ئۇزاق ئۆتمەي قوشنا - قولۇملارغا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ سازلىقى مەلۇم بولدى .

— نېمە ئىشكىن بىلمەيمەن ، — دېدى داۋۇتجان ، — مەھەللىدىكى مومايلار مېنى تۇتۇۋېلىپ «ئانام - ئانام»نى ئېيتقۇزۇشقا خۇشتار ئىدى . مەن ناخشا ئېيتسام ، ئۇلار يىغلايتتى . چوڭ كىشىلەر مېنى كۆرسە : «قېنى ، ‹خانلەيلۇن ›گە بىر توۋلىۋەتكىنە ، ھە ، ئەمدى ‹سادىر ناخشىسى ›غا… » دەپ قويۇپ بەرمەيتتى .

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە سەنئەت ئىشلىرى كەڭ راۋاجلىنىپ ، مەھەللە - مەھەللىلەردە سەنئەت كۇرۇژوكلىرى تەشكىللىنىشكە باشلىدى . داۋۇتجان 1953 - يىلىدىن باشلاپ مويكا مەھەللىسىدىكى سەنئەت كۇرۇژوكىغا قاتناشتى . ئۇ تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتقاندا ، يېشى ئەمدىلا ئوندىن ھالقىغان بالا ئىدى . ئەينى يىللاردىكى پېشقەدەم سەنئەتچىلەر بۇ بالا ناخشىچىنىڭ ئاۋازىنى بىر ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان تالانتنى دەرھال بايقاشقان .

ئۇزاق ئۆتمەي داۋۇتجان شۇ چاغدىكى قازانچى رايونلۇق ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن سەنئەت ئۆمەككە قوبۇل قىلىندى.

— ئۇ چاغدىكى قازانچى سەنئەت ئۆمىكى ئاجايىپ قايناق بىر تەشكىل ئىدى، — دەپ ئەسكە ئالدى داۋۇتجان، — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق سەنئەتچىلەردىن بىرقانچەيلەنمۇ ئۇ يەردە بىر مەزگىل ئىشلىگەنىدى. يەنە ھېزىم موللىكام، تەمبۇرچى ئابدۇرېھىم ئاكا، تۇرسۇن ئاۋامۇسسېلىم (تۇرسۇنجان مەشچى) قاتارلىق كۈچلۈك نەغمىچىلەر بار ئىدى. ھەر كۈنى ئۆمەككە بېرىشقا ئالدىرايتتىم. ئۇ يەردە مېنى قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەر تولۇپ تۇراتتى. ناخشىنى سازغا چۈشۈرۈپ ئېيتىش، ئۇلاپ ئېيتىشلارنى مەن شۇ يەردە ئۆگىنىشكە باشلىدىم…

قازانچى مەھەللىسى ئەزەلدىن كۈچلۈك ئەلنەغمىچىلەر توپلانغان، سەنئەت ئىشلىرىدا غۇلجا شەھىرى بويىچە مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئورۇن بولغاچقا، بۇ يەردىكى ئۆمەكتە ئىشلەش داۋۇتجاننىڭ سەنئەت ئەھلى قاتارىغا قېتىلىشىدا ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولۇپ قالدى. داۋۇتجان بۇ يەردە ناخشا ئېيتىش بىلەن بىللە ساز چېلىشنىمۇ ئۆگىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، مويكا مەھەللىلىك تۇرسۇن ئاۋامۇسسېلىم ئاكا ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. داۋۇتجان ئۆزىنىڭ بۇ ئۇستازىنى ئەسلەپ:

— ئۇ كىشىنىڭ چالغان سازى، ئېيتقان ناخشىلىرى مېنى سېھىرلەپ، يۈرىكىمدە سەنئەتكە بولغان قايناق ھەۋىسىنى ئويغاتقانىدى. ئۇ مېنىڭ ھۆرمەتكە مۇناسىپ، ئۇنتۇلماس ئۇستازىم! — دېدى.

داۋۇتجان ناسىر ئۆز ئۆمرىدە بىرەر سەنئەت مەكتەپلىرىدە



ئوقۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ، ئۆز ئېلىنىڭ سەنئەتكە باي تۇپرىقىدا تەبىئىي ئۆسۈپ يېتىلىپ، خەلقتىن ئىبارەت بۇ قۇرۇماس بۇلاقتىن قېنىپ سۇ ئىچىپ، يالغۇز كلاسسىك ئاھاڭ، خەلق ناخشىلىرىنىلا ئورۇنداشقا ماھىر بولۇپ قالماستىن، دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا قاتارلىق مۇزىكىلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغان مۇكەممەل سەنئەتچى بولۇپ يېتىشتى.

داۋۇتجان ناسىر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى، تاشكۆۋرۈك يېزىسى، شەھەرلىك ئىككىنچى رايون ۋە قول سانائەت كارخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتنىشىپ، بۇ ئۆمەكلەرنى تەشكىللەش، راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور بولۇپ، بۇ ئۆمەكنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ تۇرۇشىدا ھېسام قۇربان بىلەن داۋۇتجان ناسىر قاتارلىق سەنئەتچىلەر كەم بولسا بولمايدىغان كۈچلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

داۋۇتجان ناسىر خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان سەنئەتچى. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق، دولقۇنلۇق، ھېسسىياتقا باي، تىلى ئېنىق، ئاھاڭ بىلەن ناخشا تېكىستلىرى مۇستەھكەم بىرىككەن بولۇپ، پەقەت داۋۇتجانغىلا مەنسۇپ ئۆزگىچە پۇراق بىلەن يۇغۇرۇلغان. شۇڭا، خەلق ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە غۇلجا خەلق

رادىئو ئىستانسىلىرى ئۇنىڭ نۇرغۇن ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئالغان ۋە مەخسۇس تونۇشتۇرغان. ھەرقايسى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرى ۋە تەلەپلەر بويىچە بەرگەن كونسېرت نومۇرلىرىغا داۋۇتجان ناسىرنىڭ ئاۋازى ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىدە قانچە توي - تۆكۈن، مەشرەپ- سورۇنلارنى ئاۋات قىلغانلىقىنى، خەلق قولىدا ساقلىنىۋاتقان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ سانى زادى قانچىلىكلىكىنى ئېھتىمال ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىسە كېرەك…

داۋۇتجان ناسىر ئەينى يىللاردا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەنىدى. 1984 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك ئەمالار ئۈنئالغۇ ناخشا لېنتىلىرىنى باھالاش مۇسابىقىسى»دە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە لېنتىغا بەرگەن يەتتە ناخشىسى مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شەرەپ كەلتۈردى.

داۋۇتجان كېيىنكى يىللاردا مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ «تاغ سۇلىرى»، «ئىلى ئالمىسى»، «سېنى كۈيلىمەك بەختىم»، «قىزىلگۈل» قاتارلىق ئىجادىيەتلىرى كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئىشلىگەن بۇ مۇزىكا - ناخشىلارنىڭ ئاھاڭى خەلقنىڭ روھىغا يېقىن بولغاچقا، تېزلا ئۆزلىشىپ، خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەنىدى.

داۋۇتجان ناسىر ئېيتقان ناخشىلار كىشىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. خۇددى قارىغايلىقلار ئارىسىدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان دولقۇنلۇق تاغ سۇلىرىغا ئوخشاش كىشىگە ئارام ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.



— ناخشىلىرىڭىز نېمىشقا شۇنچە تەسىرلىك؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— بۇ سوئالغا بىرنېمە دېمەك تەس، — دېدى داۋۇتجان، — قانداق چۈشەندۈرسەم بولار… دۇتارنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەنلا ۋۇجۇدۇم ھاياجانغا تولىدۇ. ناخشىنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىرىپ ئېيتىمەن… كىچىك ۋاقتىمدا كۆزۈم خىرە كۆرەتتى. يىللار ئۆتكەنسېرى يورۇق ئالەمنى كۆرۈشتىن قالدىم. مەن ئېيتقان ھەربىر ناخشىنىڭ ئاھاڭى يۈرىكىمدىكى مۇڭ ۋە ھاياتقا، ئادەملەرگە بولغان مۇھەببىتىم، قۇياش نۇرى ئاستىدا تاۋلىنىپ ياتقان كەڭ دالا، ياپيېشىل ئوتلاقلارغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن تولغان…

بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆھبەت بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇ چاغدا خىيالىمىغىمۇ كەلمىگەنىدى… ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن مىڭلىغان كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈۋاتقان بۇ ھارماس بۇلبۇل 1988 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەتىگەندە، مېڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبى بىلەن تۇيۇقسىز ئارىمىزدىن كەتتى. مەرھۇم ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، غۇلجا شەھەرلىك مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى ئىدى.

داۋۇتجان ناسىرنىڭ ۋاپاتى سەنئەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىگە ئېچىنىش ئوتىنى ياقتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرى مەيۈسلەنگەنلەرگە ئۈمىد، ھارغانلارغا ئارام، چېچىلغانلارغا

تەسەللى، غېرىبسىنغانلارغا خۇشاللىق بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ تېخى خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ يېقىشلىق ئاھاڭلارنى ئىشلەش ئۈستىدە كەڭ پىلانى، ناخشا بىلەن خەلققە يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن قەلب سۆزلىرى بار ئىدى. بۇ جۇدالىق ناھايىتىمۇ تاسادىپىي، ناھايىتىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقانلىكى ئادەملەر دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىتكە قاراپ ئاقتى. شائىر ئابدۇساتتار ناسىرى بۇ مەنزىرىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىدى:

تاڭ يورۇپ،
سۈبھى ئەمدى سۈزۈلگەندە.
داۋۇتجان تىنىپ قالدى،
بىر ئۇھ تارتىپ،
تۇيۇقسىز يۈرەك تارى ئۈزۈلگەندە...
نېمە ئۇ؟
ئاق يەلكەنمۇ ئوكياندىكى،
ئاق قۇمۇ ئۇچۇپ بارغان ئورماندىكى؟
ئاق بۇلۇت ئىچىدە دىلغا مۇڭلار تۆكۈپ،
ئايمۇ ئۇ ئۈزۈپ ماڭغان ئاسماندىكى؟
ياق، دوستلار، داۋۇتجاننىڭ تاۋۇتى ئۇ.
ئادەملەر ئېقىندا كېتىپ بارغان.
تەلمۈرۈپ قارىشىدۇ كۆزلەر كۆزگە،
مۇسىبەت دەرياسى بۇ ئېقىپ بارغان.

ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوف گويا شۇ كۈنلەردىكى



غۇلجىنىڭ ئەھۋالىنى، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف بىلەن ھېسامىنىڭ كۆزىدىكى مۇسىبەت يېشىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك:

مەن ئىشەنگەيمەن نېچۈك راستتىنلا ئەزرائىل كېلىپ،
جان مېۋەڭنى ئۈزگىلى قەددىڭ شېخىنى ئەگدىمۇ؟
ھەممە ئۇيغۇر دېگۈدەك «مىڭ ياشا!» دەيتتى سېنى،
كۆپچىلىك سۆزلەۋېرىپ ئاخىر ساڭا تىل تەگدىمۇ؟
......
غۇلجىنىڭ پەركايى ئۇچقاندەك سېزىلدى ئاشۇ كۈن،
چۈنكى ئۇندىن كەتتى بىر تەڭدىشى كەم بۇلبۇل ئۇچۇپ.
ئا. جارۇللايوف تۆكۈپ ياش، كۈلكىسىدىن قاپتۇ ھېسام،
يىغلىسا ئەرزىيدۇ ئۇيغۇر پۈشتى قەبرەڭنى قۇچۇپ...

دېگەن مىسرالارنى تىزدى.

ئاتاقلىق كومپوزىتور ھۈسەنجان جامى داۋۇتجان ناسىرنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ: «سەنئەت گۈلزارىمىز ئۈچۈن ئاجايىپ چوڭ يوقىتىش بولدى» دېدى. داۋۇتجان ناسىرنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتىدە تۇتقان ئورنى ئۇنىڭغا بەكمۇ روشەن ئىدى. يازغۇچى زوردۇن سابىر جۇدالىق ھەسرىتىدە تىترىگەن قوللىرى بىلەن كۆزەينىكىنى تارتىپ: «داۋۇتجان ناسىر خەلقنىڭ سەنئەت ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئۇلۇغ ئادەم» دەپ يازدى. ئۇ ياۋروپا، ئەرەب دۆلەتلىرىدە ساياھەتتە بولۇپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۆز ئېلىنىڭ توپىلىق يوللىرىنى، ناخشا ـ سازلىرىنى سېغىنغانىدى. داۋۇتجان بىلەن يەنە بىر سورۇندا بولۇشنى ئىزدەيتتى...

داۋۇتجان ناسىرنىڭ تەزىيە مۇراسىمى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كۈنى غۇلجا شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەت زالىدا ئۆتكۈزۈلدى . ئوبلاست ، ۋىلايەت ، شەھەرنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ، مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ ئىككى - ئۈچ يۈزچە ئادەم بۇ كىچىك زالغا تىقىلىپ قالغانىدى . شۇ كۈنلەردە پۈتۈن جەمئىيەت ، پۈتۈن ئىلى خەلقىنىڭ نەزىرىمۇ شۇ يەرگە تىكىلگەندەك قىلاتتى . داۋۇتجان ناسىرنىڭ ھاياتى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندە كىشىلەر كۆز يېشىنى توختىتىۋالالمىدى . شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن :

ئۆيۈڭدە دۇتارىڭ قالدى ئېسىقلىق ،
ئورنۇڭدا قولىغا كىم ئالار ئۇنى ؟
ئېيتقىنا ، بىز بارساق غېرىب خاناڭغا ،
ئالسىمۇ ، سىنىڭدەك كىم چالار ئۇنى ؟

سورۇنلار سېنىڭسىز چۆل بولدى گويا ،
قارىساق ، ھېسامكام يېنىدا سەن يوق .
يىراقتىن كەلگەنلەر ئارماندا — داغدا ،
قايتىشتى ، سەۋەبى ئىلىدا سەن يوق .
......
دەريالار يىغلايدۇ ، باغلار كۆزى ياش ،
ماتەمدە ۋەتەننىڭ ئالمىزار شەھىرى .
ۋادىمىز زارلايدۇ كەتتى ، دەپ بۇندىن ،
ئۇيغۇرنىڭ بۇلبۇلى ، ئىلىنىڭ پەخرى…



دەپ يېزا خەلقىنىڭ كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتتى .

ئومۇمەن ، شائىرنىڭ تەزىيە يىغىنىدا ئوقۇلغان شېئىرلاردا سېغىنىش بىلەن جۇدالىق ، ھەسرەت بىلەن ئۈمىد گىرەلىشىپ كەتكەنىدى . پېشقەدەم شائىر مۆمىن سەپىرى مىكروفون ئالدىغا چىققاندا پىغاندىن بوغۇلۇپ قالدى . دائىم كۈلكە پەيدا قىلىدىغان ھېسامنىڭ چىرايىدىن بۈگۈن كىشىلەر چوڭقۇر ھەسرەتنى كۆردى . ئۇ سۆيۈملۈك ئىنىسى ، ياخشى - يامان كۈنلەردە بىللە بولغان سەپدىشى داۋۇتجانغا ئاتاپ ئىككى ئېغىز سۆز قىلماقچى بولغاندا ، كۆز چاناقلىرىدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشتى… بۇ يەردە قانچە تەزىيەنامىلەر ، مەرسىيىلەر يەنە ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئوقۇلماي قالدى…

داۋۇتجان ناسىر ئۆزىگە شۇنداق يىقىلماس ھەيكەل تىكلەپ ئالەمدىن ئۆتتى . خەلقىمىز ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ناخشىلىرى ، مول ئىجادىي ئەمگىكى ، سەنئەت ئىشلىرىمىزغا قوشقان تۆھپىسى ، كەمتەر ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بۇ پەرزەنتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ !

1988 - يىل 10 - ئاي ، غۇلجا

# نوزۇگۇم

## بىرىنچى باب

### تۇمەن سۇيى قان بولۇپ ئاقتى

تۇمەن دەريا نەرە تارتتى ،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى .
شاھىت بولۇپ شۇ تارىخقا ،
مىڭلاپ نوزۇك نەزمە قاتتى .
— خەلق داستانى «نوزۇگۇم» دىن

مىلادىيە 1827 ـ يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى) . چىڭ لەشكەرلىرى تۇمەن دەرياسىنىڭ قەشقەر شەھىرى تەرىپىدىكى قىرغىقىنى ، خان بېيجىڭدىن ئەۋەتكەن زەمبىرەكلەر بىلەن ئۈچ كۈندىن بېرى قاتتىق توپقا تۇتماقتا ئىدى .

بۈگۈن كېچە تۈن يېرىمىدىن باشلاپ چىققان بوران ، قۇم ـ توپىلارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ كۆز ئاچقۇزمىدى . تاڭ يورۇشى بىلەن چىڭ لەشكەرلىرى دەريادىن ناھايىتى ئوڭۇشلۇقلا ئۆتۈپ كەتتى . غوجىلار بۇ كېچىدىكى بورانلىق تۈن قاراڭغۇسىنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئارىدىن قاچقانىدى . دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدا پەقەت ئۆي ـ ماكانلىرىنى ياۋدىن قوغداش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىققان خەلق — سۇچىلار ، ئوتۇنچىلار ،



كاسىپلار ، كىچىك ئېلىپساتارلار ، قەشقەر مەدرىسىنىڭ ياش تالىپلىرى ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن يىغىلغان دېھقانلارلا قېپقالغانىدى . قولىدا تاش ـ توقماق ، ئارا ، گۈرجەكتىن باشقا ھېچنېمە بولمىغان بۇ پۇقرالار بىلەن ، تولۇق قوراللانغان چىڭ لەشكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ باشلاندى .

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ئۈچ تەرەپتىن شىددەتلىك باستۇرۇپ كەلدى . خەلق دەريا بىلەن شەھەر جايلاشقان ئېگىز يار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا قىسىلىپ قالدى . ھېچكىمگە قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى . ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك كۆلەڭگىسى ھەممىنىڭ ئۈستىگە يېيىلىپ كەلمەكتە ئىدى . بۇ شۇنداق جەڭ بولدىكى ، ئادەملەر : بەرىبىر ئۆلۈم ، بىر دۈشمەننى بولسىمۇ ، ئۇشۇقراق ئۆلتۈرۈپ ، مەردانە يىقىلىش كېرەك ، دېگەن قارارغا كېلىشىپ ، دۈشمەنگە قارشى قەھرى بىلەن تاشلاندى ... دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ ئاچچىق كىشنەشلىرى ، ھاۋانى كېسىپ ئۆتكەن قىلىچلارنىڭ ۋىلىداشلىرى ، تاش تېگىپ ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ پەريادى ، قىلىچ تەگكەن دېھقاننىڭ ياۋغا قادالغان كۆزى ، «يا خۇدا ، مەدەت قىل !» دەپ توپ ئىچىدە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ئالغا كېتىۋاتقان ئاق ساقال ئادەمنىڭ رۇسلانغان گەۋدىسى ؛ يىقىلغان دۈشمەننىڭ قولىدىكى قىلىچنى يۇلۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئېتىغا ئىرغىپ مىنىۋاتقان ياش يىگىتنىڭ نۇرلۇق چىرايى ، توپ ئىچىدىن چۇلۇۋۇرىنى سۆرەپ چىقىپ قېچىۋاتقان ئىگىسىز ئاتلار ... بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىن دەممۇدەم ئۆتۈپ تۇراتتى ...

بۇ ئاجايىپ جەڭ مەنزىرىسىنى تولۇق تەسۋىرلەشكە مېنىڭ قەلىمىم ئاجىزلىق قىلىدۇ . كىمكى ھەقىقىي رەسسام بولسا ،

قەھرىمانلارنىڭ ئەندىزىنى مانا مۇشۇ يەردىن ئالسۇن؛ كىمكى چىن شائىر بولسا، كۆچلۈكلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان ئاشۇ كۆچسىزلەر شەنىگە داستان پۈتسۇن؛ كىمكى ھەقىقىي قەلەمكەش بولسا، قوراللانغان ياۋغا قارشى شىردەك ئېتىلغان بۇ ئاددىي خەلقنىڭ جاسارىتىنى يېزىپ قالدۇرسۇن …

چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى قارشى قىرغاققا ئۆتكەن لەشكەرلەرنىڭ يىقىلىشىغا قاراپ كۆچلۈك دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتىمەن دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ، ئۆز قوشۇنىنىڭ ھەممىسىنى ئارقا - ئارقىدىن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ جەڭگە تاشلىدى، بىر ئازدىن كېيىن بۇ قوماندان مەسلىھەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، نېرىراقتىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇزۇن دۇربۇن بىلەن جەڭ مەيدانىنى كۆزەتكەندە، باشقىچە ئەھۋالنى بايقاپ قالدى: مىڭلىغان ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورشىلىپ تۇرغانلار — ئۇ ئويلىغاندەك مۇنتىزىم قوراللانغان قوشۇن بولماستىن، قوللىرىغا تاياق - توقماق تۇتقان ئاددىي پۇقرالار ئىدى. قوماندان ئاچچىق كۈلدى - دە، لەشكەر باشلىقلىرىغا، قارشىلىق قىلغانلىرىنى رەھىم قىلماي قىرىپ تاشلاش، كۆپلىرىنى تىرىك ئەسىر ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

«ئاھ، تۇمەن دەرياسى! شۇ كۈنى سەندە سۇ ئەمەس، قىپقىزىل قان ئاقتى» شۇ كۈنى سەن كىملەرنىڭ ئەل ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەردانە بارغانلىقىنى؛ كىملەرنىڭ خەلقنى يىرتقۇچلار چاڭگىلىغا تاشلاپ، خاتىرجەملىك ئىزدەپ، خائىنلارچە قاچقانلىقىنى كۆردۈڭ. ئاخىرقى مىنۇتتا تۇمەن بويىدا قالغانلار — گەپنى چوڭ قىلغان غوجاملار، ساختا نىقابتىكى ھەر خىل «زات»لار ئەمەس، ئاددىي خەلق بولدى. چىن قەھرىمان



پەقەت ھەقىقىي جەڭ كۈنىلا سىنىلىدۇ. تارىخنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى، كەلگۈسىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

## ئىككىنچى باب

# چىڭ لەشكەرلىرى شەھەردە

سەن يىلانمۇ كىمنى كۆرسەڭ،
چاقىسەن ئەيلەپ ئازاب.
يا ھۆۋقۇشمۇ نەگە قونساڭ،
ئۇشبۇ جاي بولغاي خاراب.
— سەئىدى

چىڭ لەشكەرلىرى چۈشكە يېقىن قەشقەر شەھىرى ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى، قارىقى دەرۋازا تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت قىزىل تىلى بىلەن ئاسماننى يالايتتى. لەشكەرلەر كوچىدا ئۇچرىغان ھەرقانداق جاننى ئاتقا چەيلىتىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى، پۈتۈن شەھەرنى نارەسىدىلەرنىڭ يىغا - زارى، ساراسىمىگە چۈشكەن خالايىقنىڭ قالايمىقان قىچقىرىشلىرى، غالجىرلاشقان لەشكەرلەرنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى قاپلىدى. مازارلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى پاچاقلىنىپ، مەسچىت - مەدرىسىلەرنىڭ ئاسمانغا سوزۇلغان مۇنارلىرى غۇلاپ چۈشتى. شەھەرنىڭ ئىس - تۈتەككە قاپلانغان ئاسمىنىدا يۇزلىگەن كەپتەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تىنچ ماكانىنى ئىزدەپ، سەرسان بولۇپ ئەگىشەتتى … قاتار - قاتار كەتكەن رەستىلەر، بايلارنىڭ سودا - سارايلىرى تالان - تاراج قىلىندى. بۇ

دەھشەتلىك بۇلاڭ – تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق ئۈچ كۈن داۋام قىلدى.

چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆز لەشكەرلىرىنى قەشقەر شەھىرىدىكى مەشھۇر چوڭ باغلاردىن بىرى بولغان «گۈلباغ»قا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە بۇ باغنىڭ ھەشەمەتلىك چوڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ئالدى بىلەن ئىككىدىن سەپ تۈزۈشكەن ئون ئىككى رەت دۇمباقچىلار داقا – دۇمباق چېلىپ چىقىشتى. ئۇلاردىن يىگىرمە قەدەم ئارقىسىدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئاتلىق لەشكەرلەر كۆرۈندى، بايراقتىن يەنە يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا بەشتىن سەپ بولۇپ تىزىلغان قوشۇن چىقىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېلىنغانلىقى شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان «غەلىبە نامايىشى»نىڭ باشلىنىشى ئىدى.

قوشۇننىڭ ئالدى تەرىپىدە بېيجىڭ خاندانلىقى ئەۋەتكەن سېرىق كىيىملىك ئاتلىق لەشكەرلەر ماڭغان بولۇپ، ئەڭ ئالدىدىكى ئېگىز تورۇق ئات ئۈستىدە ئاق ساقاللىق قېرى گېنېرال كېلەتتى. ئۇنى لەشكەرلەر «بەيخۇزا ياڭ دارېن» دېيىشەتتى. قەشقەر قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلى جياڭجۈنى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن لەشكەرلەر بولسا ئاددىي كۆك ماتادىن كىيىم كىيگەن بولۇپ، خانلىق لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدا، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى توزۇتقان توپا – چاڭلارغا كۆمۈلۈپ، پىيادە، تەرتىپسىز سۆرىلىپ كېلەتتى. ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى چىنگو تۈمەن بويىدىكى جەڭدە جېنىدىن ئايرىلغانىدى. قوشۇن دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، ئۆلگەن بۇ لەشكەر بېشىنىڭ قارىلىقى ئۈچۈن توققۇز پاي پو ئاتقاندىن



كېيىن شەھەر ئىچىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

چىڭ قوشۇنى شۇ تەرىقىدە مېڭىپ، شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاھالىنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە بېكىنگەنىدى. بەزىدە ئىگىسىز ئىتلار كوچىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ قالاتتى. يول ئۈستىلىرىدە بۇزۇلغان ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچ تاشلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. يول ياقىلىرىدا سۇندۇرۇلغان ئىشىكلەر، بۇلاپ قۇرۇقداپ قويۇلغان دۇكانلار، كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان رەستىلەر، تاشلىنىپ قالغان دېھقان ھارۋىلىرى، ئۆلگەن ئاتلارنىڭ ئىت يەپ يالىڭاچلىنىپ قالغان سۆڭەكلىرى كۆزگە چېلىقاتتى.

ياڭ دارېن ئات ئۈستىدە خىيالغا پېتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇزۇن چۆل يوللىرىنى بېسىپ كېلىپ قىلغان بۇ ئۇرۇش ئۇنى خوپ چارچاتقانىدى. ياڭ دارېننىڭ پۈتۈن ئۆمرى دېگۈدەك چىڭ خاندانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىكى توپىلاڭلارنى تىنچىتىپ بېرىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ساقاللىرى ئەنە شۇ ئۇرۇشلار جەريانىدا ئاقاردى. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگودىكى بامبۇكزارلىقلاردا بولدى. قانچە يىللاپ گەنسۇنىڭ سېرىق توپىلىق ئېدىرلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈردى. نەچچە يىل، توپ – توپ قوتازلار يايلايدىغان تىبەت تاغلىرىدا تەمتىرەپ يۈردى. بۇ ئۇرۇشلاردا ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئات قانچە قېتىم يەڭگۈشلەندى، ئەجەل قانچە قېتىملاپ ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئالدىغا كېلىپ، يەنە قايتىپ كەتتى… شۇ ئىشلارنى ئويلىسا ياڭ دارېن ئۆزىنى بىر – ئىككى ئەسىر ئۆمۈر كۆرگەندەك ھېس قىلاتتى، ئۇ ئاخىرقى يىللاردا شۇنى چۈشىنىپ يەتتىكى، پۇقرانىڭ خاندانلىققا قارشى قوزغىلىشلىرىنى باستۇرۇپ تۈگەتكىلى

بولمايدىكەن ، بۇ غوۋغالار ئۆچمەس ئۇچقۇندەك ھېلى بۇ يەردە يانسا ، ھېلى ئۇ يەردە يالقۇنجايتتى .

ياڭ دارېن بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ ئاخىرقى يۈرۈش بولۇپ قېلىشىنى خالايتتى . ئۇ قېرىغان ، ھارغان ، زېرىككەندى . ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى پىلانى — قەشقەر توپىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقىنى تىرىك تۇتۇپ بېيجىڭغا ئاپىرىپ ، خاندىن چوڭراق ئىنئام ئېلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى پايتەختتىكى ھەشەمەتلىك باغلاردا ھۇزۇر - ھالاۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ئىدى .

ئەپسۇسكى ، تۆمەن بويىدىكى جەڭدە ئۇ «توپىلاڭ»چىلار باشلىقىنى قاچۇرۇپ قويدى .

ياڭ دارېن ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى چىنگونىڭ «ئەگەر بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالسام ، ئادەملىرىنىڭ بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلايمەن !» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى ، چىنگو بۇ ئۇرۇشتا تارتقان زىيانلىرىغا چىدىماي ، ئەلەمدە شۇنداق دېگەنىدى . خانلىقنىڭ «شەھەر ئېلىنسا لەشكەرلەرنىڭ يېرىمى شۇ جايدا قالدۇرۇلسۇن !» دېگەن بۇيرۇقى بار . ئەخمەق چىنگو ! ئەگەر شەھەردىكى پۈتۈن ئادەم قىرىپ تاشلانسا ، نەچچە مىڭلىغان لەشكەرلەرنى كىم باقىدۇ ؟ ... چىنگو ئۆزىمۇ شەھەر سېپىلى ئىچىگە قەدەم بېسىشقا ئۈلگۈرەلمىدى . تۆمەن بويىدىكى جەڭدە قاۋۇل تۆمۈرچى ئۇنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ ، چويۇن توقماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلىدى .

ياڭ دارېن ھېيتگاھ مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى . بۇ يەردە ئۇنى شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ئىككى كىشى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ كۈتۈپ تۇراتتى .



بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاكار بويلۇق ، قارا ساقاللىق كەلگەن كىشى سىدىق غوجا بولۇپ ، ئۇ بۇ قېتىم چىڭ لەشكەرلىرىگە يول باشلاپ كەلگەنىدى . ئېگىز بويلۇق ، ئاق يۈزلۈك ، قېرىراق كەلگەن ئىككىنچى كىشى ئابدۇرېشىت دامولla دەپ ئاتىلاتتى . ئۇ قەشقەر خەلقى ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بىر زات بولۇپ ، بايلار ، غوجىلار ، مۆتىۋەرلەر ئۆز جېنىنى دالدىغا ئېلىپ ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىشكەن شۇ كۈنلەردە ، ئۇ خەلق ئىچىدە قالغانىدى . ئۇ كىشىنى لەشكەرلەر بۇيرۇققا بىنائەن تۈنۈگۈن كېچىدىن بېرى ئىزدەپ ئاران تېپىپ كېلىشكەنىدى .

ياڭ دارېن ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز سۇپىغا چىقتى ، جامائەنىڭ ئىچىگە ئېسىلغان يوغان قازانلاردا پورۇقلاپ گۆش قايناۋاتاتتى . چارسىلداپ قۇرۇق ئوتۇن كۆيۈۋاتقان ئوچاقلارنىڭ ئالدىدا ئاشپەزلەر ئالدىراش ئىدى ، ھاۋانى پىشقان گۆش ۋە داغلانغان ماي پۇرىقى قاپلىغان بولۇپ ، بۇ يەردە ياڭ دارېنغا ئالاھىدە زىياپەت تەييارلانماقتا ئىدى .

— ھوي ، قېنى ، ھېلىقى ئادەملەرنى بۇياققا كەلتۈرۈڭلار !

تۆۋەندە تۇرغان ھېلىقى ئىككى كىشى ياڭ دارېننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى ، ئۇلار قورقۇنچ بىلەن بىر - بىرىگە قاراپ قويدى- دە ، ياڭ دارېن تۇرغان سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئاغزىدىن قانداق دەھشەتلىك گەپ چىقاركىن ، دەپ باشلىرىنى ئېگىپ ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتى .

— ئىككىڭلاردىن قايسىڭنىڭ مەرتىۋىسى چوڭ ؟ — دەپ سورىدى ياڭ دارېن .

سىدىق غوجا ئابدۇرېشىت داموللامنى نوقۇپ ئالدىغا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى . ئابدۇرېشىت داموللام ئۈنچىقماي ئالدىغا بىر

قەدەم ئىلگىرىلەپ چىقتى .

— شەھەر خەلقىغە مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى يەتكۈز ! ئۇلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ ، ئىش - ئوقەتلىرىنى قىلىشسۇن ، كىمكى بۇزۇقلارغا ئەگىشىپ ، خانغا قارشى تۇرىدىكەن ، كاللىسى ئېلىنىپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىلىدۇ .

— خوپ ! — دەپ باش لىڭشىتتى داموللام .

— ئۇلارغا ئېيت ! ئۇلار ھەر ئايدا ئۆزىگە چۈشكەن ئالۋان - سېلىقنى تولۇق بەجا قىلىپ ، لەشكەرلەرنى باقىدۇ .

— خوپ !

— ئۇلارغا يەنە شۇنىمۇ ئۇقتۇرۇپ قوي ! بىزنىڭ لەشكەر باشلىقلىرىمىز خوتۇن ، بالا - چاقىلىرىنى يىراق يەرلەردە تاشلاپ ، سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ، كۆپىنچىسى ئۇزاق يىللارغىچە بۇ يەردە بولىدۇ . ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئۆيلىنىشنى خالىسا ، پۇقرالار ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق قىزلىرىنى بەرسۇن .

— مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، — دېدى داموللام تاتىرىپ .

— نېمىشقا بولمايدۇ ؟ !

— بولمايدۇ ، دېگەندىن كېيىن بولمايدۇ ، مەن مۇنداق بۇيرۇقنى خەلققە يەتكۈزەلمەيمەن !

ياڭ دارېن غەزەپتىن تىترەپ كەتتى . شۇ تاپتا يىغىلغەن خەلقنىڭ بىر ۋەكىلى ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىۋاتاتتى . ياڭ دارېن قولىنى ئارقىسىغا سۇنۇۋىدى ، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ئون نەچچە مۇھاپىزەتچى لەشكەر قىلىچلىرىنى تەڭلاپ سۇغۇرۇۋېلىشتى . بىر لەشكەر ئۆز قىلىچىنى ئىككى قوللاپ ياڭ دارېننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . ياڭ دارېن قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان پولات



قىلىچىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز سىلەردىن قىز ئالسا زادى نېمە بولماقچى !

— مانا مۇنداق بولماقچى !

ئابدۇرېشىت داموللام قوينىدىن ئۆتكۈر خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ياڭ دارېنغا ئاتتى . دارېننىڭ ئارقىسىدىكى بىر مۇھاپىزەتچى ئۇنى توسۇپ ئۈلگۈرگەنىدى . خەنجەر ھېلىقى لەشكەرنىڭ نەق پېشانىسىگە سانجىلىپ ، ئۇنى ئارقىغا ئۆرۈۋەتتى . ئابدۇرېشىت داموللام لەشكەرلەرنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن قىلىچنى شاپ قىلىپ ئالدى - دە ، ئۆزىنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتتى . ياڭ دارېن قورققىنىدىن ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم داجىپ كەتتى . ئابدۇرېشىت داموللام ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ سۇپىلىرىنى قانغا بوياپ ، شۇ يەردىلا جان ئۈزدى .

— بۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىڭلار ! — دېدى قوماندان .

بىر جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ ، داموللامنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى - دە ، شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈردى .

باياتىن ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ يېنىدا تۇرغان سىدىق غوجا ئەمدى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلەلمەي غال - غال تىترەپ تۇراتتى . ياڭ دارېن ئۇنىڭغا كۆز تىكىشى بىلەنلا ، ئۇ ئۆزىنى ياڭ دارېننىڭ ئايىغىغا تاشلىدى .

— بۇيرۇقلىرىنى مەن ئۆزۈم يەتكۈزەي ، پەرمانىنى ئىجرا قىلماي ، پۇقرانىڭ ھەددى يوق .

— هاي ! ماۋۇنىڭغا بىر جارچى بىلەن بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى قوشۇپ بېرىڭلار . ئۇ شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى قويماي ئايلىنىپ ، بۇيرۇقنى يەتكۈزسۇن !

سىدىق غوجا يېنىك بىر تىنىدى - دە ، ئۆمىلەپ قوپۇپ ، ياڭ دارىنىغا تەزىم قىلدى ، ئاندىن ئارقىسىغا بىرنەچچە لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ ، ھېيتگاھ مەيدانىدىن تەرەپ - تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن كوچىلارنىڭ بىرىگە قاراپ چاپتى .

# ئۈچىنچى باب

## دەرۋىش

دۇنيادىن سەن مۇساپىردەك
ياكى يولۇچىدەك ئۆتكىن .
— مۇھەممەد

ئۇستىگە قوپال توقۇلغان كاناپ رەختتىن ئۇزۇن جەندە كىيگەن ، پاخپايغان چاچلىرى بېشىدىكى يىرتىق كۇلاھتىن چىقىپ يەلكىلىرىگە چۈشۈپ تۇرغان دىۋانە سۇپەت بىر كىشى بىرىنچى بولۇپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە پەيدا بولدى . قۇياش پۈتۈن ئەتراپقا ئىللىق نۇر تۆكۈپ تۇراتتى . ھېلىقى كىشى كۆزلىرىنى قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدىن قاچۇرۇپ بىرئاز قىستى-دە ، ئۆگزىدىكى غەمسىز ئۇچۇپ يۈرگەن كەپتەرلەرگە دان چاچتى .

«ئال ، جانىۋارلار ! يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ پەيلىدىن



سىلەرمۇ ئاچ قالدىڭلار .»

بۇ كىشىنىڭ نامرات كۆلبىسى يار ئۈستىدىكى ئېگىزلىكتە بولۇپ ، ئۆگزىگە چىقىپ قارىغاندا ، پۈتۈن قەشقەر شەھىرى دېگۈدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، ئۇ كەپتەرلەرگە دان تاشلاپ بولۇپ ، خارابىلىككە ئايلانغان شەھەرگە ئېچىنىش بىلەن كۆز يۈگۈرتتى . شەرقنىڭ گۈل تاجىسى بولغان بۇ قاينام - تاشقىنلىق شەھەر ھازىر سۈكۈتكە چۆككەن بولۇپ ، پەقەت ھېيتگاھ مەيدانى تەرەپتىن چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشقان ئاۋازى كېلەتتى . مەسچىت - مەدرىسىلەرنىڭ كۆككە ئېسىلىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى ، سەلتەنەتلىك مۇنارلار يىقىلغان بولۇپ ، بۇ ئېسىل ئىمارەتلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزە ، تۈۋرۈكلىرىگە ئويۇلغان ھەر خىل نەقىشلەر ، تام - تورۇسلارغا چېكىلگەن نەپىس گۈللەر ، ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان كاھىشلار — شەرق بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالەمگە داڭلىق بۇ نادىر ئۈلگىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلانغانىدى ... تۆۋەندىكى تار ، ئۇزۇن كوچىلار ، قاتار كەتكەن رەستىلەر ئادەمسىز چۆلدەرەپ تۇراتتى . قېنى بۇ كوچىلاردىكى قاينىغان ھايات ، ئېلىپساتارلارنىڭ قىزغىن ۋارقىراشلىرى ، مىسكەرچىلەر بازىرىدىكى داراڭلىغان بولقا ئاۋازلىرى ، دوغاپچىلارنىڭ «ھەم تاتلىق ، ھەم سوغۇق !» دەپ خېرىدار چاقىرىشلىرى ، چايخانىلاردىكى شاۋقۇنلۇق سۆھبەتلەر ، تۇن يېرىمىدىكى راۋاب ئاۋازى... بۇلارنىڭ ھەممىسى قەيەرگە ئۇچتىكىن ؟ !...

«جاڭ !... جاڭ !... جاڭ !... ھاي ، خالايىق ! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، يېڭى دارىنىڭ بۇيرۇقى !... »

جاكارچىنىڭ كوچىدىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازى ئۆگزىدىكى كىشىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

«جاڭ !... جاڭ !... جاڭ !... خالايىق ! يېڭى دارىن پۇقرانى كەچۈرۈم قىلدى، سىلەرنى ئۆيلىرىڭلاردىن چىقىپ ئىش - ئوقەت قىلىشقا بۇيرۇدى !...»

ھېلىقى كىشى يىراقلاپ كېتىۋاتقان جاكارچىنىڭ ئاۋازىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى - دە، بېلىنى بىر تال چىگە بىلەن باغلاپ، ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ دۈمبىسىگە خالتا تاشلاپ، قوللىرىغا ساپايى بىلەن تاياق تۇتقىنىچە شەھەر كوچىلىرىدا پەيدا بولدى.

— ئېھ، خۇدانىڭ مۆمىنلىرى ! ئى، قورقۇنچاق بەندىلەر، ئىشىكىڭلارنى ئېچىڭلار، ماڭا نان بېرىڭلار، نان !...

سۇ ۋە ئوزۇقلۇققا موھتاج بەزى نامراتلارنىڭ ئىشىك ئېچىپ چىققىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى تېخى ئېچىدىن مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. چاچلىرى گەجگىسىگىچە يېيىلىپ چۈشكەن ھېلىقى كىشى ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ئىشىكلەرنى قېقىپ ۋارقىرايتتى:

— ئى، قورقۇنچاق بەندىلەر، ئىشىكىڭلارنى ئېچىڭلار، ماڭا نان بېرىڭلار، نان !...

— ھەسەن دەرۋىش، مانا ساڭا نان، بۇ يەرگە كەلگىنە !

كىچىككىنە دەرۋازا ئۈستىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ ساقاللىق بىر كىشىنىڭ تاتارغان چىرايى پەيدا بولدى. ئۇ كىشى يۇقىرىدا تۇرۇپلا دەرۋىشنىڭ خالتىسىغا نان تاشلىدى.

— دەرۋىش، ئېيتقىنە، لەشكەرلەر يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتامدۇ؟ سەن نېمىشقا قورقماي، كوچىغا چىقىپ ۋارقىراپ يۈرىسەن؟



— چۈشىنى قورۇغان يەرگە قونىدۇ، ئۆلۈم قورققانغا يېپىشىدۇ. ساتىراش ئۇستا، قورقماي ئۆيۈڭدىن چىقىپ دۇكىنىڭنى ئاچ، خاننىڭ لەشكەرلىرى ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى كىم باقىدۇ؟!

دەرۋىش ساپايىسىنى شاراقلىتىپ، يەنە ئىلگىرىلەپ كەتتى.

— ئەي، خۇدانىڭ يۈرەكسىز بەندىلىرى، ئىشىكىڭلارنى ئېچىڭلار...

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ئىككى لەشكەر دەرۋىشنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ھەيران بولۇشۇپ توختاپ قالدى.

— ئۇ نېمىدەپ ۋارقىراۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى بىرى يەنە بىرىدىن.

— مەن نەدىن بىلەي ئۇ نېمىلەرنىڭ تىلىنى.

— مەن ئۇنى چېپىپ تاشلايمەن !

مەست لەشكەر قولىنى قىلىچقا ئۇزاتقانىدى، يېنىدىكى بۇرادىرى ئۇنى توسۇدى.

— قوي، ئۇ يەنە بىزنىڭ ياڭ دارىنىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ يۈرگەن ئادەم بولۇپ قالمىسۇن، يۈر، ئىتتىكرەك بېرىپ ھاراق تاپايلى.

دەرۋىش ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىپ، قايتىپ كەتكەن ئەجەلدىن خەۋەرسىز، ساپايىسىنى چېلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ «بۇلاقبېشى»غا چۈشۈپ كېتىدىغان تار كوچىلارنىڭ بىرىگە ئەگىگەندە، ئالدىغا بىر تالىپ بالا چىقتى.

— ھەسەن دەرۋىش، سىزنى ئۇستاز چاقىرىۋاتىدۇ.

بالا دەرۋىشنى كەڭ بىر ھويلىغا باشلاپ كىردى. ھويلىنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تۇۋرۇكلۇك پېشايۋانلار ئاستىدا

قاتار كەتكەن ھۇجرىلار بار ئىدى . بۇ — مەھەللە ئىچىدىكى كىچىك مەدرىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئىلگىرى بۇ يەر تالىپ باللارنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازلىرى بىلەن تولغان بولاتتى . ھازىر ھويلا جىمجىتلىققا چۆكۈپ ، ئىشىكلىرى ئوچۇق قالغان ھۇجرىلار غېرىبسىنىپ تۇراتتى .

بالا بىلەن دەرۋىش ھويلىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ، كىچىك بىر ئىشىك ئارقىلىق ئارقىدىكى باغقا چىقتى .

تام ياقىلىرىغا ئانار كۆچەتى تىكىلگەن بۇ گۈللۈك باغنىڭ ئىشىكى يېنىدىكى چوڭ ئۈجمە دەرىخى ئەتراپىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى . ئۈجمە ئاستىدىكى سۇپا ئۈستىگە كۆرپە بىلەن ياستۇق تاشلانغان بولۇپ ، كۆرپىدە ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان بىر كىشى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ھەسەن ، ئەپۇ قىلغىن ، ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم .

ئولتۇرغان كىشى ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ دەرۋىشنىڭ ئولتۇرۇشىغا جاي كۆرسەتتى . دەرۋىش خالتىسى بىلەن قولىدىكى ساپايىنى ئۈجمە يېنىغا قويۇپ ، سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى .

— ساقلىقىڭ يوقمۇ ، قانداق ؟ كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ ، يۇسۇپ .

— قەشقەر خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى . ماڭا بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۇيقۇ يوق . مەن سېنىڭ ئاۋازىڭنى بۇ يەردە تۇرۇپ ئاڭلىدىم . سەن سالامەت ئىكەنسەن . ھەسەن ، مېنىڭ قىزىمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ ؟



— قىزىڭ نوزۇك بۇ جەڭدە ئايال ئەمەس ، ئەر بولدى . مەن ئۇنى تۇمەن بويىدا ئات ئۈستىدە كۆردۈم ، شۇنداق بىر مەردانە پەرزەنت تەربىيىلىگىنىڭگە ئاپىرىن !

— ئۇ تىرىكمۇ ؟

— تىرىك ، ئەپسۇس ، ئۇ ھازىر دۈشمەن قولىدا . لەشكەرلەر تۇمەن بويىغا چىققان مىڭلاپ كىشىلەرنى قىرىپ تاشلىدى . ئاللا ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن ! لەشكەرلەر يەنە نەچچە يۈز كىشىنى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ ، ھازىر كونا گۈلباغدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەنە قانچىلىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ، شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدى . پاراڭلارغا قارىغاندا ، قالغانلىرىنى ئىلى تەرەپكە ئېلىپ ماڭار ئىمىش .

يۇسۇپ ئۇستازنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى .

— كۆڭلۈڭنى بۇزما ، يۇسۇپ ، بۇ يالغۇز نوزۇگۇمغىلا كەلگەن بالا ئەمەس ، بۇ ئېغىر كۈن پۈتۈن قەشقەر خەلقى ئۈستىگە چۈشتى . سەن ھۆرمەتكە لايىق ئاتا ، ئۆز نامىڭغا مۇناسىپ ئۇستازسەن ، سېنىڭ تەربىيىلىگەن پەرزەنتىڭ ، يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرىڭ ئەلنىڭ بېشىغا ئاپەت كەلگەندە ، ئۆزلىرىنىڭ ئادا قىلىشىغا تېگىشلىك ھەققىنى ئادا قىلدى .

— سەن ئۇلارنى قاچان ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟

— مەن ساڭا خەۋىرىنى بېرىمەن .

— ھەسەن ، مەن ساڭا كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى ئېيتىپ قالاي ، بەلكىم ، مەن ئۆلۈپ كېتەرمەن . قىزىم نوزۇكتىن ئايرىلدىم . سەن ، مەن بېقىپ چوڭ قىلغان يېتىم ئوغۇل باقىنى بىلىسەن .

— باقى چۆل يوللىرىدا چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا ئاپەت

سېلىپ يۈرۈپتۇ . خۇدا ئۇنىڭغا مەدەت قىلسۇن ، يۇسۇپ .
— نوزۇگۇم بىلەن ئىككىسىنى بىللە ئوقۇتۇپ ، بىللە تەربىيىلىگەنىدىم . بالىلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە ئامراق بولۇپ ئۆسكەنىدى . مېنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش نىيىتىم بار ئىدى .
— ئاللا سېنى ياخشى نىيىتىڭگە يەتكۈزسۇن !
— ھەسەن ، سەن خۇدانىڭ ئەركىن بەندىسى ، سېنىڭ قەدىمىڭ يەتمەيدىغان يەر يوق . سەن بۇ سۆزلىرىمنى كۆڭلۈڭدە ساقلاپ قال . قىزىم خەلققە ، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولسۇن ، سەن ئۇنىڭغا ئېيت ، قىز ئۈچۈن ئۆز نومۇسىنى ، پاكلىقىنى ساقلاش ھەممىدىن ئەلا . مانا بۇ خەنجەرنى بىر ئامال قىلىپ نوزۇگۇمغا يەتكۈزۈپ بېرەرسەن .
يۇسۇپ ئۇستاز يالتىراپ تۇرغان قارا ساپلىق خەنجەرنى ياستۇق ئاستىدىن ئېلىپ دەرۋىش قولىغا ئۇزاتتى .
— خوش ، مەن خەنجەرنى ، قىلغان ئامانەت سۆزلىرىڭنى بىر ئامال قىلىپ نوزۇگۇمغا يەتكۈزىمەن . سۆزلىرىڭنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم . ياخشى ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە ياخشى تەربىيە بىلەن ياخشى سۆز قالدۇرىدۇ . قېنى ، يۇسۇپ ، ماڭىمۇ ئاتىغىنىڭنى بەر ، مەنمۇ يولۇمغا ماڭاي .
— ساڭا نېمە كېرەك ، ھەسەن ؟
— ماڭا نان بەر ، نان !
— خالتاڭدا بىرنەچچە كۈن يەتكۈدەك نان تۇرۇپتۇ . بىر كۈن يەتكۈدەك ئوزۇقى تۇرۇپ تىلەشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بىلمەسەنغۇ ، ھەسەن ؟
— مەن غېرىب كۆلبەمگە كوچىدا قالغان يېتىم بالىلاردىن



ئون نەچچىنى يىغدىم . ئۇلارغا نان توشۇپ يۈرىمەن . قېنى ، ئالدىڭدىكى ناندىن ئىككىلەنمەي بىرنى ماڭا سۇنغىن ، ئۆزۈممۇ كۈن بويى ئاغزىمغا ھېچنېمە سالمىدىم . ماڭىمۇ ھاياتلىق كېرەك . كىم بىلىدۇ ، مەنمۇ نوزۇگۇم بىلەن بىللە ئۇۋەيس[1] مازارلىرى تەرەپكە بارارمەن .
دەرۋىش ، يۇسۇپ ئۇستاز بەرگەن ناندىن بىر بۇردا ئۇشتۇپ ئاغزىغا سالدى - دە ، ئورنىدىن قوزغالدى . ئۇ ئۈجمە يېنىدىكى خالتىسى بىلەن ساپايىسىنى قولىغا ئېلىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى :
— ئېسىڭدىدۇ ، يۇسۇپ ؟ ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ، بىللە ئوقۇدۇق . كېيىن ، ھاياتتا ئىككىمىز تاللىغان يول بىر بولمىدى . سەن بۇخارا ، ئىران ، مەدىنىلەردە بولدۇڭ ، ئىلىم تەھسىل قىلدىڭ ، قايتىپ كېلىپ مەكتەپ ئاچتىڭ ، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن نادان خەلقنى تەربىيىلىمەك بولدۇڭ ، لېكىن بىلىمسىز يۇرت چوڭلىرى ، ياقا يۇرتلاردىن مەنسەپ ، مەرتىۋە ، بايلىق ئىزدەپ كەلگەن غوجا - ئىشانلار سېنى چەتكە قاقتى ، سېنىڭ ئارقاڭدىن پىتنە - پاسات تېرىدى ، ساڭا «بىدئەت» دەپ يالا چاپلىدى . سەن ئازار يېدىڭ ، ئاغرىقچان بولۇپ قالدىڭ ، مەن بولسام نادانلىق ، قورقۇنچاقلىق ، ۋىجدانسىزلىق ، كاززاپلىق ، بىر چىشلەم لوقما ، بىر بالداق مەنسەپ - مەرتىۋە ئۈچۈن بىر - بىرىنى سېتىش ۋە ئالدامچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دۇنيادىن بىزار بولۇپ ، ئادەملەردىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم . سەن بىلىسەن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئۆمەر رەزىيالاھۇ ئەنھۇنىڭ مۈرىسىدىن سىلكىپ تۇرۇپ ،

① ئۇۋەيس — چاغاتاينىڭ كېيىنكى خانلىرىدىن بىرى ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى . ئۇنىڭ مازىرى ئىلىدا ، خەلق ئۇنى «سۇلتانى ئۇۋەيس مازىرى» دەپ ئاتايدۇ .

ئۇنىڭغا : «دۇنيادىن سەن مۇساپىردەك ياكى يولۇچىدەك ئۆتكىن» دېگەنىدى . مەن ئاشۇ يولنى تاللىدىم . مال - مۈلۈك ، بارلىق دۇنيادىن ۋاز كېچىپ ، سەپەر خالتامنى مۈرەمگە تاشلاپ ، تاغۇدەشتىلەرنى كەزدىم . ياراتقان ئىگەم مېنى كەچ قويسا قويدى ، ئاچ قويمىدى . ھەربىر مازار ، ھەربىر خانىقا ، ھەربىر ئۆتەڭدىكى قايناۋاتقان قازاندا مېنىڭمۇ بىر چىشلەم رىزقىم بار ، ماڭا ئۇنىڭدىن زىيادە نەرسىمۇ كېرەك ئەمەس...

— بىزنىڭ ئارىمىزدا يەنە بىر كىشى بار ئىدى ، ھەسەن .

— توغرا ، مەن ساڭا ھازىر شۇنى ئەسلەتمەكچىدىم . بىزنىڭ ئارىمىزدا يەنە بىر كىشى بار ئىدى ، ئۇ غوجاملار ئەۋلادىدىن بولغان سىدىق غوجا ئىدى ، ئۇ مەنسەپ ۋە بايلىق تېپىش يولىدا جان كۆيدۈردى ، كېيىن ئۇ چوڭ مەنسەپدارمۇ بولدى ، ھەددى- ھېسابسىز بايلىققا ئېرىشتى . ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئامەتلىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى . غوجىلارنىڭ بۇ قېتىمقى تالىششىدا ئۇ يېڭىلىپ قاچتى ۋە نومۇسسىزلىق بىلەن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە قانلىق قىلىچ تۇتقان لەشكەرلەرنى باشلاپ كەلدى . يېقىندا ئۇ يەنە يۇت - قوللىرى باغلانغان قۇللار ۋە بايلىق ئارتىلغان تۆگىلەرنى ئېلىپ ماڭىدىغان لەشكەرلەرگە يول باشلاپ ئىلىغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن چوڭ مەنسەپ ئېلىپ قايتىپ كەلمەكچى . ئۇ ياش ۋاقتىدا بىز بىلەن ھەقىقەت ، ۋىجدان ، ھۆرلۈك ھەققىدە قىزىشىپ تالاش - تارتىش قىلىدىغانلىقىدىنمۇ ؟ ! كۆردۈڭمۇ ، كىمكى ھارامدىن بايلىققا ئېرىشىپ ، نەپسىنىڭ يولىغا كىرىپ كەتسە ، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەت ئۈچۈن بولىدىغان قىزغىنلىق ئۆچىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ قارىسام ، جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى كەمبەغەللەر ئىكەن . بايلار بولسا ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇسۇلۇپ قاپتۇ» دېگەنىدى . بايلىق ۋە مەنسەپكە بولغان ھېرىس ، ئىنساندىكى ھەممە ياخشى خىسلەتلەرنى يۇتۇپ كەتكۈچى ئەجدىھادۇر . مەن سىدىق غوجىنىڭ پېيىگە چۈشمەن . ئۇنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ قويمايمەن . بەلكىم ، بۇ يولدا ئۆزۈممۇ ئۆلۈپ كېتەرمەن ، ئۆلۈم مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ، ئادەملەر پۈتۈن ھاياتىي بويى بەختنى ئىزدەيدۇ . ئەمما ئۆلۈمنىڭ ئۆزى بەخت ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي ، بۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتتىن ئەخمەقلەرچە قاچىدۇ . كىشىنى جاھاننىڭ غەم - غۇسسىسىدىن ، جاھاندارچىلىقنىڭ ھىيلە - مىكىرىسىدىن خالاس قىلىدىغان ئۆلۈمنىڭ ئۆزى خاتىرجەملىك ، ئۇنىڭ ئۆزى بەخت ، خەير ! كۆرۈشكىچە ئامان بول ، يۈسۈپ .

## تۆتىنچى باب

# خەير ، ئەزىزانە قەشقەر

خەير ، قىزىم نوزۇگۇم ،
ئەقلى تازا يۇلتۇزۇم .
كۈلپەت چۈشتى بېشىڭغا ،
تۇتقۇن بولدۇڭ قۇندۇزۇم .
— خەلق داستانى «نوزۇگۇم»دىن

تۇتقۇنلارنى ئىلىغا ئېلىپ ماڭىدىغان كونى چىك لەشكەرلىرى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يارباغ دەرۋازىسى ئالدىغا ھەيدەپ چىقتى . ئۇلار خانغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ تەقدىرى

قائداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ، پۇقرالارنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق بىر مۇجۇماقچى ئىدى . دەرۋازا ئالدىدىكى يېڭىدىن ئورنىتىلغان ئېگىز داردا نەچچە ئونلىغان ئادەم باشلىرى پۇلاڭلاپ تۇراتتى . لەشكەرلەر تۈمەن بويىدىكى جەڭدە تىرىك قولغا چۈشكەنلەر ئىچىدىن ئىشقا يارايدۇ ، دەپ قارىغانلىرىنى تاللىۋېلىپ ، قېرى - چۆرە ، باللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ بۇ يەرگە ئاسقانىدى . دەرۋازا ئالدىغا يىغىلغان ئادەملەر ئىچىدە يەكتەك كىيگەن ئاق ساقال بوۋايلار ، كۆزلىرى ياشاڭغىرىغان مومايلار ، توپ ئىچىدە قىستىلىشىپ يۈرگەن يالىڭاچ باللار ، قوللىرى قاداقلاشقان كاسىپلار ، ئاپتاپتا قارايغان دېھقانلار كۆزگە كۆپرەك چېلىقاتتى . چىڭ ئەمەلدارلىرى شەھەر خەلقىگە : بىرمۇ جان قالماي يارباغ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقسۇن ! دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ ، بۇ ئادەملەر ئىچىدە ياشلار كۆرۈنمەيتتى . يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن بولغان يېغىلىقلار تۈپەيلى ، ياشلار ئۆلۈپ تۈگىگەن ، ئاز قالغان بىر قىسىم ئوغۇل - قىزلارنى خەلق چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ يوشۇرۇشقانىدى .

«كەلدى ! كەلدى !» دېگەن ئاۋازلار بىلەن تەڭ ئادەملەر توپى تەۋرىنىپ ، شەھەر دەرۋازىسى ئىچىدىكى يولغا ئاقتى . يىراقتىن قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلۈپ ، ئاتلىق لەشكەرلەر چېپىپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىنى رەھىمسىز قامچىلاپ ، ئاتقا دەسسىتىپ ، ئىككى تەرەپكە سۈرۈپ يول ئاچاتتى . ئارقىدىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان تۆگە كارۋىنى كۆرۈندى . بۇ تۆگىلەرگە يولدا لازىمەتلىك نەرسىلەردىن باشقا ، قىممەت باھالىق ھەر خىل ماللار — بايلارنىڭ دۇكانلىرىدىن



بۇلىۋېلىنغان توپ - توپ يىپەك رەختلەر ، ھىندى ، ئىران سودىگەرلىرىنىڭ سودا سارايلىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغان تۈرلۈك بوياق ، ئىپار ۋە باشقا پۇراقلىق دورا - دەرمانلار ، خانغا سوۋغا قىلىنغان ئالتۇن - كۈمۈش ، گىلەم ، ئېسىل مىس جابدۇقلار ، مەرۋايىت ۋە باشقا قىممەت باھالىق تاشلار قاچىلانغان ساندۇقلار ئارتىلغانىدى . بۇ ماللارنى يۈزلەپ لەشكەر قورۇقداپ كەلمەكتە ئىدى .

تۆگە كارۋىنىنىڭ ئارقىسىدىن بىر - بىرىگە چېتىپ باغلانغان نەچچە يۈز تۇتقۇن سۆرىلىپ كېلەتتى . بۇ سۇرگۇنلەرنىڭ ئەتراپىنى ئاتلىق لەشكەرلەر قورشىغان بولۇپ ، ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ، ئۆزلىرىگە سۇرلۇك تۇس بېرىشكە تىرىشىپ گىدىيىپ مېڭىشاتتى .

— ھەي ، خالايىق ، يول بېرىڭلار ! بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىڭلار ! خانغا قارشى قول كۆتۈرۈش چوڭ گۇناھ ! ...

سۇرگۇنلەر توپى ئالدىدا پالاقلاپ كېلىۋاتقان پاكار بويلۇق ، ساقاللىق كەلگەن ئادەم كانىيىنى كېرىپ ، ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ئۇزۇن پەرىجە چاپىنى ئايىغىغا يۆگىشىپ ئىتتىك مېڭىشىغا كاشىلا قىلاتتى . ئارقىدىكى ئاتلىق لەشكەر ئات ئۈستىدىن ئېڭىشىپ ، ئۇنى قامچا بىلەن پات - پات نوقۇپ چاپسان مېڭىشقا ئۈندەيتتى .

«سىدىق غوجا !» دەپ غەزەپكە كەلدى يول چېتىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان ھەسەن دەرۋىش ۋە «تۇفى ، مۇناپىق !» دەپ يەرگە تۈكۈردى .

تۇتقۇنلار شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا توپلانغان خالايىق ئارىسىدىن ئۆتكەندە ، ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى تونۇغان

ئادەملەر قول سۇنۇپ قىرىنداشلىرىغا ئېسىلدى ، چەك لەشكەرلىرى ئۇلارنى ئاتلارنىڭ كۆكسى بىلەن ئۈرۈپ يىقىتىپ ئاتقا چەيلىتىپ ئۆتۈشكە باشلىدى ، ئاياغ ئاستىدىكى توپىلىق يول بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويالدى . ھەسەن دەرۋىش بۇ خورلۇقلارنى كۆرۈشكە چىدىماي كۆزىنى مەھكەم يۇمدى ··· شۇ چاغ ، سۇرگۈنلەر ئىچىدىن بىر قىزنىڭ ياڭراق ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسى كۆتۈرۈلدى :

ني يىگىتلەر ، سۇلۇن قىزلار ،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى .
زالىم جاللات ، مەسۇملەرنىڭ
باشلىرىغا قىلىچ چاپتى .
······

دەرۋىش ئۈيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولۇپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى . قەشقەر خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى تونۇدى . نوزۇگۇمنىڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ رەڭگى كۈن نۇرىدا ئۆڭگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇزۇن ، قارا چاچلىرى ساغرىسىدىن ئېشىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى . چېكە چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان قىزىل قان ، سول پېشانىسىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈپ قاپقارا قاشلىرى ئۈستىدە ئۇيۇپ قالغانىدى . قىز ئەتراپتىكى قىرىنداشلىرىغا تويماي قارايتتى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى توپ ئىچىدىن كىملەرنىدۇر ئىزدەيتتى .



خەير - خوش ، دەردمەن دادا ،
غەمگۇزارىم ياخشى قال .
كۆزلىرىم ئاقۇ قارىسى ،
تەندە جانىم ياخشى قال .

بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن ،
يارۇ دوستلار ياخشى قال .
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ،
قەشقەر شەھرىم ياخشى قال .
······

«جېنىم قىزىم ، سېنى خۇدانىڭ ئۆزىگە تاپشۇردۇم ، خۇدا سېنىڭ جىمى مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلسۇن !»

توپ ئىچىدە تۇرغان يۇسۇپ ئۇستاز قىزىغا تەلمۈرۈپ ئەنە شۇندق پىچىرلىدى . ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تېخىمۇ جۈدەپ كەتكەنىدى . يۇسۇپ قىزىنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن توپ ئالدىغا ئۆتمىدى . ئۆزىنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھاسا تايىقىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ، ئادەملەر ئارقىسىدا تۇرۇپ ، قىزىغا بېغىشلىغان ئەڭ ياخشى دۇئالىرىنى ، يۈرەك سۆزلىرىنى ، توقۇغان نەزمىلىرىنى پىچىرلاپ ئېيتىپ قالدى ···

سۇرگۈنلەر يىراقلاشقانسېرى قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغان خەلقنىڭ يىغا - زارى ئەۋج ئالدى . ئۇزاپ كېتىۋاتقان سۇرگۈنلەر دەممۇدەم ئارقىسىغا قاراپ ، ئەل - ماكانىدىن كۆز ئۈزەلمەيتتى··· باشلىرىنى يالىڭاچلانغان قىلىچ ئاستىغا تۇتۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ تەقدىرى نېمە بولار ؟ ئۇلارغا يەنە ئۆز

يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىپ ، تۇمەن دەرياسىنىڭ لەززەتلىك سۇلىرىدىن ئوچۇملاپ ئىچىشكە نېسىپ بولارمۇ ؟...

خەير ، ئەزىزانە قەشقەر !

خەير ، ئىلىم ـ مەرىپەت ، هۇنەر ـ سەنئەت ماكانى !

بەشىنچى باب

## چايخانىدىكى ئۇچرىشىش

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم ،
پۇرسەت كۈتۈپ ياتارمەن .
يارغا بەرگەن ئەھدەم بار ،
ئۇنى چوقۇم تاپارمەن .
— خەلق داستانى «نوزۇگۇم» دىن

بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان بىر يىگىت توپىلىق هارۋا يولىدا ئاتلىق كېلىۋاتاتتى ، ئەتراپتىكى داللاردا چۆل تورغىيى چۇرۇقلىشاتتى . يىراقتىكى توغراقلىقلاردىن كاككۇك ئاۋازى كېلەتتى . يوغان چاقلىق يارىيار هارۋىنى هەيدەپ كېتىپ بارغان دېھقان سوزۇپ ناخشا ئېيتاتتى . ئۇنىڭ ناخشىسى مايسىرىغان چاقلارنىڭ غىچىرلىشى بىلەن قوشۇلۇپ ئاچچىق بىر پەريادقا ئوخشىشىپ كېتەتتى . ئاتلىق يىگىتنىڭ خىيالى قەشقەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى . بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ شۇ يەردىن يارى بىلەن خوشلىشىپ چىققانىدى . زىلۋا بويلۇق قىز شۇ چاغدا ، نەقىشلىك دەرۋازىنىڭ قانىتىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ، يوغان شەهلا كۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قالغانىدى .



— خەير ، نوزۇگۇم ! دۈشمەن بوسۇغىدا تۇرغان چاغدا ئۆيدە كىتاب ۋاراقلاپ ئولتۇرۇش يىگىتنىڭ ئىشى ئەمەس ، مەن كەتتىم . ئامان بولۇڭ ! — دېگەنىدى يىگىت شۇ چاغدا .

— مەن سىزنى توسۇمايمەن . چوقۇم قايتىپ كېلىڭ ! — دېگەنىدى قىز .

مانا ئارىدىن ئىككى يىلچە ئۆتتى . شۇ يىللاردا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپى تىنچىمىدى ، يىگىتمۇ ۋەدە قىلغان يارىنىڭ قېشىغا قايتىپ بارالمىدى . ئۇنىڭ كۆنى تەكلىماكاننى ياقىلاپ كەتكەن چۆل يوللىرىدا ، چىڭ لەشكەرلىرىگە ئاپەت سېلىش بىلەن ئۆتتى . ئۇ بازارلىرى ئادەملەر بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان شاۋقۇنلۇق قەدىمىي شەھىرىنى ، قىرغاقلىرى «بۆككىدە» تاللىقلار بىلەن قاپلانغان تۇمەن دەرياسىنى ، ئارقىسىدا ئانارلىق بېغى بار هويلىنى ، كىچىكىدىن بېشىنى سىلاپ ئۆستۈرگەن ئۇستازىنى ، ئەپچىل قوشاقلارنى قوشۇپ ناخشا قىلىپ ئېيتىدىغان قەدىردان قىزنى بەكمۇ سېغىنغانىدى . چۆللەردە ئېچىلغان دالا گۈللىرى ، يېگانە ئاڭلىنىدىغان كاككۇك ئاۋازى ، باهاردىكى يېشىل مايسىلار ، جەنۇبتىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان قۇشلار... بۇلارنىڭ هەممىسى يىگىتكە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىتىپ ، ئۇنىڭ سېغىنىشىنى كۈچەيتەتتى . چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى باستۇرۇشى يىگىتنىڭ قەشقەرگە قايتىش ئۈمىدىنى بىراقلا يوققا چىقاردى...

يىگىت شۇنداق خىياللار بىلەن ئاقسۇ شەھىرى ئىچىگە يېتىپ كەلدى . شەھەر نامراتلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . قول سونۇپ تۇرغان جۇل -جۇل كىيىملىك تىلەمچىلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى . چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى سەينادا بىر قېرى

مەدداھ ئەتراپىغا ئادەم يىغالماي كۆچىنىپ ۋارقىرايتتى . ئادەملەر كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىغا ، چايخانىلارغا توپلىشىۋالغان بولۇپ ، چىلىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىقى ۋە باشقا ۋەھىمىلەر ئۈستىدە قورقۇنچقا چۈشۈپ پاراڭ قىلىشاتتى . ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن بۇ گەپلەر جەڭنامىلەردىكى ھەرقانداق رىۋايەتلەردىن قىزىق ۋە دەھشەتلىك تۇيۇلاتتى . ھەممە جاينى ئەنسىزچىلىك باسقانىدى . يوغان سۆگەتنىڭ سايىسىدە چاچ ئېلىۋاتقان «ئۇزۇن قۇلاق» ساتىراش ئەتراپىدىكىلەرگە قەشقەر شەھىرىدىن ھەيدەپ كېلىۋاتقان سۈرگۈنلەرنىڭ بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ئەتراپىدىن ئۆتىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى سۆزلەپ ، ئەتراپىغا ئولىشىپ گەپ ئاڭلاۋاتقانلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ ھۇزۇرلانماقتا ئىدى . بازار رەستىلىرىدىكى ئىشىكلىرى قارا سىرلانغان دۇكانلاردا ئولتۇرغان سودىگەرلەر تەشۋىشكە چۈشۈپ ، پوكەيىنىڭ ئارقىسىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇپ ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشەتتى .

يىگىت ئېتىنى يېتىلەپ ، ئادەملەر توپىنى ئارىلىماقتا ئىدى . ئۇ بۇ يەردىن ھەسەن دەرۋىشنى ئىزدەپ يۈرەتتى ، ئۇ دەرۋىشنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى . قەشقەردىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرنى پەقەت ھەسەن دەرۋىشلا سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى . يىگىت بېشىغا كۇلاھ ، ئۈستىگە ئۇزۇن چاپان كىيگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قارايتتى . ئادەملەر توپلانغان بارلىق سورۇن ، ھەممە چايخانىلارغا بىر ـ بىرلەپ كىرىپ ئۆتەتتى .

ئاتلىق يىگىت ئاقسۇ شەھىرى ئىچىنى ئەنە شۇنداق قىدىرىپ



يۈرگەندە ، ھەسەن دەرۋىش شەھەر چېتىدىكى خىلۋەت بىر چايخانىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ چايچىدىن بىر چەينەك چاي سورىدى . چايچىنىڭ ئۆزىنى «دىۋانە» دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، داستىخانغا ئالدىن بىرنەچچە يارماق تاشلىدى . چايچى چاي كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ئۇ قوينىدىن بىر پارچە قاتتىق نان بىلەن بىر سىقىم ئۆرۈك مېغىزىنى ئېلىپ ، پەتنۇسقا تۆكتى ـ دە ، مۇستەھكەم چىشلىرى بىلەن قاتتىق ناننى كورسۇلدىتىپ چايناپ ۋە ھەر قېتىمدا بىرنەچچە تال مېغىزنى قوشۇپ كاپ ئېتىپ ، ئىشتىھا بىلەن ئوزۇقلىنىشقا باشلىدى . يىللار بويى ئوتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قارىداپ كەتكەن پۇچۇق چەينەكنىڭ چېيى پۇراقلىق ھەم لەززەتلىك ئىدى . ئىسسىق چاي دەرۋىشنىڭ بەدىنىنى قىزىتىپ ، هاردۇقىنى ئالغاندەك بولدى . دەل شۇ چاغدا ، چايخانا ئالدىغا ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ توختىدى .

— ھەي ، چايچى ئۇستام ! بۇ يەرگە دەرۋىش سۈپەت بىر مېھمان كەلگەندەك بولدىمۇ ؟

— قېنى ، ئاتتىن چۈش ، ئىنىم ، شۇ تاپتا سەن ئېيتقاندەك بىر كىشى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ .

يىگىت ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئاتنى ئېرىق بويىدىكى سۆگەتكە باغلىدى ـ دە ، ئاتقا بىر ئاز يەم بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپ ، چايچىنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ھەسەن تاغا ! — يىگىت چايخانىنىڭ قىيسىيىپ كەتكەن پاكار ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرىپ ، دەرۋىشنىڭ قېلىن چاڭ باسقان چاپىنىنىڭ پېشىدىن سۆيدى .

— سالىمىڭ خۇداغا قوبۇل بولسۇن ، ئوغلۇم باقى .

دەرۋىش يىگىتنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ ئۇنى ئورنىدىن

تۇرغۇزدى .

— سىلىنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىرىدىن خەۋەر تېپىپ ، خۇشال بولۇپ ، پۈتۈن شەھەرنى ئىزدەپ چىقتىم .

دەرۋىش باقىغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ سۆزلىدى :

— ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆپ جايدا پىكىر چېچىلىدۇ . بىكارچى تولا ئورۇندا پىتنە - پاسات كۆپ بولىدۇ . تاغاڭ خالىيراق جاينى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى . قېنى ، نانغا ئېغىز تەگكىن !

دەرۋىش بىلەن باقى چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى . دەرۋىش قەشقەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى .

— چىڭ لەشكەرلىرى نوزۇگۇمنى سۇرگۈنلەر بىلەن بىللە ئەكېلىۋاتىدۇ . مەن ئۇلارنى شېكەركۆل[1]بويىدىكى يولدا يانداپ ئۆتۈپ كەتتىم . ئۇلارنى ئاتلىق بەش يۈز لەشكەر قورۇقداپ كەلمەكتە ، سېنىڭ ئىشلىرىڭ قانداق ؟— دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى دەرۋىش .

— مېنىڭ ئەتراپىمدا ئون نەچچە كىشى بار ، ھەممىسى قورقۇمسىز يىگىتلەر . بىز بۇ ئەتراپتىكى چۆللەردىن ئۆتكەن ھەربىر لەشكەرنىڭ جېنىغا خەۋپ سېلىپ يۈرۈپتىمىز . مەن نوزۇگۇمنى ئۇلارنىڭ قولىدىن چوقۇم ئاجرىتىۋالىمەن ، تاغا ! بۇ يولدا ياكى مەن ئۆلىمەن ، ياكى مەقسىتىمگە يېتىمەن . سىلى قەيەرگە قاراپ سەپەر قىلدىلىكىن ، بىلىشكە بولارمۇ ؟

— مەن سىلەرنى ئىزدەپ تاپماقچىدىم ، نىشانەمگە يەتتىم . مېنىڭ مەقسىتىم — خائىن سىدىق غوجىنى جازالاش ، ئۇنىڭ خەلق ئالدىدىكى جىنايىتى چېكىدىن ئاشتى . ئۇ يەنە بۇ قېتىم ئىلىغا ماڭغان لەشكەرلەرگە يول باشلاپ كېتىپ بارىدۇ . ئۇ ئىلى

[1] شېكەركۆل — مارالبېشىنىڭ ئۈستىدىكى بىر كۆل .



جىياڭجۈن مەھكىمىسىدىن چوڭ مەنسەپ ئېلىپ قايتماقچى ، مەن ئۇنىڭ ئىپلاس ھاياتىنى ئۆز قولۇم بىلەن بۇرۇنراق تامام لاشنى خالايمەن .

— ھەببەللى ! — باقى تۇگۇلگەن مۇشتىنى داستىخان ئۈستىگە قويدى ، — بۇ خائىنغا جازا بېرىشنى بىزمۇ خېلى بۇرۇنلا ئويلىشىپ قويغان .

— شۇنداقمۇ ؟ !

— ئەلۋەتتە ، بىز ئۇنى بۇ قېتىم ئامان قويمايمىز .

— خوش ، ئۇنداقتا سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى چوڭ ئىش تۇرۇپتۇ . بىرى ، ئاشىقىڭنى ياۋنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ؛ يەنە بىرى ، خائىننىڭ ئەدىپىنى بېرىش . سەن بۇ ئىككى چوڭ ئىشنىڭ قايسىسىنى ئالدى بىلەن ئورۇندىماقچى ؟

دەرۋىش ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى باقىغا تىكتى .

— لەشكەرلەر ئاقسۇدىن ئۆتۈپ ، ئالدىمىزدىكى ئۇزۇن چۆل يوللىرىغا چۈشكەندە ، خۇدا نېسىپ قىلسا ، ئادەملىرىم بىلەن ئۇلارغا قاپلاندەك تاشلىنىپ ، ھەم خائىننى جازالايمەن ، ھەم نوزۇگۇمنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن .

— ھا ! ھا ! ھا ! ··· ، — دەرۋىش ساقاللىرىنى تىترىتىپ كۈلۈپ كەتتى ،— خۇدا ياخشى نىيىتىڭگە يەتكۈزسۇن ، ئوغلۇم . سەن تېخى يەنىلا بالا . ئون نەچچە ئادەم بىلەن بەش يۈز كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا چېقىلىش — تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان بىلەن باراۋەر . بىلىپ قوي ، ياخشى يولباشچى ئۆز ئادەملىرىنى خەتەرگە باشلىمايدۇ !

باقى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، دەرۋىشنىڭ قولىنى تۇتتى .

— تاغا ، ئوغۇللىرى تېخى گۆدەك ، ئېيتسىلا ، سىلىچە قانداق قىلغىنىمىز تۈزۈك ؟

دەرۋىش ئۆز پىلانىنى باقىغا سۆزلىدى . ئۇلارنىڭ سۆھبىتى شۇ تەرىقىدە يەنە يېرىم سائەتچە داۋاملاشقاندىن كېيىن ، ئۇلار چايچى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى .

— قېنى ، ئوغلۇم ، سەن ئېتىڭغا مىن ، مەن پىيادە ماڭىمەن ، خەير ، خۇدا سالامەت قىلسا ، سۇرگۇنلەردىن بىر كۈن ئىلگىرى سىلەر تۇرغان يەرگە يېتىپ بارىمەن .

باقى ئېتىغا مىنىپ يولغا چۈشتى . دەرۋىش ئارقىسىدىن ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ قالدى .

ئېھ ، ياشلىق ! سەن تەۋەككۈلچىلىك ، نادانلىق ، ئالدىراقسانلىققا ئوخشاش ھەر خىل ئىللەتلەرگە كۆمۈلگەن بولساڭمۇ ، يەنىلا گۈزەلسەن !...

دەرۋىش شۇ تاپتا ئۆزىنىڭمۇ ياشلىق كۈنلىرىنى ئەسلىدى . بىر چاغلاردا ئۇ قەشقەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى ئېگىز سۇۋادان تېرەككە يۆلىنىپ كېچە ـ كېچىلەپ تۇرغانىدى . تولۇن ئاي ئاسماندىن ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكەتتى . يىراقلاردىن يولۇچىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىناتتى . ياش ھەسەن ئۇدۇلىدىكى بالىخانىلىق ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى . بەزىدە ئۇ كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ يۈرگەن جانانىنىڭ جامالى پەنجىرىدىن لىپ ئېتىپ كۆرۈنۈپ قالاتتى ـ دە ، يوقىلىپ كېتەتتى . بىچارە ھەسەن شۇنىڭغا بولسىمۇ قانائەت ھاسىل قىلىپ ، خۇشال بولۇپ قايتاتتى . بۇ ئۇنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى . سىنچى موللا بالا تالىپتىكى بۇ ئۆزگىرىشنى بايقاپ قالدى . بىر كۈنى ئۇ ، ھەسەننىڭ قىزغا



بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ ئۇنىڭغا ئوتتۇز دەررە ئۇرغۇزدى . ھەسەن مۇھەببەتنىڭ بۇ دەسلەپكى ئاچچىق سوۋغىسىنى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى . بىر يىلدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئاشىق بولغان قىزى ئۆلۈپ كەتتى . لېكىن بۇ قىز دەرۋىشنىڭ كۆڭلىدە بىر ئۆمۈر ساقلىنىپ قالدى . ياشلىق نېمىدېگەن ياخشى ، بىرىنچى مۇھەببەتنىڭ ئوتى قانچىلىك ئۆچمەس ـ ھە ! ... ھەسەن دەرۋىشنىڭ ئېسىگە شۇ تاپتا قايسىبىر شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرى كېلىپ چۈشتى :

ئەپسۇسكى يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى ،
كۆكلەم ئۇزاپ كەتتى ، قىش پەسلى يەتتى .
ياشلىق دەپ ئاتالغان ئۇ شادلىق قۇشى ،
بىلمىدىم ، قاچاندۇر كەلدى ۋە كەتتى ...

«ھە ، دۇنياغا كېلىپ ، كەتمەيدىغان نېمە بار ؟» دەرۋىش ئاچچىق بىر كۈلدى ـ دە ، ساپايىسىنى چېلىپ يولغا چۈشتى .

دېمەك قاي سارى ئەزىم ئەتكۈڭ ، ماڭا يوق ئىختىيار ئاخىر
قازا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانۇ ئىختىيارىمنى .
تۆگەندى ئەشك كۆلگۈن ، ئەمدى قالمىش زەپىرانە يۈز ،
پەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خەزان بىرلە باھارىمنى .[1]

[1] نەگە ماڭدىڭ دەپ سورىما ، ئىختىيار ئۆزۈمدە ئەمەس ، ئىختىيار تىزگىنىمنى تەقدىرنىڭ ئىلكىگە بەرگەنمەن . قىزىلگۈلدەك ياشلىقىم تۈگەپ ، زەپىران چىرايىم قالدى . پەلەك زۇلمى باھارىمنى خازاڭغا ئايلاندۇرۇۋەتتى .

## ئالتىنچى باب

# قونالغۇدا

مۇزداۋاننىڭ يولىدىن ،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ ؟
ئىلىخوغا بارغۇچە ،
جېنىمىز ئامان بارمۇ ؟
— خەلق داستانى «نوزۇگۇم»دىن

چىڭ لەشكەرلىرى سۇرگۇنلەرنى قانچىلىك قامچىلىسۇن ، يول يەنىلا ئاۋۇمىدى . كۇندۇزلىرى چۆل قاتتىق ئىسسىپ ، قۇملۇقتا ئاياغ يۆتكەپ مېڭىش ئازاب بولاتتى . ماڭالماي سۆرىلىپ قالغانلارنى لەشكەرلەر رەھىمسىز ھالدا چېپىپ تاشلىشاتتى . بەزىدە ئۆلگەن ئات ۋە تۆگىلەرنىڭ يۈكلىرىنىمۇ سۇرگۇنلەرگە ئارتىپ قويۇشاتتى . چۆل يولىدا ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ئۇستىدە قۇزغۇنلار ئەگىشىپ ئۇچۇشاتتى . ئات - تۆگىلەردىن چىقىۋاتقان ئىسسىق تىنىق ، ئادەملەرنىڭ بەدىنىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق تەر پۇرىقى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايىنىتقۇدەك سېسىقچىلىق پەيدا قىلاتتى . پەقەت كۆيدۈرۈپ تۇرغان قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىنلا سالقىن چۆل شامىلى پەيدا بولۇپ ، ئادەملەر قېنىپ نەپەس ئېلىشىپ ، يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولاتتى .

يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە قەشقەر توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ قايتقان لەشكەرلەرنى ياخشى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا يارلىق



چۈشۈرۈلگەنىدى . سۇرگۇنلەر بىلەن ئولجاماللارنى ئەكېلىۋاتقان بۇ چوڭ قوشۇن ، چوڭ - كىچىك بازارلارغا يېقىنلاشقاندا ، يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى ، ھەربىر ئۆتەڭ ۋە قونالغۇلاردا كېلىۋاتقانلار ئۈچۈن ئالدىن قازان ئېسىلىپ تۇراتتى . ئالدى بىلەن چىڭ لەشكەرلىرى غىزالىنىپ ، ئاندىن ئاشقان - تاشقان نەرسىلەر سۇرگۇنلەرگە ئۇلەشتۈرۈلۈپ بېرىلەتتى . بۈگۈن ئۇلار ئالدىدىكى ئۆتەڭگە يېتىپ بارالماي ، چۆلدىلا توختاپ قوندى .

لەشكەرلەر ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ بىرقانچە كىگىز ئۆي تىكىشتى . تۆگىلەر ئوچۇق دالىغا دائىرە قىلىپ چۆكتۈرۈلۈپ ، سۇرگۇنلەر كېچىسى قېچىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن پۇتىدىن زەنجىرلەر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ باغلىنىپ ، تۆگىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئەتراپتا لەشكەرلەر گۈلخان يېقىپ يېتىشتى .

شۇ تاپتا ، نېرىراقتىكى چوڭ گۈلخاننىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە لەشكەرلەر ئولىشىۋالغان بولۇپ ، ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان قېرىراق لەشكەر نېمە توغرىسىدىدۇر قىزىشىپ ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى .

— ھە ، شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ يىقىلدىمۇ ؟ — دەپ سوئال قويۇپ ئالدىراتتى سۆزلىگۈچىنى بىر لەشكەر .

— پاھ ، ئۇچىنچى ئادىمىمىزمۇ قىلىچ يەپ يىقىلدى . بىز بىرقانچىمىز ھېلىقى توپىلاڭچىنى قىستاپ كەلدۇق . يېقىنلاپ بېرىپ قارىسام ، ۋاھ ، تېخى ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن بىر شۇمتەك ئىكەن . مەن ئارقىدىن كېلىپ دەل ئۇنىڭ بويىنىغا قارىتىپ قىلىچ ئۇردۇم ، پاھ ، قانداق بولدى بىلمىدىم ، قىلىچ ئۇنىڭ بېشىغا سەل - پەل تېگىپلا ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭ

چۆكۈرۈپ كېيىۋالغان تۇمىقى بېشىدىن ئۇچۇپ كەتتى ـ دە، ئۇزۇن چېچى چۇۋۇلۇپ ئارقىغا چۈشتى. باشتا مەن: ھوي، بۇ بىزنىڭ تۆرىلىرىمىزدىن بىرەرىمۇ قانداق؟! دەپ چۆچۈپ كەتتىم. ئوبدان سەپسالسام، ئالدىمدا تۇرغىنى بىر قىز ئىكەن. مەن «ۋاھ» دەۋەتتىم. يېنىمدا تۇرغان بىرنەچچەيلەنمۇ تەڭلا «ۋاھ» دەۋېتىشتى. ئۇنىڭ چېچىغا قاراپ تېڭىرقاپ قالغان لەشكەرلەرنىڭ بىرى شۇ زاماتلا قىلىچ يەپ يىقىلدى. شۇ ئەسنادا، ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ، بىزنىڭ قورشاۋىمىزنى يېرىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى. بىز ئۇنىڭغا بىراقلا يوپۇرۇلۇپ بېرىپ باغلىۋالدۇق. پاھ، تازىمۇ يامان نېمىكەن، مەن شۇ يېشىمغا كېلىپ، مۇنداق سوقۇشقان ئايالنى كۆرمىگەنىدىم.

— نېمىشقا ئۇنى شۇ يەردىلا چېپىپ تاشلىمىدىڭلار؟

— چېپىپ تاشلىماقچىدۇق، لېكىن لەشكەر باشلىقى ئۇنى كۆرۈپ «پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل نېمە بۇ! ئۇنى ئېلىغا ئاپىرىپ، جياڭجۈننىڭ ئۆزىگىلا سوۋغا قىلىپ ئىنئام ئالىمىز» دەپ قالدى. سوقۇشتا ئاياللارنىڭ چىرايى ئۆز جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئامان قالدى.

— يول بويى ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى قىز شۇمۇ؟

— ھە، ئۆزى شۇ!

لەشكەرلەر نوزۇگۇمنىڭ تۇمەن بويىدىكى جەڭدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىشىۋاتقان چاغدا، ئۇ سۇرگۈنلەر ئارىسىدا، قوڭۇر چۆل ئاسمىنىغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. «شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئاغرىقچان ئانىسى نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ نوزۇگۇمنىڭ ئانىسى كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ



كەتكەنىدى. بۇ مېھرىبان كىشى ئۇنىڭغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولدى، ھازىر ئۇنىڭ ھالىدىن كىملەر خەۋەر ئېلىۋاتقاندۇ؟ باقىچۇ، ئۇ قەيەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ؟…»

نوزۇگۇم يول بويى قېچىش خىيالىنى ئۆزىدىن نېرى قىلالمىدى. لېكىن، لەشكەرلەرنىڭ نازارىتى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. نوزۇگۇم پۈتۈن مۇڭىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلدى. ئۇ لەشكەرلەر تىللىسىمۇ، ئۇرسىمۇ ئېيتىۋەردى. ئاخىر لەشكەرلەرمۇ ئۇرۇپ ـ تىللاپ زېرىكىپ، ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردى.

نوزۇگۇم خىيال بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى. چۆل ئاسمىنىدا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئەتراپتىن تۆگىلەرنىڭ پۇشۇلداشلىرى، ئاتلارنىڭ ئوت يېيىشلىرى، سۇرگۈنلەرنىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. پات ـ پات، پانۇس كۆتۈرگەن قورۇقچىلار ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ قالاتتى. تۇتەپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانلاردىن چۆل ئۆسۈملۈكلىرى يىلتىزىنىڭ پۇراقلىق ئىسى كېلىپ دىماغقا ئۇرۇلاتتى. كىگىز ئۆيلەردىن مەست بولۇپ قالغان لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. «ھەي، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ياشلىقىم تۈگىگەنمىدۇ؟ ئېلىغا بارغاندا ئاجىز بېشىمغا نېمە كۈنلەر چۈشەر؟…» نوزۇگۇم شۇنداق ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈشىدە ئاتىسىنى كۆردى. ئاتا ئانالىق باغدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ نوزۇگۇمنى چاقىراتتى.

— نوزۇگۇم!

نوزۇگۇم بۇ ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى.

— نوزۇگۇم قىزىم، بۇ سىزمۇ؟

ئۇنى راستىنلا بىرى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ، قېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ساقاللىق كىشىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى .

— نوزۇگۇم ، قورقما ، قىزىم ! بۇ مەن — ھەسەن دەرۋىش .

— ھەسەن تاغا !

ھەسەن دەرۋىش قىزنىڭ يېنىغا قىيسايدى - دە ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن توسۇدى .

— ئاستىراق .

— تاغا ، بۇ چۈشۈمىمۇ ، ئوڭۇمىمۇ ؟ سىلى بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا ؟

— چۈشۈڭ ئەمەس ، ئوڭۇڭ ، قىزىم . چۆل شاماللىرى ماڭا سىلەرنىڭ پۈرىقىڭلارنى يەتكۈزدى . قىزىم ، ماڭا ئەگىشىپ قېچىپ چىقىپ كېتەلەمسەن ؟

— تاغا ، بىزنىڭ پۇتلىرىمىز بىر - بىرىمىزگە چېتىپ كىشەنلەنگەن .

ھەسەن دەرۋىش نوزۇگۇمنىڭ ئايىغىنى سىلىدى . مۇستەھكەم تۆمۈر زەنجىر ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇلدى .

— خەيرىيەت !— دېدى دەرۋىش ، — غەيرەتلىك بول . خۇدا ساڭا ئازادلىق نېسىپ قىلغۇچە بوشاشما . مەن بۇ تەرەپكە ماڭغاندا ئاتاڭ ساڭا سالام ئېيتتى . سېنى پاك بولسۇن ، خەلقىگە مۇھەببىتىگە سادىق بولسۇن ، دېدى . بۇ ئاتاڭنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن سوۋغىسى .

نوزۇگۇم دەرۋىشنىڭ قولىدىن ئېغىر پولات خەنجەرنى ئالدى - دە ، يوشۇردى .



— قىزىم ، ئېيتقىنە ، سىدىق غوجا قەيەردە ؟ !

— سىدىق غوجا ؟ ! — نوزۇگۇم سەسكىنىپ كەتتى ، — ئۇ يۈزسىز ھېچكىمنىڭ چىرايىغا تىك تۇرۇپ قارىيالمايدۇ . لەشكەرلەرمۇ ئۇنى ئارىغا ئالمايدۇ . ئۇ ئالدى تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرغان كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكىدە يالغۇز تۇرىدۇ .

— خەير ، قىزىم ، ئامان بول !

دەرۋىش قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يەنە شۇنداق تېز غايىب بولدى . نوزۇگۇم ئۇنىڭدىن ئاتىسى ، باقى ۋە يەنە نېمىلەر توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى سورىماقچىدى ، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى . نوزۇگۇمغا بۇنىڭ ھەممىسى بىر تىنىق ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن چۈشتەك بىلىندى . لېكىن بۇ چۈش ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ قولىدا ئاتىسىنىڭ ئۆتكۈر خەنجىرى يالتىراپ تۇراتتى .

× ×

چىڭ لەشكەرلىرى سىدىق غوجىنىڭ يوقالغانلىقىنى تاڭ يورۇغاندىن كېيىنلا سەزدى . ئۇلار سىدىق غوجىنىڭ ئۆزى قېچىپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇنى باشقىلار ئېلىپ قاچقانلىقىنى ئېنىقلىيالمىدى . سىدىق غوجىنىڭ يولدا مىنىدىغان ئاق قاشقىلىق ئېتى كىگىز ئۆي يېنىدا باغلاقلىق تۇراتتى . غوجىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىمۇ ئۆز جايىدىلا قالغانىدى . لەشكەرلەر ئەتراپقا ئات سېلىپ ، خېلى يىراقلارغىچە ئىزدەپ بېرىپمۇ قۇرۇق قايتىشتى . كېچىدىن بېرى چىققان چۆل شاملى قۇملارنى ھەر تەرەپكە ئېقىتىپ ، ھەممە ئىزلارنى كۆمۈپ تاشلىغانىدى...

## يەتتىنچى باب

# خائىنغا ئۆلۈم

ئاتا دۈشمىنىنى ئۆزۈڭگە
دوست تۇتما .

— خەلق ماقالىسى

ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بۇ خارابە گۈمبەز ، يىراقتىن قارىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقمايتتى . قاچاندۇر بىر چاغلاردا بۇ يەر ھەشەمەتلىك خانىقا ، مەسچىت ۋە تۈنەكخانىلار بىلەن ئاۋات ئىدى . مازارگۈي ئاشىقلار ئۈچۈن يوغان داش قازانلار توختىماي قايناپ تۇراتتى . ھازىر ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە قۇم ئاستىدا قالغان بولۇپ ، قايسىبىر ئەۋلىياغا ئاتاپ سېلىنغان مۇشۇ ئېگىز گۈمبەزلا چوقچىيىپ چىقىپ قالغانىدى . گۈمبەزنىڭ ئىچى - سىرتىغا ئاق گەج بىلەن سۇۋاپ چېكىلگەن گۈللەر ئۆچكەن ، ئۇنىڭ ئەگمە قىلىپ ياسالغان تورۇسلىرىدىكى ئاجايىپ نەقىشلەر خىرەلەشكەنىدى . گۈمبەزنىڭ شەرققە قارىغان كىچىك ئىشىكىنىڭ ياغاچلىرى ھەر تەرەپكە قىيسىيىپ تۇراتتى . باقىنىڭ ئادەملىرى سىدىق غوجىنى مانا مۇشۇ گۈمبەز ئالدىغا ئەكېلىپ تاشلىغانىدى .

قولى ئارقىسىغا باغلانغان سىدىق غوجا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئالدىدىكى كىشىلەرگە يالۋۇرماقتا ئىدى . چىرايلىرى ئاپتاپتا قارايغان ئون نەچچە يىگىت ئۇنى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى .

— رەھىم قىلىڭلار ، ئوغۇللىرىم ، خۇدا رەھىمدىل



بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ . مەندەك بىر ئاسىي بەندىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىڭلار !...

— تۇر ئورنۇڭدىن ! — دەپ ۋارقىرىدى باقى ، — سېنىڭ ھاياتىڭ ئۆزۈڭنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەشتىن نېرى بارمىدى . شۇ بىر قوشۇق قېنىڭ ئۈچۈن تالاي بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى سەل قىلىپ ئاققۇزدۇڭ .

— خۇدا ئازماس ، بىز خۇدانىڭ ئازغۇچى بەندىلىرىمىز ، مەن ئازدىم ، مېنى كەچۈرۈڭلار .

— سېنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاللانىڭ ئۆزى كەچۈرسۇن ، بىزدە ساڭا رەھىم قىلىش ھوقۇقى يوق ، خەلق سېنى ئاللىبۇرۇنلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان . بىز ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچىلارمىز .

سىدىق غوجا «ۋايداد» سېلىپ ، چۆلنى بېشىغا كىيدى . گۈمبەز ئىشىكىگە يۆلىنىپ تۇرغان ھەسەن دەرۋىش شۇ تاپتا چوڭقۇر خىيالغا چۆككەنىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تۈمەن بويىدا تۆكۈلگەن قانلار ، قىرىلىۋاتقان خەلقنىڭ ئاھۇزارى ، قەشقەر شەھىرى دەرۋازىلىرىغا ئېسىلغان باشلار ، چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا سۆرىلىپ كېلىۋاتقان سۈرگۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى . سىدىق غوجىنىڭ يالۋۇرۇپ بىلجىرلاشلىرى دەرۋىشنىڭ جەھلىنى قوزغىدى . قىزىق قان ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا تېپىپ ، قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى . ئۇ ، يېنىدا تۇرغان يىگىتنىڭ غىلىپىدىن ئۆتكۈر قىلىچنى سۇغۇرۇۋالدى - دە ، گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئوتتۇرىغا كەلدى .

— قېنى ، يىگىتلەر ، ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋېتىڭلار . ئۇ قانداقلا بولسۇن بىر مۇسۇلماننىڭ بالىسى ، ئۆلۈش ئالدىدا

تاھارەت ئېلىۋالسۇن .

يىگىتلەردىن بىرى كېلىپ ، سىدىق غوجىنىڭ قولىنى يېشىۋەتتى ، يەنە بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قاپاق سۇ كەلتۈردى . لېكىن سىدىق غوجا قولى بوشىشى بىلەنلا ھېچنېمىگە قارىماي ھەسەن دەرۋىشنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىدى .

— ھەسەن ، سېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قانداق قولۇڭ باردۇ . خۇدادىن قورقمامسەن ! ؟

— ئاللانىڭ مۇبارەك نامىنى ھەممە تەڭ ئېغىزىغا ئالىدۇ . لېكىن كىمنىڭ خۇدادىن ھەقىقىي قورقۇپ پاك ياشىغانلىقى پەقەت مەھشەر كۈنىلا ئايرىلىدۇ . سېنى ئۆلتۈرۈش گۇناھ بولسا ، مەيلى ، ئاللا بۇ گۇناھنى مېنىڭ زىممەمگە يازسۇن !

— ئېيتقىنە ، مېنىڭ نېمە جىنايىتىم بار ؟ خەلققە يامانلىق قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى . لەشكەرلەر مېنى قىلىچ ئاستىغا ئېلىپ زورلىدى .

— ئابدۇرېشىت داموللامۇ ساڭا ئوخشاش زورلانغانىدى . ئۇ ، دۈشمەننىڭ ئايغىدا ئۆمىلەشتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلدى .

— شۇنداق ، مەن قورقۇنچاق ، مەن جىنايىتىمنى يۇيىمەن .

— ئېپلاس ! سېنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭ جىنايەت بىلەن تىنىپ كەتكەن . سەن ئۇنى ئۆز قېنىڭ بىلەن يۇيمىغۇچە يۇيۇپ تۈگىتەلمەيسەن . بىر كۈن ئوشۇق ئۆمۈر كۆرسەڭ زىممەڭدىكى جىنايەت بىر ئۆلۈش ئاشىدۇ . مەن سېنىڭ ھاياتىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن تاماملاش ئۈچۈن سېنى چۆل بويى قوغلاپ كەلدىم ، قوپ ئورنۇڭدىن ! تاھارەت ئېلىپ ئىمان ئېيتىۋال . ئۆلۈش ۋاقتىدا بولسىمۇ ئادەمدەك ئۆل !



سىدىق غوجا قۇم ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ، ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇ يوغان كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ، جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان باشقا بىرەر نەرسە يوقمىدۇ ؟ ! دەپ ئالاق ـ جالاق قارايتتى ، ئاۋازىنىڭ بارچە پەرياد سالاتتى . كىتابخان ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرسەڭ چىرقىراپ جان بېرىدۇ ، ھەيۋەتلىك قارىغاينى كەسسەڭ ، ئۇ ئۈنچىقماي ئۆرۈلىدۇ ... تاقەت قىلالمىغان دەرۋىش ، سىدىق غوجىنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ ، قىلىچ بىلەن بىر ئۇرۇپلا كاللىسىنى ئۇزۇپ تاشلىدى ، شۇنىڭ بىلەن پەرياد ئاۋازى ئۈچۈپ گويا گۇركىرەپ چىقىۋاتقان بوران بىردىنلا تىنچىپ قالغاندەك ئەتراپنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى . خائىننىڭ كېسىلگەن بېشى گۇمبەز ئىشىكى يېنىغا قاڭقىپ چۈشۈپ ، قۇمغا دۈم بولۇپ پېتىپ قالغانىدى .

دەرۋىش قولىدىكى قىلىچنى يەرگە تاشلىدى .

— ھاي يىگىتلەر ! كېلىڭلار ، بۇ جەسەتنى ۋاقتىدا كۆمۈۋېتەيلى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ھەممىگە ئىبرەت بولغۇدەك بىر سۆز يېزىپ قالدۇرايلى...

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، كېيىن بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار بۇ خارابە گۇمبەزنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغان يېڭى بىر قەبرىنى كۆرگەن . قەبرە يېنىغا قويۇلغان تاشقا ئېنىق قىلىپ «كىمكى بۇ يەردىن ئۆتسە ، خائىنغا لەنەت ئوقۇغاي» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغانىكەن .

× ×

شۇ ئىشتىن كېيىن ، سورگۇنلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلىش

ئۇچۇن ئۇلارنىڭ قارىسىنى يىتتۇرمەي ئەگىشىپ كېلىۋاتقان باقىنىڭ يىگىتلىرى تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ لەشكەرلىرىگە بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، لەشكەرلەر سان جەھەتتىن ناھايىتى ئۇستۇن ئىدى. يىگىتلەر ھەر قېتىمدا ئون نەچچە دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ، چېكىنىپ غايىب بولۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

چۆل قاپلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئارامسىزلانغان لەشكەر باشلىقلىرى ئاخىر كېڭىشىپ، يۈزدىن ئوشۇق لەشكەرنى «قاراقچىلار»نى قوغلاپ يوقىتىشقا ئاجراتتى. قالغان لەشكەرلەر سۈرگۈنلەرنىڭ مېڭىشىنى ئىتتىكلىتىش ئۇچۇن يول ئۇستىدىكى مەھەللىلەردىن دېھقانلارنىڭ ئېشەكلىرىنى بۇلاپ كېلىپ، ھەربىر ئېشەككە ئىككىدىن تۇتقۇننى — ئەرنى ئالدىغا قارىتىپ، ئايالنى ئارقىغا قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، باغلاپ، ئۇلارنى جېدەللەپ ھەيدىدى …

بارا ـ بارا ھاۋا سالقىنلىشىپ تاقىر تاغ، قۇملۇقلار ئاخىرلىشىپ، پايانسىز ئوتلاقلار، قارىغايلىق تاغلار ئۇچراشقا باشلىدى. سۈرگۈنلەر ئىلى ۋادىسىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

«قاراقچىلار»نى قوغلاشقا ئاجرىتىلغان لەشكەرلەر باقىنىڭ يىگىتلىرى بىلەن كىچىك بىر تاغ ئىچىدە دوقۇرۇشۇپ قالدى. جاللاتلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانى، تۆمۈر قوراللارنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىپ جاراڭلىشىدىن تاغ قۇشلىرى ئۈركۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بۇ قاتتىق جەڭدە باقى ئېغىر يارىدار بولدى. كۆڭلىگە بىر ھىيلىنى پۈككەن ھەسەن دەرۋىش يىگىتلەرنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى.

چۆل يىگىتلىرى ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان چىڭ لەشكەرلىرىنى بىر كۆرۈنۈپ ـ بىر كۆرۈنمەي توپتوغرا ئۇچ كۈن



ئەگەشتۈرۈپ يۈردى ـ دە، ئاندىن غايىب بولۇشتى. چىڭ لەشكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى چۈشەنگەندە، تەكلىماكاننىڭ بارسا كەلمەس قۇملۇقلىرىغا ئاللىبۇرۇن ئىچكىرىلەپ بولغانىدى. بۇ يەردە نە سۇ، نە گىياھ، نە ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. كۈندۈزلىرى قىزىق قۇياش باش ئۇستىدىن نېرى كەتمەي، مېڭىلەرنى قاينىتىۋېتەتتى. كېچىلىرى دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپ، ئات ـ ئۇلاغ، ئادەملەرنى قۇمغا كۆمەتتى. يىگىتلەر چىڭ لەشكەرلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئەنە شۇنداق تىرىكلا دوزاخقا تاشلىدى. بۇ يەردىن بىرمۇ لەشكەر يول تېپىپ قايتىپ چىقالمىدى.

بىر مەزگىل بۇ چۆل ئاسمىنىنى قۇزغۇنلار قاپلىدى. ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلارغا قىلىچ، قالقانلار، قاغجىراپ ئاپئاق ياغاچقا ئوخشىشىپ قالغان ئۇستىخانلار ئۇچراپ تۇردى.

## سەككىزىنچى باب

# قۇل سودىسى

زالىم دوۋاڭ[1] زار يىغلاتتى،
يوقسۇللارنى كۆپ قاقشاتتى.
ياش دېمىدى ياكى قېرى،
دارغا ئاستى پۇلغا ساتتى.
— خەلق داستانى «نوزۇگۇم»دىن

① دوۋاڭ — چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەينى يىللاردىكى پادىشاھى داۋگۇاڭ.

ئىلىغا ھەيدەپ كېلىنگەن سۇرگۈنلەر غۇلجا شەھىرى يېنىدىكى شەرقىي يامۇلغا قامالغانىدى. ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بارلىق گۇندىخانىلارنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، سۇرگۈنلەر يامۇل ئىچىدىكى كەڭ بىر مەيدانغا ئاچىقىلدى. بۇ يەر ھەر قېتىم «ئالتە شەھەر»دىن كەلتۈرۈلگەن تۇتقۇنلارنى ساتىدىغان رەسمىي بازار بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن بۇ يەردە ئىلىنىڭ كەڭ، مۇنبەت يەر-سۇيىنى بۆلۈشۈۋالغان زېمىندارلار، ئۇزۇن چاچلىق تۆرىلەر، باشلىرىغا ئېگىز موزا كىيىپ، قوللىرىغا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ، تاۋار چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان ئەمەلدارلار ئىرغاڭشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۈچۈن دېھقان، بەزىلىرى ئۈچۈن مالچى، بەزىلىرىگە كۆمۈر قازغۇچى، بەزىسىگە ئۆي چاكىرى ۋە بەزىلىرىگە بولسا چىرايلىق قىزلار لازىم ئىدى. سۇرگۈنلەر چىقىشى بىلەن ھېلىقى ئادەم بېدىكلىرى ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئولاشتى. ئۇلار سۇرگۈنلەرنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ، خۇددى مال بازىرىدا مال كۆرگەندەك قاراشتۇرۇشقا باشلىدى. بەزىلىرى ئالماقچى بولغان ئادىمىنى ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆرۈپ، بۇلجۇڭ گۆشلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ باقاتتى. ئۆزلىرىنىڭ سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان سۇرگۈنلەر بۇ چىدىغۇسىز خورلۇقنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلەرگە ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن لەنەت ياغدۇراتتى. سودىسى پۈتكەن بايلار ئالغان ئادەملىرىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، چەتتە تۇرغان چاپارمەنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۇلارنى خۇددى قاسساپلار مال بازىرىدىن ماللارنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدى.



ئىلىدىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ بىرى بولغان شىسەن دالويى خوتۇنپەرەس ئادەم ئىدى. ئۇ قەشقەردىن چىرايلىق قىزلار كەلتۈرۈلۈپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ مال ئالغۇچىسىنى ئەۋەتكەنىدى. شىسەن دالويى ئەۋەتكەن ئادەم — جۇ فامىلىلىك پاكار، سېمىز نېمە بولۇپ، باشقىلار ئۇنى «جۇ پاڭزا» دەيتتى، جۇ پاڭزا سۇرگۈنلەر ئىچىدىكى ئاياللارغا بىر-بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، نوزۇگۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى-دە، «پاھ، ئادەم بالىسىمۇ مۇنداق قاملاشقان بولىدىكەن-ھە!» دەۋەتتى. بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەر ۋە ئۇزۇن يول ئازابى نوزۇگۇمنىڭ چىرايىنى سارغايتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن سىياقىدىن يەنىلا ياشلىق ۋە گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇراتتى. نوزۇگۇمنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى چىگىچلىنىپ، كۆڭلەكلىرى يىرتىلغانىدى، ئۇ نازۇك قوللىرى بىلەن كۆكسىنىڭ ئوچۇق قالغان قىسمىنى جۇ پاڭزىنىڭ ھاياسىز تىكىلگەن كۆزلىرىدىن دالدا قىلدى.

— ھى!... ھى!... ھى! ... — جۇ پاڭزا ھىجايغىنىچە، سۇرگۈنلەرنى سېتىش ئىشىنى باشقۇرۇۋاتقان ئەمەلدارنىڭ يېنىغا ئىرغاڭلاپ كەلدى، — بىزنىڭ دالويىغا ئاشۇ قىزچاقنى ئالساق بولارمىكىن، باھاسى قانچىدۇ؟

— دالويىغا بىرەر چەنتۇ قىزنى تارتۇق قىلىدىغانمۇ يولىمىز بار ئىدى، لېكىن، يولدا كۆپ چىقىمدار بولدۇق، بولمىسا ...

— بولدى، بولدى، پۇلى قانچە؟

— دالويىدىن كۆپ سورىمايمىز، تاپان ھەققىمىز ئۈچۈن مانا

مۇشۇنچىلىكلا بىرنەرسە بەرسەڭلا بولىدۇ .

ئەمەلدار قول ئىشارىسى بىلەن نوزۇگۇمنىڭ باھاسىنى ئۇقتۇردى .

— ۋاھ ، بۇ بەك ئۆرە بولۇپ كەتتى . بۇنچىلىك پۇلغا شۇنداق چەنتۇدىن بەشنى سېتىۋالغىلى بولمامدۇ ؟ !

— ئۆزلىرى مال تونۇيدىغان ئادەم ، كۆرۈپ تۇرۇپلا بۇ چەنتۇ قىزى مۇشۇ ماللارنىڭ ئالدى . باھاسىغا چىقسا ساتىمىز . بولمىسا ، جياڭجۇننىڭ ئۆزىگىلا سۇنساقمۇ خېلى ئىنئامغا ئىگە بولالايمىز .

— بولدى ، گەپنى ئۇزارتمايلى . مۇنچىلىك ئالتۇن - كۇمۇش تۆلىسەك قانداق ؟

ئەمەلدار جۇ پاڭزا ئېيتقان باھاغا كۆنمىدى . ئۇ ئۇزۇن قوللىرىنى جۇ پاڭزىنىڭ بۇرنىغىچە سۇنۇپ نوزۇگۇمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساناپ كۆرسەتتى .

— بىرىنچىدىن ، ئۆزى گۈزەل ، ئىككىنچىدىن ، ئىشقا چېۋەر ، ئۈچىنچىدىن ، قاملاشتۇرۇپ ناخشا ئېيتالايدۇ .

جۇ پاڭزا نوزۇگۇمغا يەنە بىر قېتىم لاپ قىلىپ قارىدى - دە :

— ھى... ھى... ھى ! بوپتۇ ، ئۇنداق بولسا ، مانا مۇنچىلىك ساپ ئالتۇن تۆلەي ،— دەپ باھانى يەنە ئۆرلەتكىنىنى ئىشارەت قىلدى .

ئۇزاق تالىشىشتىن كېيىن ، ئەمەلدار بىلەن جۇ پاڭزا نوزۇگۇمنىڭ باھاسىنى پۈتۈشتى . پارقىراپ تۇرغان تىللالار ئەمەلدارنىڭ ئالىقىنىغا تۆكۈلۈشى بىلەنلا ، ئىككى چاپارمەن



كېلىپ ، نوزۇگۇمنى سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى . نوزۇگۇمنىڭ ئايلاپ بىللە بولغان جاپاكەش سەپەرداشلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى . سۇرگۇنلەر ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئۇزاتماقتا ئىدى .

— خەير ، سالامەت بولۇڭ ، نوزۇگۇم !

— جاھان زالىملارنىڭلا بولۇپ كەتمەس ؟ !

— خەير ، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز !

نوزۇگۇم كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى تۇتۇپ قالالمىدى . ئۇ ئىختىيارسىز دەرد - ئەلەملىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتتى :

ئاينى بۇلۇت توسۇپتۇ ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ .
گۆر ئازابى ئۆلۈكتىن
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ .

بېشىمىزدا جاللاتلار
قىلىچىنى ئوينىتار .
بۇ دوزاختىن نوزۇكنى
قانداق بىر جان ئاجرىتار ؟ !

— ھوي ، ھوي ! — دەپ سىلكىشتۈردى نوزۇگۇمنى ئەكېتىپ بارغان چاپارمەنلەر ، — نېمانچىۋالا كاركىرايسەن ؟ ئالدىرىما تېخى ، دالوينىڭ ئۆيىگە بارغاندا ناخشىنى تازا ئېيتىۋالىسەن .

# توققۇزىنچى باب

## توي

ئەي زالىم يېتەر خەلققە ئازارىڭ ،
قاچانغىچە قاينار بۇ بازارىڭ ؟
سەلتەنەت سۈرمەك نەكېرەك ساڭا ؟
خەلقنى ئەزگەندىن ئۆلگىنىڭ ئەلا !

— سەئدى

شىسەن دالوينىڭ ئايال خىزمەتكارلىرى نوزۇگۇمنى يۇيۇندۇرۇپ ، ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيدۈرگەندىن كېيىن ، جۇ پاڭزا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم قىلغان سودىسىغا بەكمۇ مەمنۇن بولدى . نوزۇگۇمنىڭ توپا - چاڭ ئىچىدە قالغان چىرايى پاكىزلىنىپ ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قېتىلغانىدى . نوزۇگۇمنى دالويغا كۆرسىتىش ئۈچۈن دالوينىڭ ياسىداق ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك خوتۇنلىرى ئۆز ھۇجرىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ ھەسەت بىلەن قاراشتى .

نوزۇگۇمنى ئەكىرگەندە شىسەن دالويى ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى كاڭدا ، قارا تاۋار كۆرپە ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ ئەپيۇن چېكىۋاتاتتى . شىسەن دالويى — گۆشلۈك ، كەڭ يۈزىنى چېچەك ئىزى قاپلىغان چوقۇر ئىدى . ئۆمرى كەڭ جۇڭغار دالىلىرىدا زوراۋانلىق قىلىپ قان كېچىش بىلەن ئۆتكەن بۇ زالىمنى



كىشىلەر ئارقىسىدىن شىسەن مازا[1] دەپ ئاتىشاتتى . ئۇ ئېغىر گەۋدىسىنى تەسلىكتە قىمىرلىتىپ ، قىيسىق كۆزلىرى بىلەن نوزۇگۇمغا سىنچىلاپ قارىدى . نوزۇگۇمنىڭ ئۇزۇن قارا چېچى ئۇنىڭ غۇنچە بويى بىلەن بويلىشىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئالدى - كەينى ۋە نازۇك بويۇنلىرىدا باللارنىڭكىدەك مەيىن تۈكلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . قىزنىڭ چىرايى خۇنۇك ئاق چىرايلاردىن بولماي ، يېقىملىق ، قارىقۇمچاق چىرايلاردىن ئىدى ، ئۇنىڭ پۈتۈن سىياقى نۇرلىنىپ تۇرغان قىزىل ياقۇتقا ئوخشىشاتتى .

— ھە ، يارايدۇ ، بۇ تازا مەن ئويلىغىنىمدىن ئىكەن ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى شىسەن مازا .

جۇ پاڭزا يورغىلىغىنىچە دالوينىڭ ئالدىغا كېلىپ ، سۇرگۇنلەرنى ساتقان ئەمەلداردىن ئاڭلىۋالغان گەپلەرنى تەكرارلاپ ، نوزۇگۇمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساناشقا باشلىدى .

— ھى ... ھى ... ھى ! مۇنداق چەنتۇ قىزى كەم تېپىلىدۇ ، ئانىسى سىلىدەك غوجاملار ئۈچۈنلا تۇغقان - دە ، بۇ قېتىم كەلگەن قىزلارنىڭ ئىچىدە ئالدى مۇشۇ ئىكەن ، شۇڭا باھاسىمۇ ئۆرىرەك بولدى .

— بولدى ، بولدى ، كېرەك يوق !

— شۇنداق ، مال ياخشى ، ئۆزى گۈزەل ، ئىشقا چېۋەر ، يەنە ناھايىتى ناخشىچى ئىكەن . مەن ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزۇپ كۆرۈپ ئالدىم .

— ناخشىچى ؟ ! ھا ... ھا ... ھا ! قېنى ، ئۇنىڭغا ئېيت ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى مەن بىر ئاڭلاپ باقاي .

① شىسەن مازا — شىسەن چوقۇر .

جۇ پاڭزا شىسەن مازىنىڭ تەلىپىنى نوزۇگۇمغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. نوزۇگۇم ھېچقانداق تارتىنىشىپ تۇرمايلا ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

يۇرتۇمنى مەن سېغىندىم،
ئاتامنى مەن سېغىندىم.
تىرىكمىكىن جان باقەم؟
خەۋىرىنى بىلمىدىم.

يۇرتۇمغا يېتەلمەسمەن،
ئاتامنى كۆرەلمەسمەن.
باقەمنى كۆرۈپ ئۆلسەم،
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن.

ئالتە ئايدىن يالغۇزمەن،
قەشقەر يولىنى بىلمەسمەن.
خۇدا مېنى ساقلىسا،
سەن زالىمغا تەگمەسمەن.

— ھا! ھا! ھا! ... ئۇ نېمىدەپ ناخشا ئېيتتى؟

— ئۇ بۇرۇن بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى كۆرمىگەنلىكىنى، مۇنداق چىرايلىق كىيىملەرنى كىيمىگەنلىكىنى قوشاق قىلىپ ئېيتتى. سىلىنى ماختىدى، — دېدى جۇ پاڭزا.

— ھە، ياخشى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ساز ئىكەن، ماڭا زېرىككەندە ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن. ئۇنىڭغا ئېيت، ئۇ يول يۇرۇپ ھاردى، بىر - ئىككى كۈن ئوبدان ئارام ئالسۇن، ئاندىن مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. ئۇ بۇنىڭدىنمۇ پۈزۈر ئۆيلەردە تۇرىدۇ، تېخىمۇ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىدۇ.

شىسەن مازا خىزمەتكارىنى چاقىردى - دە، تاپان ھەققى ئۈچۈن جۇ پاڭزىغا بىر توپ گۈللۈك تاۋار بېرىشكە بۇيرۇدى.

× ×

شىسەن مازا نوزۇگۇمنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن خۇشال بولغانىدى. ئۇ، ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇنداق بىر چىرايلىق، ياش خوتۇنغا ئېرىشىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئەمدى ئۇ، بۇ گۈزەل قىزنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ باشقا ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشنى ئويلىغاندا، خۇشاللىقى چېكىگە يەتتى. ئۇ، نوزۇگۇمنى رەسمىي توي قىلىپ ئېلىش قارارىغا كەلدى، ئالمان-تالمان تەييارلىق قىلىپ، ئۈچىنچى كۈنى توي باشلىۋەتتى.

تويغا يىراق - يېقىندىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چاقىرىلدى. ئىلي جياڭجۈنى ئۆزى كېلەلمىگەن بولسىمۇ جياڭجۈن مەھكىمىسىدىن ئالاھىدە سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپ شىسەن دالوينىڭ توينى قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

توي كۈنى ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلىدىكى ھۇجرىلارنىڭ ھەممىسىگە جوزا راسلاندى. ئارقىدىكى كىچىك ئۆيلەرگە ئالاھىدە مېھمانلار ئۈچۈن ئەپيۇن جابدۇقلىرى بىلەن ماجياڭلارنى راسلاپ قويۇشمۇ ئۇنتۇپ قېلىنمىدى. ھويلىلارنىڭ ئىچىگە ئايلاندۇرۇپ گۈللۈك پانۇسلار ئېسىلدى. مۇھاپىزەتچى چېرىكلەرگىمۇ «ئادەمگەرچىلىك» يۈزىسىدىن بۈگۈن يېتەرلىك ھاراق تارقىتىپ

بېرىلدى . كەچكە يېقىن قورۇننىڭ يوغان پانۇسلار ئاستىدا يورۇپ تۇرغان قارا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چوڭ ـ كىچىك مەپىلەر تىقىلىشىپ قالدى . توي ناھايىتىمۇ قىزىپ ، ئىچىشۋازلىق تاڭ يورۇغۇچە داۋاملاشتى…

شىسەن مازا «يىگىت» ئۈچۈن تەييارلانغان خاس ھۇجرىغا تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا كىرىپ كەلدى . ئۇ بۇ چاغدا دېگۈدەك مەست بولۇپ ، ئۆرە دەسسەپ تۇرالمايتتى . نوزۇگۇم ئۆينىڭ تۆرىدىكى چىمىلدىق ئىچىدە ، ئاتىسى ھەسەن دەرۋىش ئارقىلىق ئەۋەتكەن خەنجەرنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ، مىڭ بىر خىياللار بىلەن ئولتۇراتتى . ئۇ ، ئاتىسى ئېيتقان «پاكلىقنى ساقلاش ، مۇھەببىتىگە سادىق بولۇش» دېگەن ۋەسىيەتلەرنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالارمۇ ؟ !

شىسەن مازا ئىشىك ئېچىپ كىرىشى بىلەن نوزۇگۇمنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز قاتتىق سېلىپ كەتتى . خىزمەتچىلەر شىسەن مازىنىڭ سىرتقى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى . شىسەن مازا ھىجايغىنىچە چىمىلدىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

— ھى … ھى … ھى ! قىز ، سەن تارتىنما ، — شىسەن مازا چىمىلدىقنى قايرىدى ، — قىز ، سەن يېقىن كەل . يۈرىكىڭ نېمانچە دۈپۈلدەيدۇ ؟ قورقۇۋاتامسەن ؟

شىسەن مازىنىڭ چوقۇر يۈزلىرى مەستلىكتىن ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئېسىلغان بولۇپ ، ئاغزىدىن ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى بۇخسۇپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنى باشقۇرالماي قىزنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى ۋە شۇ ھامان ئاچچىق بىر ئاغرىقنى ھېس قىلدى ـ دە ، «ۋايجان !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى . نوزۇگۇمنىڭ كۈچ بىلەن ئۇرغان



خەنجىرى ئۇنىڭ يۈلۈنىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى . نوزۇگۇم ئىككىنچى قېتىم خەنجەر ئۇرۇپ ، شىسەن مازىنىڭ كۆكرىكىنى بۆسۈۋەتتى . ئۇ خۇددى ئوت ئۈستىدىكى ھۆل قوۋزاقتەك تولغىنىپ ، چىمىلدىق يېنىغا گۈپ قىلىپ چۈشتى . بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئىسسىق قان دالۋىينىڭ ئوچۇق قالغان ئاغزىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى . ئۆمۈر بويى قان ئىچىپ تويمىغان بۇ جاللات بۈگۈن ئۆزىنىڭ تويىدا تويدى…

## ئونىنچى باب

# قاچقۇن

يايى چىقتى تۇتقىلى ،
ئەجدىھا بولۇپ يۇتقىلى .
ئونلاپ يايى كېلىپتۇ ،
مەن نوزۇگۇمنى تۇتقىلى .
— «نوزۇگۇم قوشاقلىرى»دىن

نوزۇگۇم شىسەن مازىنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ ، تۈن قاراڭغۇسىدا ئۆزىنىڭ قاياققا قاراپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلەلمەي مېڭىۋەردى . ئۈستىدىكى ئېغىر تويلۇق كىيىملەر ئۇنىڭ ئىتتىك مېڭىشىغا كاشىلا قىلىپ ، ھەر قەدەمدە ئۇ نېمىلەرگىدۇر پۇتلىشاتتى . بارا ـ بارا ئۆيلەر شالاڭلىشىپ ، نوزۇگۇم بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى . ئېھتىمال ، بۇ ئەتراپ تېرىلغۇ يەر بولسا كېرەك . يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ئەنسىز ھاۋشىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى . نوزۇگۇم توختاپ ، ئۈستىدىكى قان يۇقى

توي كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىدى ـ دە ، قولىدىكى بوپىسىنى يېشىپ ، ئۆزىنىڭ كونا كىيىملىرىنى كىيدى .

قەيەرلەردىندۇر قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاشقان ئاۋازى كېلەتتى ، ئالدى تەرەپتىن سالقىن شامال ئۇرۇلاتتى . كۈنچىقىش تەرەپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاقىرىپ ، يېڭى بىر تاڭدىن بەلگە بەرمەكتە ئىدى . نوزۇگۇم سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ـ دە ، غەيرەتلىنىپ يەنە مېڭىپ كەتتى . ئۇ ، ئەركىنلىك ماڭا راستىنلا قايتىپ كەلگەنمىدۇ ؟ ! دەپ ھاياجانلىناتتى .

ئەركىنلىك ! سەن ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈكسەن ، تۆمۈر قەپەسكە سولانغان ساڭا تەشنا قۇش بۈگۈن قەپەسنى بۇزۇپ چىقتى . لېكىن ، ئۇ ھازىر قاياققا ئۇچۇشنى ، قەيەرگە قونۇشنى بىلمەيدۇ . بۇ يات يۇرتنىڭ ئورمانلىرى ، كەڭ ئېتىزلىرى ، ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەن يالغۇز ئاياغ يوللىرى ئۇنىڭغا ناتونۇش ، ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قىزىق توپىلىق يېزا يوللىرىنى ، لايلىشىپ ئاقىدىغان تۇمەن دەرياسىنى ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق كوچىلىرىنى تولىمۇ سېغىنغان . ئۇ شۇ مەنزىللەرگە يېتىپ بارالارمۇ ؟ ... نوزۇگۇم بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشلارغا تەلمۈرۈپ قارىدى . ئۇنىڭمۇ شۇ تاپتا ئاشۇنداق بىر جۈپ قانىتى بولسا ، ئۇ بۇلۇتلارغىچە كۆتۈرۈلۈپ ، قەشقەر تەرەپكە قاراپ بىراقلا ئۇچۇپ كەتسە ...

نوزۇگۇم ئۇچۇپ ئەمەس ، يەنىلا مېڭىپ كېتىپ باراتتى . ئۇ شىۋاقلىق كەڭ بوزنى كېسىپ ئۆتكەن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن تۆۋەنلەپ چۈشۈپ ، تۇيۇقسىز دەريا بويىدىن چىقىپ قالدى . بۇ چاغدا ئەتراپ يورۇپ كەتكەنىدى . نوزۇگۇم قىرغاقلىرىغىچە سۇ



بىلەن تولۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ ھەيران بولدى . ئۆز ئۆمرىدە ئۇ مۇنداق مول سۇلۇق ئېقىننى كۆرمىگەنىدى . دەريا ئوتتۇرىسىدىكى چاتقاللاردىن بىر توپ سۇ قۇشلىرى پالاقشىپ كۆتۈرۈلدى ـ دە ، كۆزدىن غايىب بولدى . نېرىراقتىكى قىرغاقتا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي سۇغا تاشلانغان قارماق يىپلىرىغا قارىغىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى . نوزۇگۇممۇ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ توختىدى .

— ئەسسالام ، ئاتا !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، قىزىم ، بۇ قاق سەھەردە سەن قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ ؟ چىرايىڭ بىر قىسما كۆرۈنىدۇ . بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ ئۆزۈڭنى دەرياغا تاشلاشقا چىققان ئوخشىمامسەن ؟

بوۋاي ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ قىرغاقلاردا بېلىقچىلىق قىلاتتى . دەرد ـ ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋالىدىغانلار ئۇنىڭغا كۆپ ئۇچراپ تۇراتتى . بەزىدە ئۇنىڭ تاشلىغان تورىغا بېلىق ئەمەس ، دەردمەنلەرنىڭ جەسىتى ئىلىنىپ چىقاتتى . شۇڭا ، ئۇ بۈگۈن سەھەردە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ قىزنى : چوقۇم ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدى .

— قوي ، قىزىم ، پەيلىڭدىن يان ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنى ئاللامۇ ياخشى كۆرمەيدۇ . ئۆزۈڭگە سەۋرى بەر .

نوزۇگۇم نېمە دېيىشىنى بىلمەي يەرگە قاراپ تۇراتتى .

— نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن ؟ قانداق ئىشلار سېنى بۇ يەرگە

سۆرەپ چىقتى. ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە!

نوزۇگۇم بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ قايسىبىرىنى ئېيتىپ تۈگىتەلىسۇن. ئۇ سۆزىنى تۈمەن بويىدىكى جەڭدىن باشلىسۇنمۇ ياكى چۆل يوللىرىدىكى ئازابتىنمۇ؟ ياكى ئۆز نومۇسىنى بۇلغىماقچى بولغان ياۋۇزنى بۈگۈن كېچە قانداق ئۇجۇقتۇرغىنىنى ئېيتسۇنمۇ؟ ...

نوزۇگۇم بېشىنى كۆتۈرۈپ بوۋايغا قارىدى. مۇشەققەتلىك يىللار بوۋاينىڭ ئېگىز قەددىنى پۈككەن بولۇپ دەريادىن ئۇرغان يېنىك شامال ئۇنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق ساقاللىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى. كىم بىلىدۇ، كۆز ئالدىدا تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بۇ بوۋاي سەھەردە ئۇچرىغان خىزىرنىڭ ئۆزىدۇ؟... نوزۇگۇم بىردىنلا ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى - دە، بوۋاينىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر سۆزلىدى...

× ×

چىڭ لەشكەرلىرى شىسەن مازىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پەقەت كۈن تېرەك بويى ئۆرلىگەن چاغدىلا بىلدى. دەسلەپتە، دالويى تازا مەززە قىلىپ ئۇخلاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ھېچكىم كىرىپ ئويغىتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. لېكىن كۈن ئوبدانلا ئۆرلەپ كەتكەندە، ئۇنى ئويغاتمايمۇ بولمىدى. ئاخشام كېتەلمەي قونۇپ قالغان يۈزلۈك مېھمانلارنىڭ بەزىلىرىنى قائىدە بويىچە شىسەن دالويىنىڭ ئۆزى ئۇزىتىپ قويۇشى لازىم ئىدى. دالويى چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى دالويىنىڭ ئابرۇيلۇق خوتۇنى لىن



تەتەي ئۇزاتتى. خۇشلىنىشىۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرى مەنىلىك ھىجىيىپ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق. دالويى بۈگۈن ئوبدانراق ئۇخلىۋالسۇن! — دېيىشتى. بەزىلىرى:

— تەتەي! كىرىپ ئاجرىتىپ قويمىسىڭىز، دالويى ياش خوتۇنغا چاپلىشىپ قالمىسۇن، يەنە، ھا!... ھا!... ھا!...، — دەپ ئوچۇق زاڭلىق قىلىشتى.

بۇ گەپلەر لىن تەتەينىڭ سەپراسىنى ئۆرلەتتى. ئۇ: «ئوھۇش، بۇ قېرى يۈزىنى داپتەك قىلىپ نېمانچە چىقالمايدۇ؟!» دېدى - دە، بېرىپ ئىشىكنى قاقتى. ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە بولمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئاچچىق بىلەن ئىشىكنى بىر ئىتتەرگەنىدى، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. لىن تەتەي مىلەڭزىنى قايرىپ ئۆيگە كىرىپلا دەھشەتلىك چىرقىرىۋەتتى. شىسەن مازا چىمىلدىقنىڭ يېنىدا قانغا چىلىشىپ ياتاتتى.

بۇ خەۋەر جياڭجۈن مەھكىمىسىدىكىلەرنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. شىسەن دالويىنىڭ ئەمەلدارلىق دەرىجىسىنى ھېسابقا ئالغاندا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى بېيجىڭدىكى خانلىق مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىش لازىم ئىدى. ئىلى جياڭجۈنى نوزۇگۇمنى تىرىك تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تۆت ئەتراپقا چېرىك چىقاردى.

نوزۇگۇمنى ئىزدەپ چىققان چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە، بېلىقچى بوۋاي نوزۇگۇمنى ئۆزىنىڭ كونا قولۋىقى بىلەن ئاللىقاچان يولغا سېلىۋەتكەنىدى. بوۋايدىن نوزۇگۇمنى سوراپ ئۇچۇرىنى ئالالمىغان چېرىكلەر ئۇنىڭ يېكەنلەر بىلەن يېپىلغان كەپىسىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىتتىك كېتىپ بارغان قولۋاقنى چېرىكلەر كەچكە يېقىن بايقاپ قالدى. ئەللىككە يېقىن ئاتلىق چېرىك ئات سالدۇرۇپ قوغلاپ كەلگەندە، نوزۇگۇم دەريا بويىدىكى قېلىن قومۇشلۇققا مۆكۈنۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. چېرىكلەر باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان بۇ قەدىمكى قومۇشلۇقنى قانچە قىدىرىپمۇ نوزۇگۇمنى تاپالمىدى. كۈن ئولتۇرۇپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. چېرىكلەر نوزۇگۇمنى قومۇشلۇق ئىچىدىن چىقىرىش ئۈچۈن قومۇشقا ئوت قويۇۋەتتى. ئوت بىردەمدىلا ئۆلگىيىپ گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. قىپقىزىل يالقۇن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى. دەريانىڭ سۈيى قىزىل قاندەك تاۋلىناتتى. قىرغاقتا توپلانغان چېرىكلەر ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ، قالايمىقان چۇقان سېلىشاتتى...

نوزۇگۇم تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قومۇشلۇقتىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقىپ، يەنە تۆۋەنگە يول سالدى. ئۇ دولقۇنلارغا ئۇرۇلۇپ تولۇق بىر كېچە ئاقتى. يەنە بىر يېڭى تاڭ ئاتتى. نوزۇگۇم قوغلاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىغا كۆز يەتكۈزگەندىن كېيىن، قولۋاقنى قىرغاققا تارتتى. دەريا بويىدىن باشلانغان يانتۇلۇق يۇقىرىلاپ بېرىپ يىراقتىكى قارىغايلىق تاغقا ئۇلىشاتتى. قارىغايلىق تاغ چوققىلىرى كۆكۈچ رەڭ ئالغان بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. نوزۇگۇم قىرغاققا چىقىپ يۈز - كۆزىنى يۇيدى. ئۇ ئەپلىك بىر جاينى تېپىپ، ئازراق سۇ قاينىتىپ ئىچىپ، ئىسسىنىشنى ئىزدەيتتى. نوزۇگۇم قولۋاقتىن بېلىقچى بوۋاي بەرگەن مىس كورا بىلەن بىرنەچچە پارچە قاتتىق ناننى ئالدى - دە، كورىغا سۇ ئېلىپ، يۇقىرىلاپ مېڭىپ كەتتى.



نوزۇگۇم قارىغايلىق تاغ ئىچىگە كىرىپ، ئۆزىگە پاناھلىق جاي ئىزدىدى. قېلىن قارىغايلىق ئىچى تېخى قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى. دىماغقا چىرىگەن، نەمخۇش تۇپراقنىڭ ھىدى ئۇرۇلاتتى. قۇرۇپ يىقىلىپ بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن قەدىمكى ياغاچلار يولنى توسۇپ تۇراتتى. تىنچ ياتقان ساي - جىرالار، سىرغىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى كىشىگە تولىمۇ سىرلىق سېزىملەرنى بېغىشلايتتى. نوزۇگۇم يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىدا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان تۆشۈكنى كۆردى. ئۇ، سىلىق تاشلار ئۈستىدىن ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆتۈپ ھېلىقى كامار ئىچىگە كىردى①. بۇ، ئىچى خېلىلا كەڭ قاراڭغۇ غار ئىدى. ھەر ھالدا، كۈندۈزلىرى ئادەم كۆزىدىن، كېچىلىرى بوران - چاپقۇندىن دالدا بولغۇدەك يەر تاپتىم دەپ خۇشال بولدى نوزۇگۇم.

نوزۇگۇم ئەتراپتىكى قۇرۇق ئوتۇنلارنى يىغىپ، غار ئاغزىدىكى قورام تاشنىڭ ئالدىغا گۈلخان يېقىپ، مىس كورىنى قويدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئۇخلىمىغان ۋە ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىغانىدى. لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ تەپتى قىزنىڭ بەدىنىگە راھەت بېغىشلىدى... مۈشۈندىداق چاغدا بىرەر تونۇش ئۇچرىسا - ھە! ئاغرىقچان ئاتىسى ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ باقەم قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇ چۆل يوللىرىدا قالغانمىدۇ ياكى ناتونۇش يۇرتقا يېتىپ كېلەلىگەنمىدۇ؟... نوزۇگۇم ئۆزىگە قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم قىلغان «دۈشمەن» ئۇيقۇ بولدى. ئۇ، قورام تاشقا

① شوڭقار تېغىنىڭ ھازىرقى قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە بىر غار بولۇپ، ئۇنى ھازىرمۇ كىشىلەر «نوزۇگۇم غارى» دەيدىكەن.

يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، خىيال بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى...

تاغ ئىچىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن چېرىكلەر قارىغايلىق ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسنى كۆرگەندە، بۇ يەردە بىرەر مالچىنىڭ قارا ئۆيى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، گۆش، قىمىز تەمە قىلىپ ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى ئىس چىقىۋاتقان تەرەپكە بۇرىدى.

نوزۇگۇم ئات تۇياقلىرىنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن ئەندىكىپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا، يىگىرمىگە يېقىن ئاتلىق چېرىك ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ چىقىپ بولغانىدى. نوزۇگۇم بىرىنچى بولۇپ كەلگەن چېرىككە قايناۋاتقان مىس كورىنى ئېلىپ ئاتتى ــ دە، توشقاندەك بىر ئىرغىپلا غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

چېرىكلەر ۋارقىرىشىپ ئارقا ــ ئارقىدىن ئاتتىن چۈشتى. بۇ غارنىڭ ئاغزى تار ئىدى، نوزۇگۇم غار ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزى يېنىدا تاشقا چاپلىشىپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ قولىدا يەنە قارا ساپلىق «ئاتا خەنجىرى» پارقىراپ تۇراتتى. ئېڭىشىپ كىرگەن بىرىنچى دۈشمەن نەق غولىدىن خەنجەر يېدى، چېرىكنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن قىلىچ تاشقا ئۇرۇلۇپ جاراڭلاپ كەتتى. نوزۇگۇم چېرىكنىڭ بەدىنىگە چوڭقۇر پاتقان خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمىدى. بۇ سېمىز چېرىك ئۆزىنىڭ ئېغىر گەۋدىسى بىلەن خەنجەرنى بىللە ئېلىپ يىقىلدى ۋە دەرمانسىز قوللىرىنى سوزۇپ نوزۇگۇمنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى، نوزۇگۇم يەرگە چۈشكەن قىلىچنى سىيپاشتۇرۇپ دەرھال تاپتى ــ دە، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، چېرىكنىڭ



كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكىگە يېپىشقان قوللىرىنى بىر ئۇرۇپ ئۈزۈپ تاشلىدى.

ئۆلگەن چېرىكنىڭ ئىككى پۇتى تېخى غارنىڭ سىرتىدا تۇراتتى. قالغان چېرىكلەر ئۇنى پۇتىدىن تارتىپ سىرتقا چىقىرىۋالدى. بۇ چېرىكنىڭ بىر قولى بىلەن بېشىنىڭ يېرىم قىسمى غار ئىچىدە ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. دۈمبىسىدە سېپىغىچە پېتىپ كەتكەن خەنجەر تۇراتتى. بۇ دەھشەتلىك ھالەتنى كۆرۈپ، ھېچكىم غار ئىچىگە قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چېرىكلەر باشلىقى چېرىكلەرگە ۋارقىرىسا، چېرىكلەر بىر ــ بىرىنى ئالدىغا ئىتتىرەتتى. چېرىكلەر باشلىقى قانچە زورلاپمۇ ئۆز ئادەملىرىنى غارنىڭ ئېغىزىغا ئاپىرالمىدى. ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ تۇرغان بۇ غار ھەممىنىڭ كۆزىگە ئەجەل ئېغىزى بولۇپ كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا، غارنىڭ ئىچىگە كىرىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئالدىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ بېقىش ئۈچۈنمۇ چوڭ قەھرىمانلىق كېرەك ئىدى.

نوزۇگۇمنىڭ قورشىۋېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر جياڭجۈن مەھكىمىسىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن، جياڭجۈن يەنە ئىككى يۈزچە چېرىكنى تاغقا چىقىشقا بۇيرۇدى. چۈشكە يېقىن تاغ ئىچىنى ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ ۋاراڭ ــ چۇرۇڭى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى قاپلىدى. ئۈركۈگەن تاغ قۇشلىرى ئېگىز ئۆرلەپ، بۇ تىنچ ماكاندا پەيدا بولۇپ قالغان يېڭى «مېھمان»لار ئۈستىدە ھەيران بولۇپ ئەگىشەتتى.

نوزۇگۇمنى تىرىك تۇتۇش جېڭىگە قوماندانلىق قىلىدىغان لەشكەر باشلىقى ئاتتىن چۈشۈپ ھېلىقى دەھشەتلىك غارغا يىراقتىن ئېڭىشىپ قاراپ، ۋەزىيەتنى كۆزەتتى.

— ئۇنىڭ قولىدا قانداق قورال بار؟ — دەپ سورىدى ھەربىي ئەمەلدار.

— دۈشمەننىڭ خەنجىرى ئولجا ئېلىندى. قۇربان بولغان ئادىمىمىزنىڭ قىلىچى غارنىڭ ئىچىدە قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى لەشكەر باشلىقى.

— ھوي ئەقىلسىزلەر، بۇ كىچىككىنە تۆشۈكتىن بىر - بىرلەپ كىرىشىدىغان بولساڭ، ئۇ ھەممىڭنى قىرىپ تاشلىمامدۇ؟! ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى بۇزۇڭلار!

چېرىكلەر لوم تۆمۈرلەرنى تېپىپ كېلىشىپ غارنىڭ ئاغزىنى بۇزۇشقا باشلىدى. بىرەر سائەت ھەپىلەشكەندىن كېيىن، غار ئاغزى ئۆيدەك ئېچىلدى. غار ئىچىنى يورۇتۇش ئۈچۈن چېرىكلەر قارىغاي شاخلىرىنى قارىمايغا چىلاپ مەشئەللەرنى يېقىشتى. لەشكەر باشلىقى مەشئەل تۇتقان چېرىكلەرنى ئالدىغا، قالغانلارنى ئارقىغا تىزىپ، غار ئىچىدىكى «دۈشمەن»گە قارشى قىيقاس - چۇقان بىلەن ھەيۋەتلىك ھۇجۇم باشلىۋەتتى. بۇ يەردە خۇددى ئەرەبلەر ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغاندەك، چىڭگىزخاننىڭ ئادەملىرى سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتكەندەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش شەكىللەندى. بىر ئاجىز قىزغا قارشى ئىككى يۈزدىن ئوشۇق قوراللىق ئەسكەر سەپ تۈزۈپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان مۇنداق «ئاجايىپ» ئۇرۇش تارىختىمۇ كەم ئۇچرىسا كېرەك.

ھەر ھالدا ئۇلار «غەلىبە» قىلدى. چېرىكلەر غار ئىچىدىن نوزۇگۇمنى باغلاپ چىققاندا، يەنە بىرقانچە چېرىكنىڭ ئۆلۈكىمۇ بىللە چىقتى. نوزۇگۇم غار ئىچىدىكى ھەربىر ئەگىلىشلەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يىقىتقانىدى.



# ئون بىرىنچى باب

## مويتۇڭزىدا

ئىنىڭدەك بولسا خۇاتۇن سالىمى پاك،
بۇ مانجۇلار زۇلمى ئاڭا نېدۇر باك.
بۇنىڭدەك بولسا خۇاتۇنلارچە ئالىي،
تاپار جەننەت بۇزەنلەردە كامالى.
نوزۇگۇم روھىغا ھەق رەھمەت ئېيتسۇن،
شېھىت ئالىي مۇقامى ئۆزرە يەتسۇن.

— موللا بىلال «نوزۇگۇم»دىن

نوزۇگۇم كۇرەدىكى غەربىي يامۇلغا قامالغانىدى. خاننىڭ نوزۇگۇم توغرىسىدىكى بۇيرۇقى قىرىق نەچچە كۈندە ئاران يېتىپ كېلەلىدى. خانلىق مۆھۈر بېسىلغان بۇ ھۆكۈمنامىگە: «بۇ خەت كېچىدە يېتىپ بارسا، كۈندۈزگە قالدۇرۇلماي ئۆلتۈرۈلسۇن؛ كۈندۈزى يېتىپ بارسا كېچىگە قويماي ئۆلتۈرۈلسۇن!» دەپ يېزىلغانىدى.

جياڭجۈن مەھكىمىسى نوزۇگۇمنى غۇلجا شەھىرى يېنىدىكى مويتۇڭزىدا ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى شەھەرگە ئېسىپ، خەلققە ئىبرەت قىلىشنى جاكارلىدى.

مويتۇڭزا شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى دۆڭ ئۈستىدە ئىدى. بۇ كۈنى مويتۇڭزىغا بارىدىغان چوڭ يولدا ئادەملەر سەل بولۇپ ئاقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى كۈرسىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزگەن موزدۇزلار، شەھەرنىڭ ساتىراشلىرى، تۆمۈرچىلەر، قوللىرى سارغىيىپ

كەتكەن كۆنچىلەر ، ئەتراپتىكى سەھرالاردىن كىرگەن ئاق مالىخايلىق دېھقانلار ۋە باشقا ھەممە كەسىپتىكى ئادەملەر تېپىلاتتى .

نوزۇگۇمنىڭ پۇتىغا ئېغىر كىشەن ، بويىنىغا ياغاچ تاقاق سېلىنغان بولۇپ ، ئۇنى ئۇچ ئات قېتىلغان قەپەسلىك ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەكېلىشتى . چېرىكلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خالايىقنى رەھىمسىز قامچىلاپ ، ئىككى تەرەپكە سۇرۇپ يول ئاچاتتى . خەلق بۇ باتۇر قىزنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىش ئۇچۇن توپ ئىچىدىن باشلىرىنى سوزۇشاتتى ، ئۇنى خەيرخاھلىق تۇيغۇلىرىغا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىشاتتى . چىنىڭ ئەمەلدارلىرى نوزۇگۇمنىڭ پۇت - قوللىرىنى مەھكەم باغلىۋەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇپ قالالمىدى . قىز ئارزۇ - ئۈمىد ۋە قايغۇلىرىنى ناخشا بىلەن ئېيتىپ ، خەلققە ئۆز مۇڭىنى تۆكۈپ كېلەتتى :

مانجۇلارنىڭ ياڭزىسى ،
غۇلاچچە بار غاڭزىسى .
چاقاي دېسە چېقىلماس ،
قولۇمدىكى كويزىسى .

مويتۇڭزىدا چاپقاندا ،
مەن ئۇ يەردە ئۆلەرمەن .
موللىلارنىڭ سۆزىچە ،
ئالىي شېھىت بولۇرمەن .
......



ئادەملەر جىمجىتلىققا چۆكۈپ ، ئەگىشىپ ماڭاتتى . ناخشىنىڭ ھەر سۆزى ، ناخشا ئېيتىۋاتقان قىزنىڭ ھەربىر تىنىقى ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ، ھەممە بۇ ئېپپەتلىك قىزنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىشاتتى ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشاتتى .

دۆڭ ئۇستىدىكى كەڭ مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە ، چېرىكلەر دۇپدۇگىلەك دائىرە بولۇپ كىشىلەرنى توسۇدى . نوزۇگۇمنى بۇ دائىرە ئوتتۇرىسىغا ئەكىرىپ ، ھارۋىدىن چۇشۇردى ، جاللات باشلىقى ئۇنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغاندا ، قىز يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ ئولتۇردى . پۈتۈن مەيدان چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆكتى . شۇ تاپتا ھەممىنىڭ يۈرىكىنى غەزەپ ئۆرتەيتتى . ھەركىم بۇ يوقۇنۇپ ئولتۇرغان قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئىزدەيتتى . كىشىلەر ئۆز ئىچىدە : «بۇ خورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ چېكى بارمۇ ؟ !» دەپ مۇشتۇمىنى تۈگەتتى . لېكىن ، ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىدىكى بۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ گۇرۇلدەپ يانغان يالقۇنغا ئايلاندۇرىدىغان يولباشچى تېخى بۇ مەيداندا يوق ئىدى .

بىر جاللات نوزۇگۇمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، قىلىچىنى شارتىلدىتىپ بىلەشكە باشلىدى ، پۈتۈن مەيداننى ئۆلۈم ۋەھىمىسى باستى . لېكىن بۇ ئۆلۈمنىڭ نوزۇگۇم ئۇچۇن ھېچقانچە دەھشىتى يوق ئىدى . ئۇ ، تويلۇق چىمىلدىق ئىچىدە شىسەن مازىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىغان چېغىدىلا ئۆزىنى بۇ ئۆلۈمگە ئاتاپ قويغانىدى . شۇ مىنۇتلاردا ئۇ : مەن ئاتا ۋەسىيىتىنى ئورۇندىيالىدىممۇ ، يوق ؟ دېگەننى ئويلايتتى . ئۆزىنىڭ پاكلىقى ، زوراۋان كۇچلەرگە باش ئەگمىگىنىنى ئويلىغىنىدا ، ئۇ دۇنيادا

ھەرقانداق قېرىندىشىمغا يورۇق يۈزۈم بىلەن قارىيالايمەن، دەپ ھۇزۇرلىناتتى. نوزۇگۇم ئاپئاق بۇلۇتلار بىلەن بېزەلگەن كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇ چاغدا، ئارقىدىن جاللات باشلىقىنىڭ ئۆزى كېلىپ، قىزغا تۇيۇقسىز قىلىچ ئۇردى. نوزۇگۇمنىڭ بېشى مەيدانغا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى تۇپراق ئۈستىگە يېيىلدى. جاللات باشلىقى قان تېمىپ تۇرغان قىلىچىنى يالاپ، غىلىپىغا سالدى - دە، ئىرغاڭلاپ بېرىپ، قىزنىڭ كېسىلگەن بېشىنى ئېلىپ خالتىغا تاشلىدى.

نوزۇگۇمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئەتراپقا ئۇچقاندەك تارقالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كوزىچىنىڭ قولىدىن كوزىسى چۈشۈپ چېقىلدى، چاچ ئېلىۋاتقان ساتىراشنىڭ قوللىرى توختاپ قالدى، مومايلار كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، بوۋايلار قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى، تۆمۈرچى بولقىسىنىڭ سېپىغا ئېڭىكىنى تىرەپ خىيالغا پاتتى، ئارا تۇتقان دېھقان ئاق مالخىيىنى بېشىدىن ئېلىپ غەزەپتە مىجىپ تاشلىدى...

## ئون ئىككىنچى باب

## قىساس كېچىكمەيدۇ

پەلەككە تەڭرىدەك بولسام ھۆكۈمران،
پەلەكنى تامامەن قىلاتتىم گۇمران.
ياساتتىم يېڭىدىن شۇنداق بىر پەلەك،
يېتەتتى مەقسەتكە ياخشىلار شۇئان.
— ئۆمەر ھەييام



نوزۇگۇم مويتۇڭزىدا چېپىلغان كۈنى چۈشتىن كېيىن، «سېپىل ياقىسى»[1] يېنىدىكى چايخانا ئالدىغا بىر توپ ئاتلىقلار كېلىپ چۈشتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئۈستىبېشىنى باسقان قېلىن چاڭغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. بۇلار ھەسەن دەرۋىش بىلەن باقى باشلىغان يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار ئازادىرەك ئولتۇرۇپ چاي ئىچىش ئۈچۈن چايخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تاللىققا چىقىشتى. تالىلىققا بىرمۇنچە شەھەرنىڭ بىكارچى ئادەملىرى يىغىلغانىدى. سۇ بويىدىكى كىچىككىنە سۇپا ئۈستىدە بىر قېرى سازەندە ئولتۇرۇپ، ساتار بىلەن نەغمە قىلىۋاتاتتى. باقىنىڭ ئادەملىرى بۇ يەردە نوزۇگۇمنىڭ بۈگۈن چۈشتە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېچكىمنىڭ گېلىدىن بىر چىشلەم نەرسە ئۆتمىدى، ھەممىسىنى ئېغىر سۈكۈت باستى...

قېرى سازەندە مۇقام ئېيتماقتا ئىدى، ساتارنىڭ تارلىرىدىن چىقىۋاتقان نالە مۇقامچىنىڭ مىسكىن ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ ئاڭلىغۇچىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەتتى. كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىقنىڭ، باللىرى ئاچ - يالىڭاچ قالغان يوقسۇلنىڭ، جۇدۇنلۇق كۈنلەردە كەچ قالغان يولۇچىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى كېلىپ، كۆز ياش تۆكۈۋاتقان ئانىنىڭ پەريادى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. كۆزلىرى يۇمۇلغان مۇقامچىنىڭ ھەربىر تىنىقىدا مىڭ بىر ھەسرەت ئىپادىلىنىپ، مۇقامنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنى چىداملىق، سەۋرلىك بولۇشقا ئۈندەيتتى، ئېغىر كۈلپەتلەرگە تاقەت قىلىشقا چاقىراتتى. ئاڭلىغۇچىلارنى

① غۇلجا شەھىرىنىڭ «سېپىل ياقىسى» يېنىدىكى ھازىرقى «تېرەكمازار مەھەللىسى» ئورنىدا ئۆز ۋاقتىدا تەبىئىي تېرەكلىكلەر بولۇپ شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇ يەرگە ئارام ئالغىلى چىقاتتىكەن.

غېربىلىق بېسىپ ، ئۇلارنىڭ باشلىرى بارغانسېرى تۆۋەن چۈشمەكتە ئىدى .

مۇقام توختىشى بىلەن ، ھەسەن دەرۋىش ئورنىدىن دەس تۇردى - دە ، سورۇننى يېرىپ ئۆتۈپ ، مۇقامچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن ساتارنى ئالدى .

— بۇ نەرسە بۈگۈنگىچە بىزگە پەقەت تەسەللىلا بېرىپ كەلدى ، بىرەر قېتىممۇ كۆرەشكە چاقىرىپ باقمىدى !

دەرۋىش شۇنداق دېدى - دە ، قولىدىكى ساتارنى سېپىدىن تۇتۇپ ، يېنىدىكى تېرەك كۆتىكىگە بىر ئۇرۇپ پېقىش - پېقىش قىلىۋەتتى .

— خالايىق ! — دېپ ئورنىدىن تۇردى باقى ، — بىز نوزۇگۇمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەندۇق ، كېچىكىپتۇق ، ئەمما ، قىساس كېچىكمەيدۇ . بىز بىللە ئىنتىقام ئېلىشقا بارالايدىغانلار يۈرۈڭلار !

ئادەملەر «دۇررىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى . قېرى سازەندە خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى .

يىگىتلەر چايخانا ئالدىغا چىقىپ ئاتلىنىشتى - دە ، نوزۇگۇمنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ ، كۆرەڭگە قايتقان جاللاتلارنىڭ ئارقىسىدىن شىددەت بىلەن ئات سالدى .

× ×

كۆرەڭگە قايتقان چېرىكلەر باياندىي سېپىلىغا يېتىپ كېلىپ ، قەلئە ئىچىدە مېھمان بولدى . ئۇلار ھاراق - شارابقا يېتەرلىك



تويغاندىن كېيىن ، جياڭجۈنگە ھۆكۈمنىڭ ئىجرا بولغانلىق خەۋىرىنى بۈگۈندىن قالدۇرماي يەتكۈزۈش ئۈچۈن ، يەنە كېچىلەپ يولغا چىقتى .

مەست چېرىكلەر ئات ئۈستىدە ئىرغاڭلاپ كېتىپ بېرىشاتتى . قايسىبىرلىرى مۈگدەيتتى . جاللات باشلىقىنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ كېتىپ باراتتى . ئۇلار باياندىي بىلەن كۈرە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چىغلىق دالا يولىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەندە ، باقەمنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يىگىتلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى . بۇ ئىش شۇنچىلىك تۇيۇقسىز يۈز بەردىكى ، چېرىكلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ ، ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغۇچە تامامەن قىرىلىپ بولدى··· بىرقانچە مىنۇتقا بارمىغان بۇ ئويۇر - توپۇرچىلىك جىمىپ ، ئىگىسىز قالغان ئاتلار ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەندە ، باقەم ئېتىدىن چۈشۈپ ، چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكىنى ئارىلىدى . ئاي نۇرى ھەر تەرەپكە قىيسايغان چىرايلارنى ، بېشى قاتلىشىپ يىقىلغان ئاتنىڭ ساغرىسىنى ، تېخى غىلىپىدىن چىقىشقا ئۈلگۈرمىگەن قىلىچلارنىڭ نەقىشلىك دەستىلىرىنى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى . باقەم جاللات باشلىقىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تاپتى - دە ، قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئاتقا غانجۇغىلىدى .

باقىنىڭ ئادەملىرى شۇ يەردىن قايتقىنىچە كېچىلەپ توپتوغرا شەھەرگە كىرىپ شەھەر يېنىدىكى دۆڭگە ئورنىتىلغان دارغا ئېسىپ قويۇلغان نوزۇگۇمنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈۋېلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاللات باشلىقىنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى .

تاڭ يورۇغاندا ، باقەم ئۆز يىگىتلىرى بىلەن قارىغايلىق تاغ باغرىدىكى كەڭ بىر چىمەنلىككە كېلىپ توختىدى . ئۇلار نوزۇگۇمنىڭ مۇبارەك بېشىنى دالا گۇللىرى بىلەن قاپلانغان مۇشۇ ئوچۇقچىلىققا دەپنە قىلماقچى بولۇشتى . باقەم ئۆز يارىنىڭ بېشىدىكى قان داغلىرىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇپ تازىلىغانىدى . قىزنىڭ چىرايى يەنىلا نۇرلىنىپ قاپقارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى . ئۇلار قەھرىماننىڭ بېشىنى كۆمۈپ ، قەبرە يېنىغا يوغان بىر تاشنى بەلگە قىلىپ قويۇشتى .

قەبرە يېنىدا تۇرغان ھەسەن دەرۋىشنىڭ كۆزلىرى يىراققا بېقىپ قىسىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى ياكى يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى .

— بۇ قىزىمنىڭ ھاياتى پۈتۈن بىر داستان . خەلقىمىز ئۆز قەھرىماننى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇنتۇمايدۇ ، — دېدى دەرۋىش ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ .

— خەير ، ساداقەتلىك يارىم ! — دېدى باقەم ۋە قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يېنىدىكى تاغ تېرىكىنىڭ ئېگىلىپ چۈشكەن چوڭ بىر شېخىنى بىر چېپىپ «شىرتتىدە» ئۈزۈۋەتتى ـ دە ، ئېتىغا ئىرغىپ مىندى .

بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىنىشتى .

— خوش ، ھەسەن تاغا ! ئەمدى قاياققا تارتىمىز ؟

— قولىمىزدىكى قىلىچنى مەھكەم تۇتايلى . «كىمكى قىلىچنىڭ دەستىسىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىسا ، ئۇ ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغىغا دۇچ كېلىدۇ . »[1] ئاتلارنىڭ بېشىنى تاغ تەرەپكە بۇراڭلار ، بۇ تاغلار ئىچىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى

[1] ۋ . گ . يان : «چىڭگىزخان» .



ئەزىمەتلەر گۈلخان يېقىپ تۇرۇپتۇ ، بىز ئۇلارنى تاپايلى . بۇ تېخى قىساس ئېلىشنىڭ باشلىنىشى ، — دېدى دەرۋىش .

## خاتىمە

ئېھتىمال ، كىتابخانلار ھەسەن دەرۋىش بىلەن باقەمنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ قانداق بولغىنىغا قىزىقسا كېرەك ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ھاياتى بىر كىتاب بولىدۇ . لېكىن ، مەن بۇ يەردە قىسقىچىلا سۆزلەپ ئۆتەي .

ھەسەن دەرۋىش ئۆزۈن تايىقىنى قولىغا تۇتۇپ ، سەپەر خالتىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ، كىشىلەر ئارىسىنى ئارىلاپ ، ئۇلارنى قوزغىلىشقا ، زالىملار تەختىنى گۇمران قىلىشقا چاقىرىپ ، يەنە بىرقانچە يىللاردىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى . باقەم بۇ ئاجايىپ ئادەمنى نوزۇگۇم قەبرىسىگە يانداشتۇرۇپ دەپنە قىلدى .

ئارىدىن يەنە ئوتتۇز يىلچە ئۆتتى . ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىلىدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى بۈيۈك قوزغىلاڭ پارتلىدى . كىشىلەرنىڭ ئىچىگە تىنىپ كەتكەن دەرد ـ ئەلىمى غەزەپ ـ نەپرەتكە ئايلىنىپ بىراقلا ئېتىلىپ چىقتى . دېھقان ئارىسىنى ، ياغاچچى پالتىسىنى ، تۆمۈرچى بازغىنىنى — ھەركىم قولىغا چىققان قورالنى ئېلىپ مەيدانغا يۈگۈردى ··· شۇ كۈنلەردە ، كىشىلەر بېشىغا يىرتىق كۆلاھ ، ئۇچىسىغا كونىراپ كەتكەن ئۇزۇن جەندە كىيگەن بىر كىشىنىڭ ئات ئۈستىدە باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈشتى . خۇددى ۋاپات بولغان ھەسەن دەرۋىش بۇ ئۇلۇغ

ئىشلاردىن تەسىرلىنىپ ، يەنە ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەلگەندەك ئىدى . قويۇق قارا ساقاللىق بۇ قورقۇمسىز كىشى ، ئەڭ خەتەرلىك جايلارغا ئۆزىنى ئۇراتتى . دۈشمەن لەشكەرلىرىنى رەھىمسىز قىلىچلايتتى . بۇ ئادەمنىڭ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرىكى ياش باقەم ئىكەنلىكى ھېچكىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلمەيتتى . باقەم بۇ جەڭ كۈنلىرىدە ، ھەسەن دەرۋىشنىڭ تەۋەررۈك كىيىملىرىنى كىيىپ ، ئاتلىنىپ چىققانىدى .

كۆرە يېنىدا بولغان بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن ، كىشىلەر بۇ ئادەمنى يىقىلغان ھالدا كۆرۈشتى . ئۇنىڭ ئەتراپى چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكى بىلەن تولغان بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ قانچىلىك قايىتماسلىق بىلەن مەردانە جەڭ قىلغانلىقىنىڭ نىشانى ئىدى . ئۇ قان ئىچىدە ياتقان ئېتىغا يۆلىنىپ قالغان بولۇپ ، قوللىرى قىلىچىنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتقىنىچە قېتىپ قالغانىدى . شۇ چاغدا ، بۇ يەرگە ئولاشقان ئادەملەر يېنىغا ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ توختاپ ، ئاتتىن چۈشتى . كىشىلەر توپى ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، ئاق مالىخاي كىيگەن ، بەستلىك بۇ ئادەمگە يول ئاچتى . بۇ كىشى ئاجايىپ سەركەردە سادىر پالۋان ئىدى . سادىر قەھرىماننىڭ جەستى يېنىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن ئېڭىشىپ ، ئۇنىڭ دۈشمەنگە قادالغان پېتى ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سىلاپ يۇمدۇردى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ، توپ ئىچىدە تۇرغان بىر يىگىتكە سۇندى :

— بۇنى تۇت ، يىگىت . قەھرىماننىڭ قىلىچى بىلەن دۈشمەننى ئاداققىچە سۇر !

كىشىلەر بۇ جەسەتنى ھۆرمەت بىلەن قولدىن ـ قولغا ئېلىپ



كۆتۈرۈپ كېتىشتى . بۇ شېھىتنى يەرلىككە قويىدىغان چاغدا ئۇنىڭ قوينىدىن بىر پارچە خەت چىقتى . خەتكە : «مۇبادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم ، جەسىتىمنى شىمالىي تاغ ئېتىكىدىكى بىر جۈپ قەبرە يېنىغا قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىنغانىدى .

كىتابخان ! سىز مەندىن : ئۇلارنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ بارمۇ ؟ دەپ سورارسىز . يىللارنىڭ شاماللىرى بۇ قەبرىلەرنىڭ توپىسىنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى . ئۇ يەردە ھازىرمۇ رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ . ئەمما ، بۇ ئۈچ كىشى تېخى ھايات . قەھرىمان تۇپراققا كۆمۈلمەيدۇ ، خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ !

1983 ـ يىل ، غۇلجا

**图书在版编目（CIP）数据**

十五的月亮：维吾尔文/买买提依明·吾守尔著 .-乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2009.12
(买买提依明·吾守尔作品集 . 第 1 辑)
ISBN 978-7-5371-8026-9

Ⅰ. 十… Ⅱ. 买… Ⅲ. 短篇小说-作品集-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ .1247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 221988 号

责任编辑：阿布里克木·艾山
卡丽拜努尔·卡德尔·阿尔斯朗
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿里甫·夏

买买提依明·吾守尔作品选（1）
**十五的月亮**(维吾尔文)
**买买提依明·吾守尔 著**

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号　邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　11.75 印张
2009 年 12 月第 1 版　　2015 年 4 月第 3 次印刷

ISBN978-7-5371-8026-9　　定价：30.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换